ئابدۇۋەلى ئايۇپ

# تۈركىيەدە خىتاي ئىشتىياقى



ئۇيغۇريار فوندى

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com
ئابدۇۋەلى ئايۇپ يازمىلىرى 3 - قىسىم

ئابدۇۋەلى ئايۇپ

# تۈركىيەدە خىتاي ئىشتىياقى

ئۇيغۇرىيار يۇرۇشلۇك كىتاپلىرى 4

ئاپتورى: ئابدۇۋەلى ئايۇپ
تەھرىرى: سابىرجان كۆكتۇغ
بەتچىك: ئا. بۇلاق

# تۈركىيەدە خىتاي ئىشتىياقى

ئۇيغۇرىيار يۈرۈشلۈك كىتاپلىرى 4

ئابدۇۋەلى ئايۇپ يازمىلىرى 3 - قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

بۇزۇلغان ۋاقتى-سائەت (ۋاقتى - سائىتى) ........................ 5
تارىمدىن ئانادولۇغىچە «ياق-ياق» ........................ 10
تۇغقانلىقنىڭ تەمى ........................ 18
تۈركلۈك سەۋداسى ........................ 22
تۈركىيەدە پۇقرالىق ۋە پاناھلىق ........................ 26
تۈركىيەدە خىتاي ئىشتىياقى ........................ 32
تۈركىيەدە ئۇيغۇرلاشماق ........................ 38
تۈركىيەدە يۈزىمىز ........................ 43
تېپىلماسنىڭ خورمىسى ........................ 48
تەبلىغ قىلامدۇق، تەدبىرمۇ ........................ 53
خىتايچە تەسەۋۋۇردا ئۇيغۇر ........................ 59
دۇئا قىلامدۇق، داۋامۇ ........................ 65
رامىزاننىڭ تۈنجى ئەتىگىنى ........................ 68
زالىملىق مىللەتنىمۇ تۈزۈمدىنمۇ ........................ 71
شەخسنىڭ ئىشى ۋە مىللەتنىڭ يېشى ........................ 78
قاچان مۇسۇلمان بولدۇق ........................ 82
«قۇرئان»دىمۇ، «دىۋان» دىمۇ ........................ 88
كاساپەتلىك ئىلىم ........................ 92
مەيدانغا چىققان مەردانىلار ........................ 96
كەشمىردىكى ئۇيغۇرنىڭ ئىزى ........................ 99
كەلگۈندى سۆزلەر ۋە ئۆزلۈكىمىز ........................ 102
مائارىپتىكى يۈك ۋە يۈكلەمچى ........................ 105
مۇساپىر ئەدەبىيات ........................ 109
ھامال قىزىم ........................ 113
ھەر قاچان ئۇيغان ........................ 117

يادىمىزغا يۈكلەنگەن سالتاڭ شۇئارلار ........ 120
ئانىلارغا بايرام شۇ كۈنى ........ 124
ياۋا كەپتەرنىڭ ئۆلۈمى ........ 129
ئۆلار بىزدىن قورقىدۇ ........ 133
ئۇيغۇر سادام ........ 138
ئۇيغۇر كۈۋرۈكمۇ، يەمچۈكمۇ ........ 142
ئۇيغۇرچىدا مۇرەب ۋە مەزلۇم ........ 146
ئۇيغۇرچە باھالاردا ئىلھام توختى ........ 150
ئۇيغۇردا دانىشمەنلىك ۋە ھەزىلكەشلىك ........ 153
«ئۇيغۇرغا تۇققان بولالمايدىكەنمەن» ........ 158
ئېگىمىزدا سۆز ئىستىلاسى ........ 161
ئىستانبۇل موللا قىلىدۇ ........ 164
ئىككى يۈزلىمىچىلىك ۋە ئاپتونومىيە ........ 168
ئىككىنچى ئىلھام توختى نەدە ........ 173
ئىلھام توختىنىڭ «جەۋھەر» ى ........ 176
ئەرنىڭ ئىپپىتى ........ 180
ئەڭ خەتەرلىك ئىستىلا ........ 184
ئەلھەمدۇلىللاھ تۈرك مەن ........ 187

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

## بۇزۇلغان ۋاقتى-سائەت (ۋاقتى - سائىتى)

ئۇيغۇردا «ۋاقتى- سائەت» دېگەن بىر ئۇقۇم بار. بىزدە «بولىدۇ» دېيىلگەن بىر ئىشنىڭ بولمىغانلىقى ھەمىشە ۋاقتى-سائىتىنىڭ كەلمىگەنلىكىگە باغلىنىدۇ. «سەن ئالدىرىغان بىلەن ۋاقتى - سائىتى كەلمىسە بىكار» دەيتتى رەھمەتلىك ئانام قىزىمنىڭ ئايىغى چىقمىغاندا، راست دېگەندەك قىزىم بىر ياشقا كىرىپ، بىر قانچە كۈندىلا مېڭىپ كەتتى. قىزىمنىڭ تىلى چىقماي ئالدىراپ كەتسەممۇ، بىر يېرىم ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ۋىچىرلاپ سايراپ كەتمىدى.

رەھمەتلىك تولا دەيدىغان ۋاقتى-سائەت دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى ئامېرىكىغا بېرىپ تىلشۇناسلىق ئوقۇغاندا بىلدىم. ئادەم مېڭىسىدە ئاشۇنداق ئالللاقاچان توغرىلانغان ۋاقتى- سائەت بار ئىكەن. بالىنىڭ قاچان تىلى چىقىدۇ، قاچانغىچە چىقىدۇ، دېگەنلەر ئالللاقاچان بېكىتىلىپ بولغان ئىكەن. ئادەمنىڭ تىلى قانچە ياشتا، كۆزى قانچە ياشتا تولۇق يېتىلىدۇ، قانچە ياشتا ئەينەككە قارايدۇ، بالاغەتكە يېتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئالدىن بېكىتىلگەن بىر ۋاقىت-سائەت بار ئىكەن.

ئىنسانىنىڭ بىئولوگىيەلىك سائىتى توغرىلانغان بولۇپ، بۇ ۋاقتى - سائىتى ئۆتۈپ كەتسە، ئىنسانىنىڭ شۇ مەزگىلدە يېتىلىدىغان ئىقتىدارى قايتا يېتىلمەيدىكەن. مەسىلەن، باللار ئۈچ ياشقا كىرگۈچە ھەممە نەرسىنى پەقەت ئۆزىنىڭلا دەپ قارايدىكەن، ئالتە ياشقىچە كۆرۈشتىن مەھرۇم قالغان باللار ئەما بولۇپ قالىدىكەن. تۇغۇلۇپ ئون ياشقىچە سۆزلەشتىن مەھرۇم قالغان باللارنىڭ بىر ئۆمۈر تىلى چىقمايدىكەن. چۈنكى باللاردا ئۈچ ياشقىچە ئورتاقلىشىش دېگەن ئاڭ يېتىلمەيدىكەن، ئادەمنىڭ كۆزى ئالتە ياشقىچە يېتىلىش باسقۇچىدا بولىدىكەن. بالا ئەينەكتىكى ئەكسىگە قاراپ ئۆزىنى تونۇشنى 15 - ئايدىن 21 -ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا بىلىدىكەن. بوۋاق سەككىز ئايدىن كېيىن تاۋۇش چىقىرىشنى باشلاپ، بىر يېرىم

ياشقچە ئاددى سۆز ۋە قىسقا جۈملە سۆزلەشكە باشلايدىكەن. بالىنىڭ ئانا تىل ئۆگىنىشتە ھالقىلىق مەزگىل تۇغۇلۇپ ئون ياشقىچە بولۇپ، بالىلار 13 ياشتىن كېيىن ئۆگەنگەن تىلنى ئانا تىلىدەك راۋان، تولۇق ۋە مۇكەممەل ئۆگىنەلمەيدىكەن.

قەشقەردە مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان يىللاردا ئىككى باي ئاغىنەم كىچىكىدىن قارىيلىقتا تۇرۇپ مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بەش - ئالتە بالىنى يۇقىرى ھەق بىلەن ئوقۇشقا بەردى. بۇ بالىلارنىڭ بەزىسى قۇرئاننى يادىلاپ بولغان، بەزىسى ئون نەچچە پارە يادا ئالغان ئىدى. ھۆكۈمەتتىن بەك قاتتىق تەكشۈرۈپ كەتكەچكە، بۇ بالىلار دەرس تولۇقلاش ۋە تىل ئۆگىتىش ئۈچۈن بىزگە تاپشۇرۇلغان ئىدى. مەن بىر يىل ئۇلارغا ئىنگلىزچە ۋە ئانا تىل ئۆگەتتىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەر يىل مەكتەپكە بارغان، كىتاب ئوقۇشقا ئامراق بىر قىز ئازراق ئۆگەنگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلار تىل ئۆگىنەلمىدى. ھەتتا بىر ئوغۇل بىلەن بىر قىزنىڭ نە ئۇيغۇرچە، نە ئىنگلىزچە بولسۇن، بىر ئابزاس خەتنىمۇ توغرا يازغىنىنى كۆرەلمىدىم.

مەن ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئىنسان ھاياتىدا ۋاقتى – سائەت، يەنى ھالقىلىق مەزگىل دېگەن ئۇقۇمنىڭ بارلىقىنى، بۇ بالىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئوقۇشتىكى ھالقىلىق مەزگىلنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇلارغا بالىلار ساۋات چىقىرىدىغان، سان مىقدار مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشىنىدىغان، كونكرېت شەيئىلەردىن ئابستراكت فورمۇلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، تىل ئۆگىنىدىغان ھالقىلىق مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپ قويغاچقا، كىچىكى 13تىن چوڭى 17 ياشقىچە بولغان بۇ بالىلارغا شۇ ياشتىكى بالىلارغا مەكتەپتە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى ۋە ئانا تىلنى تولۇقلاپ ئۆگىتىشنىڭ ئاساسەن تەسكە توختايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم.

تىل ئۆگىنىشتىكى ۋە مەكتەپتە ئوقۇشتىكى ھالقىلىق مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپ قويغان بۇ بالىلارغا ئادەم بەدىنىدىكى سىرلار، پەن-تېخنىكا كەشپىياتلىرى، مەن ۋە تارىخىم، جاھاندىكى يېڭىلىقلاردېگەن دەرسلەر ھېكايە شەكلىدە ئۆتۈلۈپ، ئۇلارغا مەخسۇس «ئىستىقباللىق ھايات» دەپ بىر كىتاب تۈزۈلگەن ئىدى.

تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن بىر مەدرىستە يېرىم يىل ئىشلىدىم. بۇ جەرياندا ھالىلىق مەزگىلنى ئۆتكۈزىۋەتكەن بالىلار بىلەن ۋاقتىدا مەكتەپكە كىرىپ

دەرسلەرنى ۋە قۇرئاننىمۇ تەڭ ئۆگىنىپ ماڭغان بالىلارغا دەرس ئۆتۈش پۇرسىتىم بولدى. كىچىكىدىن پەقەت قۇرئانلا يادلاپ مەكتەپكە كىرمىگەن بالىلار تۈركچە دەرستە، مېنىڭ يېزىقچىلىق دەرسىمدە بەك قىينالدى. قۇرئان يادلاش بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدە ئېنگىلىزچە كۇرۇسقا قاتناشقان بالىلارنىڭ ئىلگىرلىشى يەنە تېزى بولدى. ھەممىسى ھاپىزلىقنى تۈگىتىپ دىنىي ئىلىملەرنى مەخسۇس ئۆگىنىشكە چۈشكەن بۇ بالىلارنىڭ ئۇتۇق ۋە ئۇتتۇرۇقلىرىنى مىسال قىلىپ پۈتۈنلەي قۇرئان يادلاشقا مەشغۇل بولىدىغان بالىلارنى مەكتەپتە ھەم ئوقۇتۇشقا تەشەببۇسكار بولدۇم. بىئولوگىيەلىك ۋاقتى سائىتىنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپ مەغلۇپ بولغان ئوقۇغۇچىلارنى پاكىت قىلىپ مەكتەپتىمۇ، مەدرىستىمۇ تەڭ ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلدىم. ئەمما سۆزلىرىم نە ئۇستازلار ۋە نە ئاتا ئانىلارغا ماقۇل كەلمىدى.

بىئولوگىيەلىك ۋاقتى سائىتى ئۆتۈپ كەتكەن بالىلارنى ئوقۇتۇپ بەلگىلىك تەجرىبىلەرنى باشتىن كەچۈرگىنىم ئۈچۈن قەيسەردە، كونيادا ۋە ئىستانبۇلدا ھەر قېتىم مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بالىلارنىڭ ئوقۇشتىن ئايرىلىپ مەخسۇس قۇرئان يادلايدىغان مەدرىسلەرگە بەنت قىلىنغانلىقىنى كۆرسەم ئېچىنىمەن. چۈنكى ئىنسان ھاياتىدا دىن ئۆگىنىش، قۇرئان يادلاشنىڭ ھالقىلىق مەزگىلى يوق. قاچان يادلىسا، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىسىلا، يادلاش مۇمكىن. ئەمما تىل ئۆگىنىشنىڭ، ساۋات چىقىرىشنىڭ، شەيئىلەرنى كۆزىتىش-بايان قىلىشنىڭ، سان-مىقدار مۇناسىۋەتلىرىنى، سەۋەپ-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى، سان-سۈپەت ئۆزگىرىشلىرىنى تەھلىل قىلىپ، خۇلاسە چىقىرىشنىڭ ھالقىلىق مەزگىلى بار. شۇ مەزگىلدىن ئۆتۈپ كەتسە، تولۇقلاش بەسى مۈشكۈل. بۇرۇن كۆپ بالىلارنىڭ ھالقىلىق مەزگىلى ۋەتەندە قۇرئان يادلاپ مەكتەپكە بارماي ئۆتۈپ كەتكەن، ھازىر چەتئەللەردىمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ «يېتىم» بالىلار شۇ كۈندە ياشاۋاتىدۇ.

تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بەزى ئەللەردە بەزى بالىلار ھالقىلىق مەزگىلىنى كەتكۈزۈپ قويسا، بەزى ئەللەردە بارلىق بالىلار يېتىلىش مەزگىلىدىكى ھالقىلىق مەزگىلنى كەتكۈزۈپ قويىدىكەن. مەسىلەن، ئىنسان بالىسىنىڭ 13 يېشىدىن باشلاپ بالاغەتكە يېتىدىغانلىقى ۋاقتى - سائىتى مەسىلىسى. قىز-ئوغۇللار جىنسىي پەرقىنىڭ روشەن گەۋدىلىنىش مەسىلىسىگە ئىلىم نوقتىسىدىن

ئەمەس، ئەنئەنە رامكىسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدىغان جەمئىيەتلەردە بۇ ياشتىكى بالىلار بىر - بىرىدىن ئايرىپ ئوقۇتۇلىدۇ. بۇ ياشتىكى بالىلارغا تۈرلۈك ئەر- ئاياللىق ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلەر دىن، مىللىي ئەنئەنە ياكى ئۆرپ- ئادەت نوقتىسىدىن سىڭدۈرۈلىشكە باشلايدۇ. ئوغۇل-قىز بولۇش بىر جىسمانىي پەرق، بىر فىزولوگىيەلىك پەرق سۈپىتىدە ئىزاھلانماستىن، ئەرلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكى، ھۆكۈمرانلىقى بىر دىنى ھۆكۈم سۈپىتىدە تەكىتلىنىدۇ. بالىلارغا ئەر- ئاياللىق جەمئىيەتتە رۇئايە قىلىنىش كېرەك بولغان يۇقۇرى-تۆۋەنلىك، كۈچلۈك-ئاجىزلىق، باشقۇرۇش–باشقۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈلىدۇ. نەتىجىدە، بۇنداق جەمئىيەتتە بالىلار جىنسىي پەرقنى يۇقۇرى-تۆۋەن ئىجتىمائىي تەبىقە پەرقى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ.

مائارىپتا ئىلىمگە ئەمەس ئەنئەنىگە ئەمەل قىلىدىغان جەمئىيەتتە بالىلار بالاغەتكە يەتكەن مەزگىلدە قىز - ئوغۇل ساۋاقداش بولۇپ، بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ باقمىغانچقا، قارشى جىنىستىكىلەردە بولىدىغان جىسمانىي ۋە پىسخىك ئۆزگىرىشلەرنى تەبىئىيلىك سۈپىتىدە كۆرۈپ، قوبۇل قىلىپ كۆنمىگەن بولىدۇ. ئۇنداق بالىلار بالاغەتنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىنى قارشى جىنسقا ئائىت بىلىملەر ۋە ئەمەلىي كۆرۈنۈشلەرگە شاھىت بولۇپ ئەمەس مەجبۇرىي چەكلەر ئىچىدە، بولمىغۇر خىيالىي تۇيغۇلار ئىچىدە ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ۋاقتى – سائىتىدە بىلىشكە قادىر بولمىغان مۇناسىۋەت ئۇلارغا بىر ئۆمۈر سىرلىق تۇيۇلۇپ بىر بولسا مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ، يەنە بىر بولسا ئۆچمەنلىك قىلىپ دۇنيادىكى بارلىق يامانلىقلارغا يوتقاننىڭ ئىچىدىكى سىرلار، ئاياللار ۋە ئاياللىق ئالامەتلەر سەۋەب بولۇۋاتقاندەك ھىس قىلىدۇ. بۇنداق بالىلار بىر ئۆمۈر شۇ بالاغەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چالا قالغان جىنسىي تەسەۋۋۇرىغا ئەگىشىپ، ھالقىلىق مەزگىلدە قانمىغان تەشنالىقىغا بىر ئۆمۈر قانائەت تاپالماي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

تىل ئۆگىنىشنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىنى ئۆتكۈزۈپ قويغان، مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ ھالقىلىق ۋاقتىدىن قۇرۇق قالغان بالا مەكتەپتە ئۇتۇقلۇق ئوقۇغۇچى بولالمىغاندەك، بالاغەت يېشىدا ۋاقتى-سائىتىدە بولىدىغان جىسمانىي ۋە روھىي ئۆزگىرىشلەرنى توغرا چۈشەنمەي، قوبۇل قىلماي، ئورنىنى بولمىغۇر پائالىيەتلەر ۋەخىياللار بىلەن تولدۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باللارمۇ ئائىلىدە ئۆتۈقلۇق ئاتا-ئانا، جەمئىيەتتە ئۆتۈقلۇق ئىنسان بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ مېڭىسى ۋە بەدىنى بېكىتىلگەن سائەت بويىچە پائالىيەت قىلمىغان، نورمال باللارنىڭ ھاياتىنى باشتىن كەچۈرمىگەن. شۇڭا خۇددى بۇزۇلغان سائەت ۋاقتىنى توغرا كۆرسىتەلمىگەندەك، ۋاقتى-سائىتىگە رىئايە قىلىنىپ تەربىيىلەنمىگەن باللارمۇ نورمال ھاياتقا قەدەم قويالماي بىر ئۆمۈر زىيان تارتىدۇ، مۇۋاپىق ياشتا قاندۇرالمىغان ئىستەكلىرىنىڭ پېشىدە بىر ئۆمۈر تېيىلىپ يۈرىدۇ.

## تارىمدىن ئانادولۇغىچە «ياق-ياق»

تۈركىيەدە مەرھۇم ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر ئەسەرلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات كۆچەيگەنچە مەرھۇمنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تۈرك خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ئائىت مەزمۇنلار بايقالماقتا. بولۇپمۇ شېئىرلاردا ئەزەلدىن ئورتاق مەدەنىيەتنىڭ ھەقدارلىرى بولۇپ ياشاپ كەلگەن تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىياتىغا خاس ئورتاق ئامىللارنىڭ ئىپادىلىرى ئوتتۇرىغا چىقماقتا ۋە دىققەت تارتماقتا.

تەتقىقاتچى ئۆزگۈر ئاي ئەپەندى مەرھۇم ئەدىبنىڭ «ئىز» رومانى ئۈستىدە توختىلىپ، مەزكۇر رومانىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدىكى قاراشلارنىڭ تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ تەنزىمات دەۋرىگە مەنسۇپ رومانچىسى ئاھمەت مىتھاتنىڭ قاراشلىرىغا يېقىنلىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

تەتقىقاتچى رىدۋان ئۆزتۈرك شائىرنىڭ «ئۇچراشقاندا» دېگەن شېئىرىنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن 19 -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرزۇرۇمدا ياشىغان، خەلق ئارىسىدا ئەرزۇرۇملۇ ئەمراھ نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر شائىرنىڭ «ياق، ياق» رادىپلىق شېئىرىغا ئوخشىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

ئەمما غازى ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىل ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ھۈليا قاسساپ ئوغلى چەڭگەل خانىم ئۆتكۈرنىڭ ئەلىشىر نەۋايى ۋە تاتار شائىرى ئابدۇللاھ توقاينىڭ بەكرەك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر ۋە ئەرزۇرۇملۇ ئەمراھ ئۆز زامانىسىدىن بۇرۇنراق يېزىلغان ئورتاق بىر شېئىردىن ئىلھاملانغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. بۇ يەردە ئېنىقلاشقا تېگىشلىك بىر نوقتا، بۇ شائىرلار بىر بىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانمۇ ياكى ئورتاق بىر ئەنئەنىگە پەرقلىق شەكىللەردە ۋارىسلىق قىلغانمۇ دېگەندىن ئىبارەت.

ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنىڭ «دېدىم-دېدى» رادىپلىق شېئىرىغا ئوخشايدىغان شېئىرلارنى تەتقىقاتچىلار 16 -ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇغۇلغان، ھازىر رومۇنىيەگە تەۋە، ئەسلى ئوسمانلى دەۋلىتىگە مەنسۇپ بولغان تەمىشەۋاردا ياشىغان ئاشىق هاسان دېگەن شائىر ئەڭ دەسلەپ يازغان دەپ قارايدۇ.

ئاشىق ھاساننىڭ شېئىرلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەزمىلەرنى يازغانلاردىن تۈرك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئاشىق ئۆمەر، قۇل نەسىمى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئاشىق ھاسان بىلەن قۇل نەسىمى بەشكتاش (بىر خىل تەسەۋۋۇپ ئىددىيەسى) ئېقىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، بۇ ئىككى شائىرنىڭ بىر بىرىدىن تەسىر قوبۇل قىلىشىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس. ئۆتكۈردىن باشقا يۇقارقى ئۈچ شائىرنىڭ ئانادولۇدا مەدرىس مائارىپىدا يېتىشىپ چىققانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تەسىرلەشكەنلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. ئەمما ئۆتكۈرنىڭ قانداق بولۇپ بۇ شائىرلاردىن بىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئىنچىكىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ كۈنگىچە بىزدە بۇ شائىرلارنىڭ دىۋانلىرىنىڭ ياكى بىرەر پارچە ئەسىرىنىڭ تېپىلغانلىقىغا ئائىت مەلۇمات ئېلان قىلىنمىدى.

دوكتۇر مەھمەت ياردىمجى «تۈرك خەلق شېئىرلىرىدا دېدىم-دېدىلىك كوپلېتلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنىكى 17 -ئەسىرنىڭ ئەڭ ماھارەتلىك شائىرى ئاشىق ھاساننىڭ قەلىمىگە مەنسۇپتۇر.» دەپ يازىدۇ ۋە ئاشىق ئۆمەر، قۇل نەسىمى شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرىدا ئەرزۇرۇملۇ ئەمراھنىڭ «دېدىم-دېدى» شەكلىدىكى شېئىرلارنى يازغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. 1960 -يىللىرىدا تۈرك ناخشىچىلىرى ئەرزۇرۇملۇ ئەمراھنىڭ «دېدىكى يوق يوق» دېگەن شېئىرىغا ناخشا ئىشلەيدۇ. بۇ ناخشا كېيىن فرانسوزچە ئەلبۇملارغىمۇ كىرگۈزۈلىدۇ.

يەنە شۇ يىللاردا قۇل ئاھمەت ئىسىملىك بىر ناخشىچى «يوق، يوق(ياق ياق مەنىسىدە)» ئىسىملىك بىر ناخشا يازىدۇ ۋە تۈركىيەدە زور تەسىر قوزغايدۇ. دېمەك، تۈركىيە تۈركچىسىدە «يوق يوق» دېيىلىدىغان، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنىڭ «ياق، ياق» رادىپلىق «ئۇچراشقاندا» دېگەن شېئىرغا قوشماق كېلىدىغان شېئىرلار قارا قورۇمدىن قارادېڭىزغىچە يېقىنقى تارىختا ئۆزۈلمەي ياڭراپ تۇرغانلىقى ئېنىق.

تۈرك دۇنياسىدا تۆرت يۈز يىل بۇرۇن يېزىلىشقا باشلىغان «دېدىم-دېدى» رادىپلىق شېئىرنىڭ 1948 -يىلى ئۇيغۇرلاردا بارلىققا كېلىشى ۋە 2010 -يىلى تۈركىيەدە تۇيۇقسىز قايتا بايقىلىشى، ھەمدە بۇ قەدەر زىلزىلە قوزغىشى تۈرك مىللەر ئەنئەنىۋي ئەدەبىياتىدىكى ئورتاقلىقنى، تۈركى خەلقلەردىكى قېرىنداشلىق يىلتىزىنىڭ چوڭقۇر، بىخلىرىنىڭ كەڭرى يېيىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىش كېرەككى، تۈركىيەدىكى تەتقىقاتچىلار«دېدىم-دېدى» رادىپلىق شېرلار ھەققىدە توختالغاندا 17 -ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەدئەمىن غوجامقۇلى ھىرقەتنىڭ «دېدىم-دېدى» رادىپلىق ئەسىرىنىڭمۇ بارلىقىدىن بىخەۋەر قالغان. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا گۇمنام ۋە ھىرقەتى دېگەن قوش تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دېگەن لىرىك داستانىدا دەل يۇقاردا مۇلاھىزە قىلىنغان «دېدىم-دېدى» رادىپلىق شېرلار كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر 1948 -يىلى يازغان «ئۇچراشقاندا» دېگەن مەزكۇر شېئىرىغا «بىر شائىرغا تەقلىد» دەپ قىستۇرغان. بۇنىڭدىن بىز بۇ يەردە بىر تەقلىتنىڭ مەۋجۇدلىقىدىن شۈبھىلەنمەيمىز. ئەمدى ئابدۇررەھىم ئۆتكۈر زادى ئاشىق ھاساندىن ئىلھام ئالغانمۇ ياكى نەسىمىدىنمۇ، گۇمنامدىن تەسىرلەنگەنمۇ ياكى ئەمراھتىنمۇ دېگەن مەسىلىگە جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن، ئەمراھنىڭ شېرى بىلەن ئۆتكۈرنىڭ شېئىرنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

ئەرزۇرۇملۇ ئەمراھنىڭ «يوق، يوق» رادىپلىق شېئىرى

ساباھ ئۇغرادىم بەن بىر فىدانا.
دەدىم ماھمۇرمۇسۇن؟ دېدىكى يوق، يوق.
ئاق ئەللەرى بوغۇم بوغۇم قىنالى.
دەدىم بايرامىدىر؟ دەدىكى يوق يوق.
دەدىم، ئىنجى نەدىر؟ دەدى دىشىمدىر.
دەدىم قالەم نەدىر؟ دەدى قاشىمدىر.
دەدىم ئون بەش نەدىر؟ دەدى ياشىمدىر.
دەدىم داھا ۋارمى؟ دەدىكى يوق يوق.
دەدىم، ئۆلۈم ۋاردىر. دەدى ئايىنىمدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەدىم زۇلۇم ۋاردىر، دەدى بوينۇمدا.
دەدىم ئاق مەمەلەر، دەدى قوينۇمدا.
دەدىم ۋەر ئاغزىما، دەدىكى يوق يوق.
دەدىم ئەرزۇرۇم نەدىر؟ دەدى ئىلىمدىر.
دەدىم گىدەرمىسىن؟ دەدى يولۇمدۇر.
دەدىم ئەمراھ نەدىر، دەدى قۇلۇمدۇر.
دەدىم ساتارمىسىن، دەدىكى يوق يوق.

بۇ شېئىرنىڭ بىر خىل ۋارىيانتى، يەنە بىر ۋارىيانتى بولۇپ مىسرالىرىدىكى بىر قانچە سۆز پەرقلىنىدۇ.

ئەرزۇرۇملۇ ئەمراھ خەلق شائىرى بولغىنى، ئەسەرلىرى خەلق ئارىسىدا تارقالغانلىقى سەۋەبلىك ئەسەرنىڭ پەرقلىق ۋارىيانتلىرىنىڭ بولۇشى تەبئىي ئەۋەتتە. شۇڭا بىر پارچە شېئىرنىڭ سۆزلىرى پەرقلىق ھالدا كۆرۈلۈشى ئەقلگە ئۇيغۇن. بۇندىن باشقا نەسىمىنىڭ «يوق يوق» رادىپلىق شېئىرىمۇ بار بولۇپ ئەمراھنىڭ كۆرگىنىمىزدىكى شېئىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. ئەمدى ئۆتكۈرنىڭ قەلىمىدىكى «ياق ياق» رادىپلىق شېئىر بىلەن نەسىمىنىڭ ئوخشاش رادىپلىق شېئىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى. ئاۋۋال ئۆتكۈرنىڭ يازغىنىغا قارايلى:

سەھەر كۆرگەن چېغىم كۆزۈم سۇلتانىنى،
دېدىم سۇلتانمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق ياق.
كۆزلەرى يالقۇنلۇق، قوللىرى خېنەلىك،
دېدىم چولپانمۇسەن، ئۇ دېدى ياق ياق.
دېدىم ئىسمىڭ نېمە؟ دېدى ئايخاندۇر.
دېدىم يۇرتۇڭ قەيەر؟ دېدى تۇرپاندۇر.
دېدىم باشىڭدىكى، دېدى ھىجراندۇر.
دېدىم ھەيرانمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق ياق.
دېدىم ئايغا ئوخشار، دېدى يۈزۈممۇ،
دېدىم يۇلتۇز كەبى، دېدى كۆزۈممۇ.
دېدىم يالقۇن ساچار، دېدى سۆزۈممۇ،
دېدىم ۋولقانمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق ياق.
دېدىم قىياق نەدۇر، دېدى قاشىمدۇر.

دېدىم قۇندۇز نەدۇر؟ دېدى ساچىمدۇر.
دەدىم ئون بەش نەدۇر. دېدى ياشىمدۇر.
دېدىم جانانمۇسەن؟ ئو دېدى ياق ياق.
دېدىم دېڭىز نەدۇر؟ دېدى قەلبىمدۇر.
دېدىم رەنا نەدۇر؟ دېدى لېۋىمدۇر.
دېدىم شەكەر نەدۇر؟ دېدى تىلىمدۇر.
دېدىم بىر ئاغزىما، ئۇ دېدى ياق ياق.
دېدىم زەنجىر تۇرار، دېدى بوينۇمدا.
دېدىم ئۆلۈم باردۇر. دېدى يولۇمدا.
دېدىم بىلەزۈكچۇ؟ دېدى قولۇمدا،
دېدىم قۇرقارمۇسەن، ئۇ دېدى ياق، ياق.
دېدىم نىچۈن قورقماسسەن، دېدى تەڭرىم بار.
دېدىم يەنىچۇ، دېدى خەلقىم بار.
دېدىم يەنە يوقمۇ، دېدى روھىم بار.
دېدىم شۈكرانمۇسەن، ئۇ دېدى ياق ياق.
دېدىم ئىستەك نەدۇر، دېدى گۆلۈمدۇر.
دېدىم چېلىشماققا، دېدى يولۇمدۇر.
دېدىم ئۆتكۈر نىمەڭ؟ دېدى قۇلۇمدۇر.
دېدىم ساتارمۇسەن، ئۇ دېدى ياق ياق.

ئەمدى نەسىمگە كېلەيلى. نەسىمى تۈرك دۇنيا ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ مەشھۇر شائىر بولۇپ قول نەسىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ نامى فۇزۇلى، باقى، هاجى بەكتاش، يۇنۇس ئەمرەلەرگە ئوخشاش تۈرك ئەدەبىياتىدا مەشھۇر بولۇپ، ئىخلاسمەنلىرىنى سۆيۈندۈرۈپ كەلگەن نەزمىلىرى بىلەن مەشھۇردۇر. نەسىمى 17 - ئەسىردە ياشىغان بولۇپ شېئىرلىرى مەدرىس مائارىپىدا تەربىيەلەنگەن بىر ئەۋلاد شائىرلىغا تەسىر كۆرسەتكەن. تۈرك ئىمپىراتورى قانۇنى سۇلايماننىڭمۇ نەسىمنىڭ ئەسەرلىرىگە ئامراقلىقى مەلۇم. نەسىمىنىڭ «يوق يوق» رادىپلىق غەزىلى مۇنداق.

ئۈيقۇدان ئويانمىش، شاهىن باقىشلىم.
دەدىم، سەرخوشمۇسۇن؟ سۆيلەدى يوق يوق.
ئاق ئەللەرى، ئەلۋان قىنالى،
دېدىم بايرامىمدىر سۆيلەدى يوق، يوق.

www.uyghurkitap.com

دېدىم نە گۈلەرسىن دېدى نازىمدىر،
دېدىم قاشىڭمىدىر دېدى گۆزۈمدۇر.
دېدىم ئايمۇ دوغدو؟ دېدى يۈزۈمدۇر،
دېدىم ۋەر ئۆپەيىم، سۆيلەدى يوق، يوق.
دېدىم ئايدىڭلىق بار، دېدى ئايىنىمدا ،
دېدىم گۈناھىم چوق، دېدى گۆڭلۈمدە،
دېدىم مەھتاب نەدىر ؟ دېدى قوينۇمدا،
دېدىمكى گۈرەيىم سۆيلەدى يوق، يوق.
دېدىم ۋاتانىمى؟ دېدى ئېلىمدىر،
دېدىم بۇلبۇلمىدىر؟ دېدى گۈلۈمدۇر،
دېدىم نەسىمى شاھ دېدى قۇلۇمدۇر،
دېدىم ساتارمىسىن؟ سۆيلەدى يوق، يوق.

يۇقارقى ئۈچ شائىرنىڭ «يوق يوق» رادىپلىق شېئىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ھەقىقەتەن بىر ئورتاقلىقنىڭ بارلىقى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ.

ئالدى بىلەن "قوللىرى خېنىلىق (كىنالى، قىنالى)" بىر قىز كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇ قىزنىڭ ئون بەش ياشلىقى، ئايدەك يۈزى، قەلەم قېشى ۋە ساداقىتى ئوقۇرمەننى جەلپ قىلىدۇ. پەقەت ئۆتكۈرنىڭ شېئىرىدىكى قىزنىڭ يۇرتى تۇرپان، ئەمراھنىڭ قەلىمىدىكى قىزنىڭ يۇرتى ئەرزۇرۇم، نەسىمى بولسا شېئىرىدىكى لىۋەن قىزنى بىرەر يۇرتقا مەنسۇپ قىلمىغان. ئۆتكۈرنىڭ قەلىمىدىكى قىز نەسىمى ۋە ئەمراھنىڭ شېئىرىدىكى قىزغا ئوخشاشلا ساداقەتمەن، نومۇسچان، گۈزەل. ئەمما يەنىمۇ چوڭقۇرلايدىغان بولساق تۇرپانلىق ئايخان ئاناتولىيەلىك قىزلارغا قارىغاندا بەكرەك ئىسيانكار، بەكرەك باتۇر ۋە ئاجايىپ قەتئىي. سەھىپە جەھەتتىن ئالساق ئۆتكۈرنىڭ «يوق يوق» رادىپلىق شېئىرى سەل ئۇزۇن، ھىسسىيات بىر قەدەر مول، مەزمۇنلار چەكلەنمىگەن، تەسەۋۋۇر بەكرەك ھالقىتىلغان. خۇددى كىشىگە ئۆتكۈر تۈرك مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى «يوق يوق» رادىپلىق شېئىر ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگەندەك تۇيۇلىدۇ.

«يوق يوق ياكى ياق ياق» رادىپلىق نەزم شەكلى تارىم ۋادىسىدا بۇرۇن يېزىلغانمۇ ياكى ئاناتولىيەدىمۇ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر ئورتاق ئىلھام مەنبەسى

بارمۇ؟ بار بولسا نەدە؟ دېگەن مەسىلىلەر يەنىمۇ تەتقىقات قىلىشىمىزنى كۈتىدۇ.

ئاناتولىيە بىلەن تارىمنى، قارا دېڭىز بىلەن قارا قورۇمنى باغلىغان «يوق يوق» ساداسى ھازىر تۈركىيەدە بىر قىزغىنلىق ياراتتى. ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ مەزكۇر شېئىرىنى كۈيگە قاتقان ئابدۇرەھىم ھېيت نۆۋەتتە تۈركىيەدە ئەڭ تونۇلغان ھايات ئۇيغۇر بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ «ياق ياق» دېگەن ناخشىسى يۇتيۇب توردا بىر مىليون ئالتە يۈزمىڭ قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈلۈش رېكورتى يارىتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ توردا ئەڭ كۆپ ئاڭلانغان ناخشىسى بولۇپ قالدى.

2015 -يىلى 18 -دېكابىر ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر ۋاپاتىنىڭ 20 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئابدۇرەھىم ھېيتمۇ تەكلىپ قىلىندى. شۇ كۈنى ئاخشام ئۇيۇشتۇرۇلغان مەخسۇس كونسېرتتا ئابدۇرەھىم ھېيت ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ شېئىرلىرىغا بېغىشلاپ ئىجات قىلغان ناخشىلىرىنى ئوقۇپ بەردى.

ئۇ ئاخشام زال ئادەم بىلەن تولغان بولۇپ ئابدۇرەھىم ھېيتنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋىي كىيىملىرىنى كىيىپ ئوقۇۋاتقان ناخشىلىرىنى توختىماي ياڭرىتىلغان ئالقىشلار پات پات بېسىپ كېتەتتى. نۆۋەت «ئۇچراشقاندا» دېگەن ناخشىغا كەلگەندە زالنى قىقاس چۇقانلىق چاۋاك ساداسى قاپلىدى، ھۇليا خانىم ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ ئۇيغۇرچە «ئۇچراشقاندا» شېئىرىنى تۈرك تاماشابىنلارغا تەرجىمە قىلىپ بەرمەكچى بولۇپ «شۇنداق قىلىش زۆرۈرمۇ؟» دېگەندە زالدىن تۈركچە «يوق» ئەمەس ئۇيغۇرچە «ياق، ياق!» دېگەن ئورتاق سادا ياڭراپ ئۇيغۇرلارنى ھەيران قالدۇردى. ئابدۇرەھىم ھېيت ئۇيغۇر چە «ياق ياق» دېگەننى «يوق يوق» شەكلىدە ئىپادىلەيدىغان تۈرك ئىخلاسمەنلىرىگە ئۇيغۇرچە «ياق ياق» نى يېقىملىق ناخشىسى بىلەن ئۆگىتىپ بولغان ئىدى.

ئىلاۋە: «ئۇچراشقاندا» دېگەن شېئىرغا ئاھاڭ قوندۇرغان ئابدۇرېھىم ھېيت يەتتە يىللىق قاماقتا ھۆكۈم قىلىندى. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى بۇ پاجىئەدىن كېيىن، تېخى ئىككى يىل بۇرۇن ئۇنى تۈركىيەگە تەكلىپ قىلغان ھۇليا خانىم بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. بۇ ناخشىنى تۈركچە قايتائىپىتىپ داڭق چىقارغان

ئۇغـۇر ئىشـلىئاق دېگـەن مەشـھۇر ناخشـچى ئابدۇرېھـم ھېيت ھەققـدە بىـر ھەرپمۇ يېزىـپ قويمىـدى. ئۇنىڭغا مىللـەت ۋەكىلى سۈپىتىدە بىـرەر بايانات بېرىـش ھەققـدە سۇنۇلغان تەكلىپلەرمۇ جاۋاپسىـز قالـدى. "ئەجبا، ناخشا ئېيتقانـدا دوسـت ئىـدۇق، ھـازا تۇتقانـدا ئايرىلدۇقمـۇ؟" دېگـۈسى كېلىـدۇ ئۇيغۇرنىـڭ.

## تۆگۈگانلىقنىڭ تەمى

ئىستانبۇلنىڭ ئاۋات بىر كوچىسىغا يېڭىدىن ئۇيغۇر ئاشخانىسى ئېچىلغانلىقنى ئاڭلاپ باردىم. «دوپپا» دېگەن ئىسىم ماڭا ياردى. مۇلازىم قىزدىن تىزىملىكنى ئېلىپ قارىسام، پەقەت ئۇيغۇرچە تاماق يوق.« ئۇيغۇرچە تاماق يوقكەنغۇ؟» دېسەم، «بىر قانچە كۈن ئىچىدە مالافىن، مالاچۆر چىقىرايلى دەۋاتىمىز» دېمەسمۇ، تەئەججۈپلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. قاچاندىن بېرى يۇقىرىقى تاماقلار ئۇيغۇرنىڭ بولۇپ قالغاندۇ؟

ئۈرۈمچىدە ئاشخانىلاردا ئۇيغۇرچە تاماقلار بارغانچە ئازلاپ، ئورنىنى تۇڭگانچە قورۇمىلارنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكىدىن نارازى ئىدىم. مەن لەنجۇدا ئالتە يىل تۇرغان بولغاچقا، ھەرخىل تەمدىكى خۇرۇچلارنى تولا سېلىپ، تاماقنىڭ ئەسلى تەمىنى، كۆكتاتنىڭ پايدىلىق ماددىلىرىنى خورىتىدىغان تۇڭگانچە تاماقلاردىن بىزار بولغان ئىدىم. تۇڭگانچە تاماقلارنىڭ تەسىرى قەشقەردە ئاجىزراق ئىدى. ئەمما ئىستانبۇلدىكى ئاشپەزلەر تۇڭگاننىڭ شاگىرتلىرىمۇ قانداق، تاماقنى تېتىقلار بىلەنلا ئەپلەيتتى.

ئىستانبۇلدا ئاشپەزلەر ئاللىقاچان ئۆگىرە بۇيرۇتساق، تۇڭگاننىڭ كالا گۆشى شورپىسىغا سالىدىغان قىلدەك چۆپنى ئەكىلىپ بېرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بىر قانچە قېتىم قاقشاپمۇ باقتىم. تۇڭگان ئۆگرىسى دېمىگەن تۇرسام، ماڭا تۇڭگاننىڭ شاخار سېلىپ سوزغان قىلدەك ئۆگرىسىنى كەلتۈرسە بولمايدۇ-دە! ئەمما بۇ ۋايىساشلار بىلەن تۈزەلمەيدىكەن.

ئۇيغۇر تاماقلىرىدىكى تۇڭگانچە تەسىرلەر ھەققىدە ئويلىنىپ يۈرسەم، بىر دوستۇم خىتاينىڭ دۆككىنىدىن قازان ئالاتتىم دەپ قالدى. خۇددى تۈركىيەدە قازان قالمىغاندەك تۇيغۇدا ھەيران قالدىم. سەۋەبى قورۇمىلارغا تۈركىيەدىكى قازانلار بولماسىمىش. بۇ قازانلارنىڭ ئاستى قېلىن بولۇپ ياغ ئاسان قىزىمايدىكەن. ۋەتەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورى

ختاينىڭ قازانلىرىنى ئىشلىتىپ كۆنگەن ئاشپەزلەرگە گېرمانىيەنىڭ ھەر ئېسىل قازانلىرى بولسىمۇ يارىماي، يەنە شۇ ختاينىڭ قازىنىغا مايىلكەن. بەزى ئالاھىدە ئاشخانا سايمانلىرى، خۇرۇچلارمۇ يەنە شۇ ختاينىڭ قولىدىن چىقىدىكەن.

ئەڭ داڭلىق سانالغان ئىككى ئاشپەز بىلەن مۇڭداشتىم. ئىككىلىسى ئاشپەزلىك مەكتەپنى بېيجىڭدا، ختاينىڭ قولىدا ئوقۇغان بولۇپ، كېيىنكىسى بار ئىكەن. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنىدە كېيىنكە بېرەلەيدىغان مۇنتىزىم ئاشپەزلىك مەكتىپى بولماسلىقىمۇ تۇڭگانچە تاماقلارنى كۆنۈپ قېلىشىمىزنىڭ ياكى ختايدا ئوقۇغان ئاشپەزلەرنىڭ قولىدىن چىققان تەمگە ماسلىشىپ كېتىشىمىزنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىكەن. ئەلۋەتتە، مەكتەپ بولغان بولسا، تاماق مەدەنىيىتىمىز تاۋارلاشقان، ئىلمىيلەشكەن ۋە قېلىپلاشقان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

تۇڭگانچە قورۇپ ئۆگەنگەن ئاشپەزلەرگە ھەر قېتىم: «تېتىتقۇ سالماڭلار» دەپمۇ ئاگاھلاندۇرۇپ. سەۋەبىنى سورىغىنىمدا، ئۇلار بۇنىڭ ئاچسىز ھەربىر تەكتە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. چۈنكى ھۈنەر ئۆگەنگەندە ئۇستا قايسى خۇرۇچتىن قانچىلىك سېلىشنى توختىماي مەشق قىلدۇرغاچقا، شاگىرتنىڭ قولى شۇنىڭغا كۆنۈپ كېتەركەن.

مەن رېستورانلاردا ئومۇملاشقان تاماقلارغا تېتىتقۇ ۋە خۇرۇچلار بىلەن تۇڭگانچە، توغرىسى ختايچە تەم كىرگۈزۈشنىڭ سەۋەبى ھەققىدە تەكشۈردۈم ۋە بۇنىڭ ئائىلىلەرگە بولغان تەسىرى ھەققىدە سوراشتۇرۇپ باقتىم.

خانىم - قىزلارنىڭ ئېيتىشىچە، چاي ۋە داستىخانلاردا تۇڭگانچە (ختايچە) قورۇمىلار ئومۇملاشقان بولۇپ، نورۇۋگىيەدىن كەلگەن بىر خانىم بۇنى: «ھەر قېتىم چايغا بارسام، تۇڭگان ئاشخانىسىغا كىرىپ قالغاندەك بولىمەن» دەپ تەسۋىرلەپ بەردى. باھانىڭ ئۆرلىكى سەۋەبلىك بەزى ماللار ۋەتەنىدىن تۈركىيەگە كېلىشتىن توختىغان بىلەن، زەھەردەك قىممەت باھادا ئىزچىل كېلىۋاتقىنى شۇ تېتىتقۇ ۋە خۇرۇچلار ئىكەن. كېلىۋاتقان مىقدار ۋە باھادىن قارىغاندا، بۇنىڭ خېرىدارلىرى ئاشخانىلارلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئائىلىلەر ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھەتتا ياۋروپادىن تۈركىيەگە كەلگەن ئۇيغۇر خانىم - قىزلار ئاتايىن تۇڭگانچە تېتىتقۇلارنى

بۇيرۇتۇپ ئېلىپ كېتىدىكەن.

ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەم سەزگۈسى بولىدۇ. ماڭا پولۇنىڭ، نانىنىڭ، سامسىنىڭ پۇرىقى ئەڭ مېزىلىك تۇيۇلىدۇ. قاقلاپ، ھورداپ، قايىنتىپ پىشۇرۇلغان تاماقنىڭ تەمى ماڭا قەشقەردىكى ھېيتگاھنى، خوتەندىكى چۇقۇ بازارنى، ئۈرۈمچىدىكى نوغاي مەسچىتنى ئەسلىتىدۇ.

ئىستانبۇلدىكى ئاشخانىلاردا چىقىدىغان قورۇما تاماقلاردا بۇ پۇراق، بۇ تەم يوق، تۇڭگانچە تەم ئاللىقاچان كىشىلەرنىڭ تىلىنى لال قىلىپ بولدى. ئۇيغۇرنىڭ ئۆگرىسىنىڭ ئورنىنى تۇڭگان ئۆگرىسى بىلىندۇرمەي ئىگىلەپ، ھەتتا ئىستانبۇلدا مەخسۇس بىر تۇڭگان ئۆگرەخانىسىمۇ ئېچىلدى.

ئۇيغۇرنىڭ بىر قاتلىمى ئۆزىگە خاس تەم سەزگۈسىنى تۇڭگانلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن خىتايچىغا ئۆزگەرتتىمۇ؟ بەلكىم، ئۇنداق بولمىغان بولسا، تۇڭگانچە خۇرۇچلار، بېيجىڭدا ئوقۇغان ئاشپەزلەر، خىتاينىڭ ئاشخانا سايمانلىرى بۇنچە بازارلىق بولمايتتى. بۇنى «خىتايلىشىش» دېگۈمىز يوق، «يەرشارلىشىش» دەمدۇق؟ بەلكىم. چۈنكى ئۇيغۇر خىتايدا يەرشارلاشسا خىتايلىشىدۇ.

خىتايلىق بىلەن تۇڭگانلىقنىڭ تاماقتىكى پەرقى مىللەت پەرقى، تەم سەزگۈسىدىكى پەرق ئەمەس، بەلكى ھارام گۆشلەرنى قوشۇش ياكى قوشماسلىقتىكى پەرقتۇر. خىتاي بولۇش بىلەن تۇڭگان بولۇشنىڭ پەرقلىق يېرى تىلدا ئەمەس، تىلغا سىڭگەن تەمدە ئەمەس، بەلكى دىندا. ئىسلامغا ئىشىنىپ، خىتايچە سۆزلىسە تۇڭگان بولىدۇ، خىتايچە بىر تاماققا ھارام قوشمىسىلا، تۇڭگاننىڭ بولىدۇ.

ئۇيغۇرلۇق بىلەن خىتايلىقنىڭ پەرقى تۇڭگاننىڭكىدەك دىنىي پەرق ئەمەس، مىللەت پەرقىدۇر. تەم، پۇراق سەزگۈسىدىكى پەرق ئەسلى ئوخشىمىغان ئىقلىمدا ياشىغان، پەرقلىق مەدەنىيەتتىكى خەلقنىڭ ئۆز ئالدىغا شەكىللەندۈرگەن ۋە بىر - بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان خاسلىقىدۇر. شۇڭا خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ تەم سەزگۈسىدىكى پەرق مىللەت پەرقىدىن كېلىپ چىققان. بىزنىڭ "خىتايچە" دېگۈمىز كەلمەي "تۇڭگانچە" دەۋالغان تاماقلارنىڭ تەمى خىتايلىق بىلەن ئۇيغۇرلۇقنىڭ

ئارىسىدىكى پەرقنى يوْمشىتىدىغان سىلىقلىغۇچ ياكى خىتايلىقنى بولدۇرىدىغان خېمىتۇرۇچ بولۇشى مۇمكىن.بۇ سىلىقلىغۇچ پەرقىمىزنى خېمىر قىلىپ يۇغۇرىۋاتىدۇ.

تۆگگانچە تەمدە، تاماق ئاتلىق سىلىقلىغۇچتا سىلىقلىنىپ كەتكەن ياشلار، ھەتتا ئوتتۇرا ياشلارمۇ ئىستانبۇلدا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ يىل ئاۋغۇستتا، بۇرۇن ئۇيغۇر ياشلار ئىجارە ئالغان بىر ئۆينى ئىجارە ئالماقچى بولۇپ كىرسەم، ئۆينىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىنى خىتايچە يېزىپ، تامغا چاپلاپ قويۇپتۇ.

ئىستانبۇلدا، ۋاشىنگتوندا، ئامستېردامدا، ئوسلودا بۇنداق سىلىقلىنىپ كەتكەن كىشىلەر ئۇيغۇرچە ئىسىملار بىلەن خىتايچە سۆزلەپ ياشايدۇ. ئۇيغۇرلار كۆپرەك ھەر قايسى ئەللەردە بۇنداقلارنىڭ مەخسۇس يىغىلىدىغان ئاشخانا ۋە سورۇنلىرى بار. ئۇلار بىر يەرگە يىغىلسا، تازا قېنىپ خىتايچە كاسىلدىشىۋالىدۇ. مەن ئىستانبۇلدا ئۆزئارا خىتايچە پاراڭلىشىدىغان ياشلارنى كۆرسەملا، ئۆپكەم ئۆرلەيدۇ، ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇلارغا ئۇيغۇرلۇقنىڭ مۇھەببەت، ئادالەت، شەپقەت ۋە پىداكارلىق ئىكەنلىكىنى ئۇيغۇرچە كۇرس ئېچىپ بىلدۈرۈپ قويغۇم، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۇيغۇرلۇق روھىنى ئويغاتقۇم كېلىدۇ. دېمىسىمۇ،ئارىمىزدىكى سىلىقلىنىپ بولمىغان - بىزلەرنىڭ مالالفىنىنى "ئۇيغۇر تامىقى" دەپ قارايدىغان ھېلىقى قىزدەك سىلىقلىنىپ بولغان ياشلارنى تەنقىد قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنى ئۇيغۇرلۇققا مۇھەببەت بىلەن چاقىرىش بۇرچىمىز بار.

## تۈركلۈك سەۋداسى

مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋەتەندىكىلەرگە ئوخشاشلا تۈركىيەگە تەلپۈنىدۇ. ئۇلار باللىرىنى تۈركىيەدە ئوقۇتۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، تۈركىيەدە ياشاشنى خالايدۇ. بىر قىسىم ياشانغان مۇھاجىرلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈشنى پىلان قىلىدۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇر مۇنەۋۋەرلەرنىڭ تۈركىيەدە ئىشلەپ، ئۇيغۇرغا تۆھپە قوشۇش ھەققىدە تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە تەلەپ سۇنغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدىم. بۇلار بىر تەبىئىي ئارزۇ. بىز ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆزىمىزگە ئىزچىل بىر ماكان ئىزدەيمىز. بۇ ماكان بىزگە مەدەنىيەتتە ئەڭ يېقىن بولغان تۈركىيەدەك تۇيۇلىدۇ.

مەن ئۈچ يىلدىن بېرى ياۋروپا ئەللىرى ۋە كانادادىن تۈركىيەگە كېلىپ ماكانلاشقانلارنى كۆردۈم. تۈركىيەگە كۆچۈپ كەلمەكچى بولغانلارغا مەسلىھەت بەرگەنمۇ بولدۇم. مەندىن مەسلىھەت ئالماي ياكى تەۋسىيە ئېلىپ تۇرۇپ يەنە كۆچۈپ كەلگەنلەر قايتىپ كەتتى. مەسلىھەت ئالغانلار تۈركىيەگە كېلىپ تۇرۇپ باققاندىن كېيىن، بۇ يەردە ياشاش قارارىنى ئۆزگەرتتى.

تۈركىيەگە كېلىپ باقمىغانلار، كۆچۈپ كەلمەكچى بولغانلار ئۈچۈن تۈركىيە ۋە تۈركلەر بىر گۈزەل خىيال.بۇ خىياللار ئىچرە سىز پەقەت ساياھەتچى بولۇپ، سەيلە قىلسىڭىز بولىدۇ. ئەمما ھېچكىم خىيالدا ياشىمايدۇ. كۆندە ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى، «ماشائاللاھ، ئىنشائاللاھ، ئاللاھ رازى بولسۇن» دېگەن قەدىناس سۆزلەر دەسلەپتە يېقىشلىق ئاڭلانغاندەك قىلغان بىلەن كۈندىلىك ھاياتتا يولۇققان قولايسىزلىق، يولسىزلىق ۋە يالغانلار كىشىگە تۈركىيەنىڭ يەنە بىر يۈزىنى ئەسكەرتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرغا تۈركچىلىك ۋە تۈركىيە مۇھەببىتىنى سىڭدۈرگەنلەر تۈنجى ئەۋلات زىيالىيلاردۇر. ئۇلار ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ چىققانلار بولۇپ، ئارىسىدا تۈركىيەدە ئوقۇغان ياكى شۇلارغا شاگىرت بولغان جەدىدچىلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوقۇغان كوممۇنىست زىيالىيلارمۇ بار. مەمتىلى ئەپەندى يازغان «ئىستىقلال مارشى»دا «چۈنكى تۈركتۇر نامىمىز» دېگەن مىسرالار بار. بۇ بەلكىم دۆلەت نامى تۈركىستان بولغاچقا شۇنداقتۇر. ئەمما تۈركچىلىك مۇھەببىتى مۇشۇ يەردىن باشلانغان.

ئۇيغۇر سىياسىي ساھەسىدە نام چىقارغان شەخسلەرمۇ تۈركچىلىك مەستانىلىرىدىن ئىدى. ئۇلار 1940 -يىللاردا غۇلجا، ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلىپ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۈرۈمچىدە چىققان «ئەرك» گېزىتى تۈركچىلىك تەرەپدارلىرى ئۈچۈن بۆشۈك بولغان. مەمتىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالپتېكىن ۋە مەسئۇت سەبرى تۈركچىلەر ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى. بۇنىڭغا پەرقلىق نەزەردە قارايدىغان ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارمۇ مەۋجۇت بولسىمۇ، مۇرەسسەلىك پوزىتسىيەدە تۇراتتى. 1946 -يىلى نەنجىڭدا ئەخمەتجان قاسىمى مۇخبىرنىڭ: «شىنجاڭدا 14 مىللەت بار» دەپ باشلىغان سوئالىغا رەددىيە بېرىپ، تۆت مىللەتنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ تۈركلەر، خىتايلار، موڭغۇللار ۋە رۇسلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇيغۇرنىڭ تۈركىيە مۇھەببىتىدە مائارىپچى ۋە سىياسىيونلارنىڭ تەسىرىدىن باشقا ئەدەبىيات ۋە تارىخنىڭ رولىمۇ گەۋدىلىك بولغان.ئۇيغۇر ئەدىبلەر (مەنمۇ بار) تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە تۈركىيە ۋە تۈركلەر ھەققىدە مۇھەببەتلىك بايانلارنى يېزىپ، مىللەتنىڭ كىملىكىنى شەرقتىكى خىتايدىن غەربتىكى تۈركىيەگە تارتىشنى نىيەت قىلغان. نەتىجىدە كىنوچىلىق، سودا، ساياھەت ساھەلىرىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە سەۋدالىق نۇقتىسىغا بېرىپ يەتكەن.

ئۇيغۇرنىڭ تۈركلەر بىلەن تارىخىي قانداشلىقى ھەقىقەت. ئۇيغۇر تارىخىنى يورۇتۇش، رېئاللىققا ئۇلگە تىكلەش ۋە مىللىيلىكنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تۈركىيەدىن ئۆگىنىشمۇ چۈشىنىشلىك. ئەمما بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە

شەرتسىز ئۆچمەنلىكى قانچىلىك خەتەرلىك بولسا، شەرتسىز مېھرىمۇ ئوخشاشلا خەتەرلىك. ئۇيغۇر ئۈچۈنبۇ سەۋدا خەيىرلىك ئەمەس. بۇ سەۋدالىق ئەقىل كۆزىمىزنى ئېتىپ، بىزنى قارا جاڭگالغا باشلايدۇ، ھەقىقەتلەرنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قويىدۇ. ياۋروپا ئەللىرى ۋە كانادادىن ئونلاپ ئۇيغۇرنىڭ كۆچۈپ تۈركىيەگە ماكانلاشقانلىقىنى تۈركىيە سەۋدالىقىنىڭ بىر ئىپادىسى دېسەك، ئۇلارنىڭ يەنە قايتىپ كەتكەنلىكىنى بىر ئىبرەت دېمەي بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلار ھازىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئويغان ئۇيغۇر» دېگەن ۋە مەمتىلى ئەپەندى «چۈنكى تۈركتۇر نامىمىز» دەپ يازغان 1930 - يىللاردا ياكى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنلەر ياشىغان 1940 - يىللاردا ياشاۋاتمايدۇ. بىز ھازىر ئۇيغۇرغا ئاپتونومىيە بېرىلىپ، كىملىكىمىز رۇشەنلەشكەنگە 60 يىلدىن ئاشقان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. تۈركلەرمۇ ئاتاتۈرك تەشەببۇس قىلغان تۈركچىلىك دەۋرىدە ئەمەس، ئەردوغان تەشەببۇس قىلغان «ئىسلامچىلىق» زاماندا ياشاۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلار تۈرك، بىز ئاللىقاچان تۈركىي تىللىق ئۇيغۇر، تۈركىيەلىك تۈرك ئەمەس.

خىتايدا بىزگە بېرىلگەن ئۇيغۇر دېگەن كىملىك بىزنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىمىز، رەسمىي، قانۇنىي كىملىكىمىز ئەمەس، پاسپورتقا ئۇيغۇر يېزىلمىغان ئىكەن، ئۇ بىر مەھەللىۋىي كىملىك. بىز شۇ مەدەنىيەت كىملىكنى قانۇنىي كىملىك، پۇقرالىق كىملىككە ئايلاندۇرالماي ئاۋارە. تۈركلۈك - مەدەنىيەت كىملىكىمىز ئىچىدە خۇرۇچلارنىڭ بىرى، ئەمما ھەممىسى ئەمەس، بىزگە پۈتۈنلەي تەۋەمۇ ئەمەس. تۈركلۈك سىياسىي كىملىك بولغاندا، بىزگە تەئەللۇق ئەمەس. ئۇ تۈركىيەدە ياشاۋاتقان 80 مىليون خەلقنىڭ كىملىكى.

بەزى ئۇيغۇرلار خىيالىدا تۈركلۈك سەۋداسىدا يۈرگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلۇق كۈلپەتلىرى ئىچىدە تىركىشىۋاتىدۇ. بىز يۇرتىمىزدا ئۇيغۇر دېگەن كىملىك بىلەن تىزىمغا ئېلىنغان، بىر ئەۋلاد كىشىلەر شۇ كىملىكتە ياشاپ ئۆتتى. ھازىر بۇ كىملىك بارغانچە خەتەرلىك دەپ قارىلىپ، بارغانچە رۇشەنلىشىپ، ھەممە يەردە پەرقلەندۈرۈلۈپ، ئۇيغۇرلۇقى ئۇنتۇلغان كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا تامغا بولۇپ بېسىلماقتا.

ھازىرمىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىز ۋەتەندە ئۇيغۇرلۇق كىملىكىنىڭ دەردىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارتىۋاتىدۇ. تۈركلەرمۇ ئاتاتۈرك تەشەببۇس قىلغان تۈرك مىللەتچىلىكى قايىنغان تارىختا ئەمەس، ئەردوغاننىڭ مۇرەسسەچان ئىسلامچىلىقى ھوقۇق بېشىغا چىققان، خىتايچە مۇستەبىتلىك بىلەن بىرلىشىپ كۈچلۈك دۆلەت بولۇشقا ھەۋەسلىنىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاللىقاچان خىتاي گىراژدانى ئۇيغۇر. ئەمما بىزگە ئۇلارنىڭ بۇپوزىتسىيەسى ئىشەنچلىك تۇيۇلمايۋاتىدۇ. چۈنكى بىز يەنىلا ئۇلارنى تارىختىكى، ئارزۇيىمىزدىكى تۈركلەر، ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ تەركىبى دەپ، بۇ دۆلەتنى بىزگە تەۋە تۈركىيە دەپ قاراۋاتىمىز.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تۈركىيەگە ئۈمىد باغلاپ ئۈمىدسىزلەنگەنلەر، تۈركلەرگە مۇھەببەت باغلاپ ئالدىنىپ كەتكەنلەر، ئەردوغانغا بەيئەت قىلىپ پۇشايمان يېگەنلەر ئۈچۈن بۇ خىيالدىن ۋاز كېچىپ، ئەمەلىيەتكە قايتىپ كېلىش، تارىختىن قۇتۇلۇپ بۈگۈنگە يۈزلىنىش، مۇھەببەتلىك تەلپۈنۈشتىن سالماقلىق بىلەن كۆزىتىشكە ئۆتۈش بىر ئازابلىق جەريان. بۇ جەرياندا، ئانچە - مۇنچە ئېمىزگە سېلىشلار، باش سىلاشلار، داستىخانغا چىللاشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ۋەتەنسىز قالغان ئۇيغۇر مۇساپىرغا تەسەللىمۇ بىر ياردەم، ئەمما شۇنى بىلىش كېرەككى بۇ، ئارزۇلۇق تۈركىيە ۋە خىيالىمىزدىكى تۈركلەردىن كېلىدىغان ئەڭ چوڭ ياردەم بولۇشى مۇمكىن.

## تۈركىيەدە پۇقرالىق ۋە پاناھلىق

2014 -يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىكى تۈركىيەگە كۆچۈش دولقۇنى ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە چىقتى. تۈركىيەگە كۆچۈۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋەتەندىن ۋە باشقا ئەللەردە تۇرۇپ قالغانلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، كۆچمەنلىك قىزغىنلىقى يۇقۇرىلىدىكى پەسەيمىدى. بۇگۈنگىچە تۈركىيەگە كېلىدىغان ۋەكېلىپ كەتمەيدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي داۋام قىلماقتا. تۈركىيەگە ئېلېكتىرونلۇق ۋىزىنىڭ قولايلىقى، دىنىي ئەركىنلىك، مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېقىنلىق ۋە قان قېرىنداشلىق ئۇيغۇرلارنى تۈركىيەگە ھەر دائىم ماگنىتتەك تارتماقتا. ئۇيغۇردىكى ياشىغۇسىز مىللىي زۇلۇم، دىنىي باستۇرۇش، ئىقتىسادىي تالان - تاراج ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان پاسپورت ئالالماسلىق، تۇتۇلۇش ۋە قوغلىنىش خەۋپى ئۇيغۇرلارنى پېتىراپ، قېچىشقا مەجبۇر قىلماقتا.

ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇيغۇرلاردىكى كۆچمەنلىك دولقۇنى مۇساپىرلارنىڭ دېڭىزىغا ئايلانغان تۈركىيەدە ئۈمىد قىرغاقلىرىغا يېتەلمەيۋاتىدۇ. خىزمەت رۇخسىتى ئالالماسلىق، داۋالىنىش، بېقىنىش، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بولماسلىق،پۇقرالىق پۇرسەتلىرىنىڭ ئېنىقسىزلىقى قاتارلىقلار كۆچمەن ئۇيغۇرلاردا تەشۋىش پەيدا قىلىپ تۇرماقتا.

تۈركىيەدە تۇغۇلغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ نوپۇسقا ئېلىنماسلىقى ئاتا-ئانىلارنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئەڭ ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى. تۈركىيەنىڭ قانۇنىدا تۈرك تۇپراقلىرىدا تۇغۇلغان چەتئەللىك بوۋاقلارغا پاسپورت بېرىلمەيدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار يەنىلا خىتاي ئەلچىخانىسىدىن پاسپورت ئېلىشقا مەجبۇر، ئەمما بۇگۈنگىچە ئالالمايۋاتىدۇ.

تۈركىيەگە كەلگەن ئۇيغۇر كۆچمەنلەرنىڭ مەسلىسى كۆپ، تۈركىيە تەلەپ قىلىدىغان ئەمما ئۇيغۇرلار خىتاي ئەلچىخانىسىدىن ئالالمايدىغان ئىسپاتلارنى مىسال قىلساق، ئوقۇغانلار ۋە ئوقۇماقچى بولغانلارنىڭ دىپلومى بولۇش، بالىلارنىڭ تۇغۇلۇش ئىسپاتى بولۇش، توي قىلغانلارنىڭ توي خېتى بولۇش، توي قىلماقچى بولغانلارنىڭ بويتاقلىق ئىسپاتى بولۇش، ئاجراشقان كىشىلەرنىڭ ئاجراشقان كىنىشكىسى بولۇش ۋە ئۇلارنى ئاپوستىل قىلدۇرۇش مەسلىسى قاتارلىقلار مەۋجۇت. تۈركىيەنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىدە يۇقىرىقى ئىسپاتلار بولۇش ۋە ئۇلارنى ئاپوستىل قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھاجەتمەن ئۇيغۇر چوقۇم بۇنى خىتايدىن ئېلىشى، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تامغىسى بولۇشى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى خىتايغا ئەۋەتىشى كېرەك. بۇلارنى ئادەتتە قىلغىلى بولمايدۇ، ئەمما بولمايدۇ دېگەن جاۋاب ئۈچۈنلا ئاز دېگەندىمۇ بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدۇ.

تۈركىيەدىكى بەزى ئۇيغۇر بالىلارنىڭ تۇغۇلۇش ئىسپاتى يوق، بەزىلىرى يوشۇرۇنچە تۇغۇلغان. ئۇيغۇر ئائىلىلەرنىڭ توي خېتى يوقالغان، بەزىسىنىڭ يوق، بەزىلەرنىڭ ئايالى بىربولمىغاچقا بۇنداق رەسمىيەت بېجىرىش مۇمكىن ئەمەس. رەسمىيەتلەر سەۋەبىدىن ئەر - ئاياللىق، ئاتا-بالىلىق ئېتىراپ قىلىنماي،بالىلارغا ئىقامەت بېجىرىلمەيدۇ. نەتىجىدە، بۇنداق بالىلار ئوقۇشسىز قالغاننىڭ ئۈستىگە، ئاغرىپ قالغاندا داۋالاشتىنمۇ بەھرىمەن بولالمايدۇ.

تۈركىيەدە ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ قالغان كىشىلەردىن بىلىمىزكى، تۈركىيە پاسپورتىغا قانۇنلۇق يول بىلەن ئېرىشىشنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن، كاپالىتى يوق، ئاۋارىچىلىقى كۆپ، قانۇنسىز يول بىلەن ئېرىشكەنلەرنىڭ پۇشايمىنى بىر تاغار، ھەتتا بۇ سەۋەبلىك سوتقا چىققانلارمۇ بار. پاسپورتقا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ بىخەتەرلىككە ئېرىشىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس.

تۈركىيە پاسپورتىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ تەسىرى ئاستىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرگە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالى ئافرىقا ۋە بىر قىسىم شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە خاتىرجەم بېرىپ كېلەلمەيدۇ. خىتايغا بېرىشتا ئەندىشە تېخىمۇ ئېغىر. بىرى، ئۇيغۇرلارغا خىتايدىن ئاسانلىقچە ۋىزا بېرىلمەيدۇ. يەنە

بىرى، ۋىزىلىق بارالىغانلارنىڭمۇ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرىدە تۈرك پۇقرالىقىغا ئۆتكەن يەتتە ئۇيغۇر قاماقلىق ياتماقتا. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىك ئەندىشىسى ھەرقاچان تۈركىيە-خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

تۈركىيەدە ئىككىلىنىش، سىناش ۋە كۈتۈش بىلەن ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىش باشقا ئەللەرگە ۋىزا ئېلىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇرنىڭ سۇرىيەگە بارىدىغان ئاشقۇنلار ھايالداپ ئۆتىدىغان جاي بولغان تۈركىيىدە ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشى تۈپەيلى، ئۇنىڭ بىخەتەر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيەگە ئوخشاش غەرب ئەللىرىگە ئىشەندۈرۈش قىيىن بولغانلىقتىن ۋىزا ئالالمايدۇ. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، قولىدىكى خىتاي پاسپورتىنىڭ ۋاقتى توشۇپ قېلىش مەسىلىسىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. تۈركىيەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ھازىر ئۇيغۇرلارغا پاسپورت ئۇزارتىپ بېرىشنى قىيىنلاشتۇرىدىلا ئەمەس، پەقەتلا بەرمەس ھالغا كەلدى.

تۈركىيەدىكى ۋە باشقا ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئەلچىخانىسىدىن ئىسپات ۋە پاسپورت ئالالماسلىق ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بەلكىم خىتاي چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قايتىپ كېلىشىنى خالىمايۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. يېقىندىن بېرى ۋەتەنگە قايتقان، تۈركىيەدە تۇرغان تارىخى بار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرلۇك مۇشكۈلاتلارغا ئۇچراۋاتقانلىقى بۇ ئېھتىماللىقنى تەستىقلايدۇ. خىتاي يەنە سەئۇدىي ئەرەبىستانى، مىسىر، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق ئەللەردىلائەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ پاسپورتىنى يېڭىلاپ بەرمەيۋاتقانلىقى بىلىنمەكتە. ھازىر يۇقىرىقى مۇسۇلمان ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئاساسەن تۈركىيەگە قايتىپ كەلدى.

دۇنيادىكى 10 -چوڭ ئاشلىق ئىمپورت دۆلىتى بولغان تۈركىيەدە يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ ۋە ئۆي چىقىملىرىنىڭ ئۆرەبولۇشى، تۈرك لىراسىنىڭ قىممىتىنىڭ مۇقىم بولماسلىقى، پاناھلانغۇچىلارنىڭ پاناھسىز قېلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆز ئالدىدا كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان مەسىلە. تۈركىيەگە كەلسىلا ھەممە مەسىلىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەل بولۇپ كېتىدىغاندەك، تۈرك مىللىتى قۇچاقلىرىنى ئاچىدىغاندەك، تۈركىيە دەرھاللا پۇقرالىق بېرىدىغاندەك بىر ئۈمىدتە كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپى نامراتلىققا پاتتى. ئۇلار تۈرك جەمئىيىتىدە تۇرمۇش، ئەۋلاد تەربىيىسى ۋە شەخسىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتا ئېنىق بىر ئىستىقبالنى كۆرەلمەيۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر بايلارنىڭ تۈركىيەدە نەچچە يىللاپ تىجارەت قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن زىيان تارتىپ، پۇل تېپىشقا كۆزى يەتمەي، غەرب ئەللىرىگە كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈلمەكتە. تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن كەتمىگەنلەرنىڭ يىللاردىن بېرى يىغىپ قويغانلىرىنى يەپ يېتىۋاتقان ھالىتى ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس. ياۋروپادىن تۈركىيەگە كېلىپ ئۆي ئېلىۋاتقان كۆچمەن ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركىيەدە ياشاپ ئۆيسىز يۈرگەن، قوشنا شەھەرگىمۇ بارالماي كۈننى كۈنگە ئاران ئۇلاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش، مائارىپ، ئىقتىدار پەرقىنى ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ساپاسىنى سېلىشتۇرۇش كىشىگە قەيەرنى تاللاشنى ئەسكەرتىدۇ.

دېمەك، تۈركىيەدە ياشاش، پاناھلىنىش، پاسپورت ئېلىش، خىزمەت رۇخسىتى ئېلىش، ئىقامەت بېجىرىش، پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇش، داۋالاش سۇغۇرتىسىغا ئېرىشىشكە ئوخشاش ئىشلاردا قىيىنچىلىق ئېغىر، بولۇپمۇ ئۇيغۇردەك يەمچۈككە ئايلانغان كوچمەنلەرگە ماڭدامدا بىر توسالغۇ دوقال بولۇپ تۇرىدۇ.

تۈركىيەدە شىركەت قۇرغانلارنى مەمۇرىي ئورگانلار تۈگىمەس چىقىملار بىلەن يالجىتمايدۇ. خەققە ئىشلەي دېسە، مائاشىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن تاپقان پۇل قورساقتىن ئاشمايدۇ. ئىشلەش رۇخسىتى بولمىغانلارنىڭ ئىشىمۇ مۇقىم بولمايدۇ، خالىغان چاغدا مۇئاشسىز قالىدۇ، قىسقارتىلىدۇ. ئىشلەش رۇخسىتى بولمىغانلار ئون يىل تۇرسىمۇ نوپۇس ئىشى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. تۈركىيەدە ئادەتتە ئىقامەت چىققان بىلەن ئىشلەش رۇخسىتى چىقمايدۇ. تۈركىيەدە قانۇن بار بولغان بىلەن ئىجراسىنىڭ تايىنى بولمىغاچقا، بارلىق شەرتلەرنى ئورۇندىغان تەقدىردىمۇ نوپۇسقا ئۆتۈش ئىشلىرى قانۇندا دېيىلگەن سۈرۈك بويىچە بولمايدۇ. مۇشۇنداق چاتاقلارنى ۋە بىخەتەرلىك ئەندىشىسىنى تۈگىتەلمىگەن بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە داۋاملىق بۇ ئەلدە تۇرۇشىنى "خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىش" دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار تۈركىيەنى تاللاشتا ۋىزىسىنىڭ ئاسان بولۇشى، مەدەنىيەتنىڭ يېقىنلىقى، ئىش بېجىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ خىتايغا ئوخشاشلىقىنى ياقتۇرغان بولۇشى، پارىخورلۇق، مۇناسىۋەت، يېلىنىش ۋە تىلىنىشكە ئوخشاش ئامىللارغا تايىنىپ ياشاشنىڭ مۇمكىنلىكى بەزىلەرگە خوپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قايسى سەۋەپتىن تاللىغان بولسۇن، تۈركىيەدە تۇرۇپ، پۇلى تۈگەپ، ئامال بولمىغاندا پاناھلىق تىلىگەندە، ئاشقۇن ئىدىيە شۈبھىسى سەۋەبلىك غەربتىن قوبۇل ئېلىش تەسكە توختايدۇ.

ئۇيغۇر مۇساپىرلار بۈگۈن تۈركىيەگە توپلىشىپ قالدى. توپلانغىنى ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىمۇ، مۇسىبەتلىرىمۇ، چارەسىزلىكىمۇ تۈركىيەدە دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ كىشىلەرگە ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، تەرسالىق، ئاشقۇنلۇق قاتارلىق كەيپىياتلارنى يۇقتۇرىدىغان سەلبىي بىر مۇھىتنى پەيدا قىلدى. كىشىلىرىمىز خىتاي پاسپورتىنىڭ مۇھلىتى توشقان ھامان ئائىلە ئەزالىرىغىمۇ ئىقامەت ئالالمايدۇ. ئىقامىتىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ پاسپورتىڭىز بولمىغانلىقى سەۋەبلىك تېلېفون كارتىمۇ ئالالمايسىز. تۈركىيەدىكى بەزى بانكىلار پاسپورتىڭىز بولمىسا، سىزگە ھېسابات ئېچىپ بەرمەيدۇ. پاسپورتىڭىز بولمىسا، تۈركىيەدىكى ئىمتىھانلارغا قاتنىشالمايسىز. رەسمىي ئورگانلار پاسپورت بولمىسا، ئىش بېجىرمەيدۇ.

پاسپورتسىز قالغاندا پاناھلىق تىلەشمۇ بىر يول. ئەمما تۈركىيەدە سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەر پۈتۈن دۇنيادىكى سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەر ئومۇمىي سانىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۆپ بولۇپ، نۆۋەت كۈتۈپ ياتقان مىليونلارچە مۇساپىر بار. تۈركىيەدە پاناھلىق تىلىگەنلەرگە پەقەت بېكىتىلگەن شەھەردىن ئايرىلماسلىق، ھەپتىدە بىر مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇش تەلىپى قويۇلىدىغان بولۇپ ياردەم ئېلىش، سۇغۇرتىلىق بولۇش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش قىيىن. تۈركىيەدىكى شەھەر- شەھەرلەردە سۈرىيە، ئىران، ئىراق، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇساپىرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈتۈپ ياتماقتا. بۇھال، پاناھلىق تىلىگەن، يېنىدىكى ئازغىنا پۇلنى قاچان تۈگەپ كېتەردەپ ئەندىشىدە تۇرىۋاتقان ئۇيغۇرلارئۈچۈن بېسىم بولماقتا.

www.uyghurkitap.com

پاناھلىق تىلمەكچى ياكى پاناھلىق تىلەپ باشقا ئەللەرگە كەتمەكچى بولغانلارنىڭ پاسپورتىنىڭ ۋاقتى توشماستا ئوبدان ئويلىشىپ، پاناھلىقنى تۈركىيەدە تىلمەسلىكى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. پاناھلانغۇچى ئىلتىماسىنىڭ تەستىقى چىققۇچە يىللاپ ئىلتىماس قىلغان يەردە تۇرۇپ قالىدىغان بولغاچقا بىخەتەرلىك، تۇرمۇش چىقىمى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئويلىشىپ قارار بېرىش، ئالدىراپ تۈركىيەگە ئوخشاش مۇساپىرغا لىق تولغان دۆلەتنى ئەمەس، خىتايغا ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە ھاجىتى چۈشمەيدىغان، ئەرزان، داۋالىنىش ۋە مائارىپقا ھەق كەتمەيدىغان، ياكى ب د ت غا سۇنغان پاناھلىق ئىلتىماسىنىڭ جاۋابى چىققۇچە قىينالماي بىخەتەر تۇرغىلى بولىدىغان ئەللەر تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

## تۈركىيەدە خىتاي ئىشتىياقى

تۈركىيەدىكى خىتاي ئىشتىياقى يىلتىزلىق ھادىسە. بۇ ئىشتىياقنى كۆكلەتكەنلەر بۈگۈنكى سىياسەتچىلەر، ئۆلىمالار، جامائەتچىلەر ياكى زىيالىيلارلا ئەمەس. بۇ تۈركىيەدە بۈگۈنلا باغجانلاپ كەتكەن ئىش ئەمەس، ئۇزۇن تارىخقا ۋە كەڭرى ئاساسقا ئىگە مەپتۇنلۇق. خۇددى خىتايلار تارىخپەرەس مىللەت دېيىلگەندەك، تۈركلەرمۇ تارىخقا خۇمار، بۈرۈنقى سەلتەنەتلىرى ئىچىدە مەستخۇش ياشايدىغان مىللەت. يېقىنقى زامان تارىخىدا خۇددى تۈركلەرنىڭ ئۈچ قىتئەگە يېيىلغان ئىمپىرىيەسى بولغاندەك، خىتايلارنىڭمۇ 300 يىلدىن داۋام قىلغان، قۇدرەتلەنگەن تارىخى بار. بۇ ئىككى مىللەت تارىختا سۈرگەن سەلتەنەتنى غەرپ بەربات قىلغان. بۈگۈنمۇ ئوخشاشلا غەرپنىڭ تەنقىتلىرىگە ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. 2019 -يىللىق پىكىر ئەركىنلىكى چەك قويغان دۆلەتلەر ئىچىدە تۈركىيە بىرىنچى، خىتاي ئىككىنچى ئورۇندا. ئوخشاش تارىخى كەچمىش ۋە ئوخشاش رېئال قىسمەت بۇ ئىككى مىللەتنى كۈچلۈك غەرپنىڭ ئالدىدا پات-پات بىر سەپكە تىزماقتا.

تارىخنى سۆيۈش، ئەسلەش ۋە بىلىش جەھەتتە خىتايلار تۈركلەردەك ئەۋزەللىكلەردىن مەھرۇم. تۈركىيەدە خىتايدىكىگە ئوخشاش تارىخقا ئائىت ئىزلارنى خاراپ قىلىدىغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى يۈز بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن تارىخىي كىتابلار، ئوردىلار، مۇزېيلار ۋە جامەلەر شۇ پېتى ساقلىنىپ قالغان. بۇ تۈركلەرنى ئۆتمۈشكە ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن مۇكەممەل شەكىلدە باغلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا تۈركىيە تارىخىدا كۆرۈلگەن بىر ھادىسىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىش ئېھتىمالى تۆۋەن. تۈركىيەدىكى خىتاي ئىشتىياقىدىمۇ تۈركلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭگەن تارىخنىڭ سايىسى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈركىيەدە خىتاي ئىشتىياقىنىڭ بىخلىنىشىغا سەۋەب بولغان دەسلەپكى ئامىللارنىڭ بىرى پانئىسلامچىلىق. 1860 -يىلى رۇسىيەلىك شەرقشۇناس ۋاسلى ۋاسلىيېۋ:"خىتايلار مۇسۇلمان بولۇپ، دۆلىتى ئىسلامنى دۆلەت دىنى قىلىدۇ" دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ پەرەز پانئىسلامچىلارنى ھاياجانغا سالغان ۋە چاقماقتەك چاقناپ، ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسى پايتەختىدە گۈلدۈرماما پەيدا قىلغان. بۇ ئەنگلىيەگە قارشى تۇرىدىغان ھىندىستان ئاقىللىرىغا، مىسىر زىيالىيلىرىغا ۋە ياۋروپادىن پەشۋا يېگەن تۈرك كاتىپلىرىغا ياغدەك خوش ياققان.

پانئىسلامىزمچىلارغا مەنسۇپ ئىستانبۇلدىكى «ئىقدام»، «سەبىلۇلرەشاد» دېگەن گېزىتلەر مۇسۇلمانلىققا يېقىن خىتاي بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەمكارلىقى ھەققىدە ماقالىلەر ئېلان قىلغان. شۇ چاغدىكى پانئىسلامىزمچى يولباشچىلار خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى، ھۆرمىتى، ئىمتىيازلىق ئورنى ھەققىدە ئوبزورلارنى ئېلان قىلىشقان. پانئىسلامىزمچىلار خىتاي ئىمپېرىيەسى بىلەن بىرلىشىپ غەربكە تاقابىل تۇرۇشنى ئۆزى ئۈچۈن بىر چىقىش يولى دەپ قاراپ، خىتايدىكى مۇسۇلمانلىقنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈشكە باشلىغان.

شۇ يىللاردا رۇسلاردىن زەربە يېگەن پانتۈركىزمچىلەرمۇ خىتايغا مايىل بولۇشقا باشلىغان. 1890 -يىللاردا ئابدۇلئەزىز غولجالى دېگەن بىر ئۇيغۇر ئۆلىما ئوسمانىيلار ئوردىسىدا ئەرەب تىلىدىن مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇ بۇ مەزگىلدە، ئوردىدا ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ ئوردىسىدىكى ئەتىۋارلىق ئورنىنى مەدھىيەلىگەن. ئۇ ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قاراشلىرىغا قارشى چىڭ ئوردىسىنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ، چىڭ ئەمەلدارلارنىڭ پىكرىنى ياقلىغان.

بىر ئۇيغۇر ئۆلىمانىڭ قەلىمىدىن ۋە ئاغزىدىن چىققان خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنى ھەققىدىكى بايانلار شۇ چاغلاردا رۇسىيەدە تەقىبكە ئۇچرىغان تاتار زىيالىيلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. شۇڭا رىزائۇددىن پەخرىدىن، نوشىرىۋان ياۋشېۋ قاتارلىق داڭلىق تاتار زىيالىيلىرى ئەسەرلىرىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرغا قاراتقان كەڭرى دىنىي سىياسىتىگە مەپتۇن بولغان. شۇڭا ئۇلار ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرنىڭ خاراب، ۋەيرانە بولۇشىدا سەۋەبنى پۈتۈنلەي بۇ

مىللەتنىڭ نۇقسانلىرىغا يۈلەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. ياۋشۇنىڭ «ئالتە شەھەر مەكتۇبلىرى» دېگەن ئەسىرىدە بۇنى ھېس قىلىش تامامەن مۇمكىن.

تۈركىيەدىكى خىتاي ئىشتىياقىنى كۈچلەندۈرگەن يەنە بىر ئامىل يېڭى ئاسىياچىلىق. بۇ ئەسلى مېيجى يىلىدىكى يېڭىلىققا كۆچۈش مەزگىلىدە ياپونىيەدە بارلىققا كەلگەن ئېقىم بولۇپ، پانئاسىياچىلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئېقىمنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ئاسىيادا مەۋجۇت ئوسمانىيلار ئىمپېرىيەسى، ياپونىيە، كورىيە، خىتاي ۋە ھىندىستانلارنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، ياۋروپاغا تاقابىل تۇرۇشىنى، بىرلىكتە كۈچلۈك ئاسىيا قۇرۇپ چىقىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ياپونىيە مۇشۇ ئىددىيەنى باھانە قىلىپ خىتايغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى «ئورتاق ئاسىيا گۈللىنىش چەمبىرىكى» قۇرۇش تىرىشچانلىقى دەۋالغان . ھىندىستاننىڭ تۇنجى باش مىنىستىرى جاۋاھىرلال نېھرۇمۇ بۇ ئېقىمنىڭ قىزغىن مۇرتلىرىدىن بىرى ئىدى.

يېڭى ئاسىياچىلىقنىڭ قۇيرۇقىنى ئاللىقاچان قۇم باسقان بولۇپ، ياپونىيە، كورىيە ۋە ھىندىستاندا بۇ ئېقىم ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. ھالبۇكى تۈركىيەدە بۇ ئېقىمنىڭ يۇقىرىقىدىن پەرقلىق يەنە بىر ۋارىيانتى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار تېخىچە خىتاي بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە تاقابىل تۇرۇشقا مايىل. تۈركىيەدىكى يېڭى ئاسىياچىلار خىتاينى مۇسۇلمان قىلىشقا كۆچەپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئېقىم پۈتۈنلەي دىنىي تۈس ئالغان. بۇ ئېقىم ھازىر تېخىمۇ يېڭىلىنىپ ۋە كۈچىيىپ «يېڭى ئاسىيا» دەپ بىر گېزىت نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. يېڭى ئاسىياچىلار تۈركىيەدىكى كۈچلۈك دىنىي جامائەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلارنىڭ خىتايغا قاراتقان دەۋەتلىرى 2000 -يىللاردىن 2016 -يىللارغىچە خېلىلا كۈچلۈك بولغان. بۇ ئېقىمغا خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدىكى تونۇلغانلار بولغاندىن باشقا، تۈركىيەدە ۋە خىتايدا بۇ دەۋەتلەرگە ماسلىشىپ ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ مەۋجۇت.

تۈركىيەدە خىتاي ئىشتىياقىغا سەۋەب بولغان يۇقىرىقى ئېقىملار تارىختا شۇ ئىسىملار بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان، ھازىر بۇنىڭ بەزىلىرى قاسىراق تاشلىغان بولسا، يەنە بەزىلىرى قارىماققا كۆنىمىزدە يوقالغاندەك تۇيۇلىدۇ. توغرا، بۇ ئېقىملاردىن يېڭى ئاسىياچىلىق باشقا ئەللەردە سۇسلاپ كەتتى. مەسىلەن، ھىندىستان، كورىيە ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياپونىيەلەردە يېڭى ئاسىياچىلىق تارىخقا ئايلاندى. ھىندىستاندىكى پانئىسلامىزمىمۇ يېگىلەپ قالدى. تاتارلارمۇ ئاللىقاچان پانتۈركىزمدىن ۋاز كېچىپ، تاتارىستاننى قۇچاقلاپ ياشاۋاتىدۇ. ئەمما باشقا ئەللەردە ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك تۇيۇلغان بۇ تارىخىي ھادىسە تۈركىيەدە ئۇنتۇلغىنى يوق. تۈركلەردىكى قويۇق تارىخپەرەسلىك، كۆچلۈك مىللەتچىلىك ۋە ئوسمانىيچىلىق ئۇلارنى يۇقىرىقى تارىخىي ئېقىملار بىلەن باغلاپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ.

تۈركلەردىكى تارىخ سەۋداسى، تارىخقا ۋارىسلىق قىلىشتىكى ئەۋزەل شارائىتلار سەۋەبلىك تۈركىيەدە پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم ۋە يېڭى ئاسىياچىلىق دېگەن بۇئۈچ تارىخىي ئېقىمنىڭ يېگىچە تەرەپدارلىرى ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى ۋە ھەتتا سىياسىي پارتىيەلەرگە ئىگە بولدى. بۇ ئۈچ ئېقىمغا خاس تەپەككۇر شەكلى تۈرك زىيالىيلارنىڭ ئاڭ ـ تۇيغۇلىرىنى ئىزچىل غىدىقلاپ، نۇرغۇن يېڭىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا تۈرتكە بولدى. مەسىلەن، تۈركىيەدىكى تۈرك ئىسلام بىرلىكى تەشەببۇسى، يېڭى يىپەك يولى ۋە يېڭى ئاسىياچىلىق تەرغىباتلىرى قاتارلىقلار خېلى كۆچلۈك ئىلمىي ۋە ئاممىۋىي ئاساسقا ئىگە.

پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ۋە يېڭى ئاسىياچىلىققا ئوخشاش بۇ ئېقىملار يېگىلىنىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە سىياسىي پارتىيەلەرگە، مەخسۇس ئاخبارات ئورگانلىرىغا، ئاخباراتچىلارغا ۋە كۆچلۈك ئىقتىسادقا ئىگە بولغان ھالغا كەلدى. شۇ سەۋەبتىن، بۈگۈنكى پانئىسلامچىلار دەپ قارىلىدىغان ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى، پانتۈركىزمچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك مىللىيەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى، دىنىي جامائەتلەرگە يېقىن سانىلىدىغان سائادەت پارتىيەسى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىزچىل ھەققانىي ۋە پرىنسىپال مەيداندا بولالماۋاتىدۇ.

تۈركلەردىكى خىتاي ئىشتىياقىغا پىلتە بولۇۋاتقان ئامىللاردىن مائارىپ ئارقىلىق ئەۋلادمۇ ئەۋلاد سىڭدۈرۈلۈۋاتقان مىللەتچىلىك، ئوسمانىيچىلىق ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەنىڭ تەشۋىقاتى ئارقىلىق كۆچلىنىۋاتقان پانئىسلامچىلىق ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تۈركىيەنى خىتاي تەرەپكە مايىل قىلىدىغان ئامىللاردىن ياۋروپا بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا ھەل بولماي كېلىۋاتقان، تۈركلەرنىڭ نېرۋىسىنى پات-پات

غىدىقلاپ تۇرىدىغان قىبرىس (سىپرۇس)، گىرىتسىيە ۋە ئەرمەنىيلەر مەسىلىسىنىمۇ تىلغا ئېلىش مۇمكىن. خىتاي بۇ مەسىلىلەردە دائىم تۈركىيەگە يان باسقان بولۇۋالىدۇ. ئۇندىن باشقا، خىتاي بىلەن تۈركىيەنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدىكى ئورتاق مەيدانى، ئىككى دۆلەتتىكى غەربكە بولغان ئورتاق نارازىلىق، خىتاينىڭ خەلقئارا سەھنىدە بىتەرەپلىكى ۋە غەربنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە تۈركىيەنى توختىماي تەنقىدلەشلىرى تۈركىيەدىكى خىتاي ئىشتىياقى ئۈچۈن يېڭى يېڭى باھانىلەرنى يارىتىپ تۇرىدۇ.

تۈركىيەدىكى كومپارتىيە ۋە كوممۇنىستىك كۈچلەرنىڭ تەسىرىمۇ خىتاي ئىشتىياقىنىڭ بەزى قاتلاملاردا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇشىغا سەۋەب بولغان. تۈركىيەدىكى كوممۇنىستلار خىتاينى كوممۇنىستىك دۆلەت دەپ قاراپ ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئۇلارچە تۈركىيە خىتاي ماڭغان يولدا ماڭسا، خىتايدەك ياۋروپادىن ئېشىپ كەتكەن پەۋقۇلئاددە كۈچ بولالايتتى. تۈركىيەدە ھەتتا ماۋزېدوڭچى گۇرۇھلارمۇ بار بولۇپ، ئۆزلىرىنى ماۋچىلار دەپ ئاتايدۇ. بۇلارمۇ خىتايغا شەيدا كىشىلەردىن تەركىب تاپقان. تۈركىيەدىكى بۇنداق كوممۇنىست ئېقىمغا مەنسۇپ كىشىلەر پەقەت ئوقۇمۇشلۇقلارغا مەنسۇپ بولۇپ، كۈچلۈك ئاممىۋىي ئاساسى يوق دېيىلىدۇ. ئەمما سوتسىيالىزمچى، خىتاي ئاشناسى دوغۇ پەرىنچەك دېگەن كىشىنىڭ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئىمزا توپلاپ، 2018 - يىللىق پرېزىدېنت سايلىمىغا نامزات بولغانلىقى كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ.

خىتاينىڭ قىسقىغىنا 30 يىل ئىچىدە كۈچلىنىپ دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادى كۈچكە ئايلانغانلىقىمۇ تۈرك خەلقىنى قايىل قىلغان يەنە بىر ئامىل. تۈرك بازارلىرىنى قاپلىغان خىتاي مەھسۇلاتلىرى ئاۋامنى خىتاي ھەممىنى ياسىيالايدۇ، خىتايدا ھەممە نەرسە ئەرزان، خىتايدا ھەممە تېخنىكا ئىلغار دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويغان بولۇپ بۇ خىتاي ئىشتىياقىنى ئاممىۋىي ئاساسقا ئىگە قىلغان ئەڭ موھىم ئامىل. خىتاي بىلەن تۈركىيەدە ئورتاق مەۋجۇت بولغان پارىخورلۇق، مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئىش پۈتكۈزۈش، ئاغىنە-بۇرادەرچىلىك ئادىتى ئىككى ئەلدىكى خەلقنى بىر بىرىگە جەلىپ قىلىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خۇلاسە قىلغاندا، تۈركىيەدىكى خىتاي ئىشتىياقى ئۇزۇن تارىخقا، كەڭرى ئاممىۋى ئاساستا ۋە بەلگىلىك كەلگۈسى ئىستىقبالغا ئىگە هادىسە بولۇپ، ئالدىمىزدىكى يىللاردا تارىخقا ئايلىنىشى مۇمكىن بولمايدىغان، بەلكى ئىزچىل داۋاملىشىدىغاندەك كۆرۈنىۋاتقان بىر هادىسىدۇر.

## تۈركىيەدە ئۇيغۇرلاشماق

2018 - يىل مارتنىڭ 15 - كۈنى ئىستانبۇلدا ھەيۋەتلىك نامايىش بولدى. نەچچە مىڭ ئۇيغۇر شوئارلار بىلەن كوچىلارنى تىترىتىپ نامايىش قىلدۇق، ئەمما باياناتنى چوڭ مەيدانغا كەينىمىزنى قىلىپ يىراقتا بەردۇق. چوڭراق مەيدانغا بارالماي، كوچىدىن چىقماي تۇرۇپ قىلغان نامايىش ئېغىر كېلىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، سورالغان:«شۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكى نېمە زۇلۇم قىلدى شەرقىي تۈركمەنىستاندا؟» دېگەن سوئال نېرۋىلارنى بىئارام قىلدى.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكى دېگەن سۆزنى كىچىكىمدە خىتايدا ئاڭلاپ باققان ئىدىم. ئەمما ئەقلىمنى بىلسەم، خىتايغا دىت كىرىپ بۇ سۆزنى ئىشلەتمەس بولغان ئىكەن. ئۇنتۇپ كېتەي دەپ تۇرغاندا تۈركىيەگە كېلىپ قايتا ئاڭلىدىم، بۇ سۆز تۈركىيەدە بازارلىق چىقىپ قالدى. تۈركىيەدە يۈز بەرگەن يامانلىقلارنىڭ كەينىدە ئامېرىكىنىڭ بارلىقىنى تۈركلەر دائىم سۆزلىشەتتى.

بازارلىرىنى خىتاي ماللىرى قاپلىغان، شەھەر - شەھەردە خىتاي شىركەت، زاۋۇت ۋە بانكىلىرى پائالىيەت قىلىۋاتقان، خىتاي تېلېگراف شىركەتلىرى قۇرغان سىگنال تارقىتىش نوقتىلىرى تۈركىيەنى قاپلىغان، خىتايدا ئىشلەنگەن بارماق دېسكا، كومپيۇتېر ۋە تېلېفونلار تۈرك ئېلېكرون بازىرىنى تولدۇرغان، خىتاي كومپارتىيەسى 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئۆگىنىلگەن بۇ دۆلەتتە كىشىلەرنىڭ خىتاي زۇلمىنى قويۇپ، ئامېرىكىنىڭ جاھانگىرلىكىنى ئەيىبلىشى، بىز قىلىۋاتقان نامايىشنىڭ سەۋەبىنمۇ ئامېرىكا قىلغان زۇلۇم دەپ چۈشىنىشى مېنى خېلىغىچە خامۇش قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ كۈنى گېزىتكە چىقىرىمەن، زىيارەت قىلىمەن دەپ رەسىمگە تارتىپ، تېلېفون نومۇرۇمنى يېزىۋېلىپ، بىر مۇنچە ئاۋارە قىلىپ يوقاپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈرك مۇخبىرمۇ بەكلا زەردەمنى قايناتقان ئىدى. ئۇ راست مۇخبىرمۇ ياكى خىتايغا ئىشلەيدىغان جاسۇسمۇ دەپ دەرگۇمان ئىدىم.

«ئامېرىكىلىقلار سىلەرگە نېمە قىلدى؟» دېگەن سوئالدىن تۈركلەرنىمۇ خىتاينىڭ تەشۋىقاتىغا يەم بولغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالدىم. كىچىكىمدە خىتاي تەشۋىقاتلىرىدا «غەرب دۈشمەن كۈچلىرى، چىرىك كاپىتالىستىك تۈزۈم، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى» دېگەن سۆزلەر كۆپ تىلغا ئېلىناتتى. نامايىش جەريانىدا قىزىقسىنىپ سوئال سورىغان تۈركلەرنىڭ ئاغزىدىنمۇ يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ، خىتاي ۋە تۈركىيەدىكى غەربكە دۈشمەنلىكنىڭ ئورتاق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

تۈرك تاماشىبىنلارغا تارقاتقان ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇم ھەققىدىكى تەشۋىقات يولۇچىلارنى قىزىقتۇردى. سورالغان سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ بولغىچە، جاۋاب ئۇلاردىن چىقىپ بولدى. جاۋابلار كۆپىنچە بىزگە قىلىنىۋاتقان زۇلۇمنىڭ ئارقا پىلانىدا «غەرب جاھانگىرلىكى، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى، يوشۇرۇن يەھۇدىي كۈچلىرى، خرىستىئانلارنىڭ دۈشمەنلىكى» دېگەندەكلەرنىڭ بارلىقى ئىدى. ئۇلار بىز كۆرۈۋاتقان زۇلۇمنىڭ مەنبەسىنى يۇقىرىقى سۆزلەر بىلەن يەشكەندە، رەددىيە بېرىپ بولالماي قالدىم. ئاخىرىدا ئۆزىدىكى ئىچكى زىددىيەت، قىينچىلىق ۋە ئىقتىدارسىزلىقنى ئېتىراپ قىلماي،ھەممە سەۋەبنى سىرتقى دۈشمەن كۈچلەرگە دۆڭگەپ قويۇشنىڭ پەقەت خىتايغىلا خاس قالاق مەنتىقە ئەمەسلىكىنىمۇ ھېس قىلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، دىققەت قىلسام، بەزى تۈركلەر بىزنىڭ نارازىلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى، بىز كۆرۈۋاتقان كۈلپەتلەرنىڭ مەنبەسىنى غەرب جاھانگىرلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان دۇنياۋىي تەڭسىزلىككە باغلاپ چۈشىنىدىكەن ۋە چۈشەندۈرىدىكەن. ئۇلار نېمىشقا زۇلۇم تارتىۋاتقانلىقىمىزنى سوراپ بولۇپ، جاۋابىنى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرى بىلەن خۇلاسە قىلىشىدىكەن. ئۇلار نەدە مۇسۇلمانغا زۇلۇم بولسا، شۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ سايىسىنى تېپىشقا تىرىشىدىكەن. ئۇلار سادامنىڭ قانخورلۇقى، كازافىينىڭ زالىملىقى، بىن لادىننىڭ قاتىللىقىنى ئاقلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى غەربنىڭ ئويۇنى قىلىپ خۇلاسە قىلىشىدىكەن. ئادەتتە تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇيغۇر ئۇچرىغان

زۇلۇم ھەققىدە باشلانغان سۆھبەت دائىم تۈرك دانىشمەنلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى بويىچە زۇلۇمنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى بولغان غەرب ۋە يەھۇدىيلار ھەققىدىكى پەرەز، ۋەز، لېكسىيە ۋە تەۋسىيەلەر بىلەن ئاياقلىشاتتى.

ختايدا ھەرقانداق بىر قارشىلىق ھەرىكىتى، نامايىش ياكى نارازىلىق بولۇپ بولغىچە، غەرب باشچىلىقىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش ئەۋج ئالغان بولۇپ، تۈركىيەدىمۇ بۇنىڭ ئوخشاش ۋارىيانتى مەۋجۇت ئىدى. تۈركىيەدە 2016 ـ يىلدىكى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان ھەربى قوزغىلاڭنىمۇ بەزىسى كۆزىنى يۇمۇپلا ئامېرىكىغا، بەزىلىرى ئەنگلىيەگە دۆڭگىدى. دەسلەپ مەن بۇنداق چۈشەندۈرۈشنى تۈركىيەدىكى ئوقۇمىغان، كۆپ مەلۇماتلىق بولالمىغان كىشىلەرنىڭ دۇنيانى چۈشىنەلمەي، ئۆزىنى تەسەللى تاپقۇزۇش ئۈچۈن توقۇپ چىققان رىۋايىتى دەپ ئىشىنەتتىم، بىر مۇھاكىمە يىغىنىدىن كېيىن، ئىشنىڭ ئۇ قەدەر يىلتىزسىز، ئاددىي ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

بىر كۈنى تۈرك ئوجاقلىرى تەشكىلاتىنىڭ ئىستانبۇل كادىكۆي شۆبىسى مېنى ئانا تىل ھەققىدە لېكسىيەگە تەكلىپ قىلدى. مەن توپلىغان ماتېرىياللىرىم ۋە كەچمىشلىرىمگە باغلاپ، ۋەتەندە ئانا تىلنىڭ قانداق چەكلەنگەنلىكى ھەققىدە دوكلات بەردىم. دوكلات تۈگەپ، مۇلاھىزە باسقۇچى باشلاندى. مۇلاھىزىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھاجىرەتتە ختاي زۇلمىغا قارشى نېمە قىلىۋاتقانلىقى تېما بولدى. ھەمدە سۇرگۈندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىمگە تايىنىش ياكى تايانماسلىقى توغرىسىدا مۇنازىرە بولدى. يىغىن ئەھلى ئىچىدىكى ئۇيغۇرنى خاتا يولدا دېگۈچىلەر، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ گېرمانىيەنى بازا قىلغانلىقى، ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنىنىڭ ئامېرىكا ئىكەنلىكىنى دەستەك قىلىپ، ئۇيغۇرلار غەربنىڭ سەنىمگە ئۇسسۇل ئويناش بىلەن ئەيىبلەندى.

سەھنىدە مېنى قارىتىپ قويۇپ، يۈز بېرىۋاتقان مۇنازىرىگە قاراپ ئويلىنىپ قالدىم، ئەجبا ئۇلار ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ھەممە يامانلىقنى قادىرلىقىغا شۇ قەدەر چىنپۈتۈپ كەتكەنمىدۇ ، غەربنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن بولۇشىنى شۇقەدەر ئارزۇ قىلامدىغاندۇ ياكى بۇلار دۇنيادىكى قۇدرەتلىك كۈچلەر بىزگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ

دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك، قالتىس ئىقتىدارلىق، قالتىسلىقنى پەش قىلامدىغاندۇ؟ ئۆزىنى غەربنىڭ قارشىسىغا ئېلىپ، دۇنيادا ئادەتتىكى ئەمەس، ئەڭ كۈچلۈك ئەللەرنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىدىن غۇرۇرلىنامدىغاندۇ؟ ئۇلار قاقشاۋاتقان كاپىتالىستلار، مۇستەملىكىچىلەر، جاھانگىرلار، زالىملار قاتارىدا خىتاي يوقمۇ؟ يوق بولسا، مەن باياتىن بېرى نېمىدىن شىكايەت قىلدىم؟ مەن نېمىگە ۋەتەنسىز قالدىم؟

خىتاي قىلىۋاتقان زۇلۇم ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان لېكسىيەدە قايىنغان ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ زوراۋانلىقلىرى توغرىلىق مۇنازىرىگە قاراپ، ئانامنىڭ جاھانگىر ھەققىدە ئېيتقانلىرى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئانامغا: "جاھانگىر دېگەن نېمە؟" دېسەم، ئانام ئوچاقنىڭ يېنىدىكى لاخشىگىرنى كۆرسىتىپ: "چوغنى قىسقاننى لاخشىگىر دەيمىز، جاھاننى قىسقاننى جاھانگىر" دېگەن ئىدى.

مۇنازىرىچىلەر بارغانچە قىزىشىپ تالاشماقتا ئىدى. ئۇلار جاھاننى قىسىۋاتىدۇ دەپ خىيال قىلغان ئامېرىكىنى جاھانگىر دەپ، خىتايدەك يەرەكنى قىسقان، تىلنى بوغقان، ئىنسانغا خاس بارلىق ئوي- پىكىرلەرنى تەھدىت ساناپ، مىليونلاپ ئۇيغۇرنى قارا زىندانغا بەنت قىلغان تېرورچى ھاكىمىيەتنى نېمىشقا جاھانگىر دېمەيدىغاندۇ؟ بىر قىسمى ياشلار ۋە قىران كىشىلەردىن، قالغانلىرى پېنسىيەگە چىققان خىزمەتچى ۋە پروفېسسورلاردىن تەشكىللەنگەن مۇنازىرىچى كىشىلەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

مۇنازىرە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىپ كەچ قالدىم. خەيرلىشىپ چىقتىم -يۇ، كەلگەن يولۇمنى تاپالمىدىم. ئامالسىز تاكسى توسۇپ مېڭىشىمغا توغرا كەلدى. تاكسىچىمۇ باشقا تۈركلەردەك گەپخۇمار ئىدى. ۋەتىنىم سورالدى، زۇلۇملارنى سۆزلەپ بەردىم. تاكسىچى: "شۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ كارنىيىدىن بىر ئالالىساق، مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزاتتۇق، ئوسمانىيلار بولغان بولسا، مۇسۇلمانلار زۇلۇمدا قالمايتتى" دېدى. ئاڭلاپ ھەيرانۇ ھەس قالدىم.

پروفېسسوردىن تاكسىچىغىچە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە خۇمار بولغان بۇ كىشىلەرگە خىتايىنىڭمۇ جاھانگىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش تەستەك قىلاتتى. بارغانچە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىكى «غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار، غېرىبقا غېرىب يىغلار» دېگەن مىسرالارنىڭ مەنىسىگە يېتىپ باراتتىم. چۈنكى جاھانگىرنىڭ قىسماقلىرىدا

قىسىلغىنى مەغرۇر تۈركنىڭ ئەمەس، مەزلۇم ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكى ئىدى. ئۇلار شۇڭا قىسىلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى، بىلدۈرۈشكە ھەر قانچە تىرىشساقمۇ، جاھانگىرلارنىڭ قولىدا قېينىلىپ باقمىغان بولغاچقا، لاخشىگىرىدە قىسىلىشنىڭ، تونۇردا ئۆكلىنىشنىڭ ئازابىنى ھېس قىلالمايتتى. تۈركىيەدە ياشىغان ۋاقتىم ئۇزارغانچە تۈركلەشمەكتە يوق، ئېخىمۇ ئۇيغۇرلىشىپ كېتىۋاتقىنىمنى سېزەتتىم، بارغانچە ئۆزۈمنىڭ پەقەتلا ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلماقتا ئىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تۈركىيەدە يۈزىمىز

بىز يۈزنى «ئىناۋەت» دەپ بىلىمىز، يۈز دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا «تېرە» دېگەن مەنىدىن ھالقىپ كەتكەن. كىشىلەرنىڭ: «تۈركىيەدە ئالامەت يۈزىمىز باركەن» دېيىشكەنلىرىنى ئەقلىمنى بىلسەم ئاڭلايتتىم. يازار - توقارلارنىڭ ئېيتىشچە، تۈركىيەدە يۈزىمىز سەۋەبلىك ھەل قىلىپ بېرىشلەر، ئېتىبار قىلىشلار، يول قويۇشلار ھەققەتەن يۈز بېرىپ تۇراتتى. بىزمۇشۇ يۈزىمىز ئۈچۈن كۆپ بەدەل تۆلىگەن. مىڭلىغان ئۇيغۇر يۈزىمىزنىڭ چوڭلۇقىنى تاما قىلىپ ۋەتەندىن قوغلانغاندا، بارى - يوقىنى يىغىشتۇرۇپ تۈركىيەگە پاناھ تارتىپ كەلگەن ئىدۇق. ئەمدى بۇ يۈزىمىز كۈلمەس بولغان، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يۈزىنى كۆرۈشتىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن دەملەردە تۈركىيەدىكى ھەقىقى يۈزىمىزھەققىدە قايتا ئويلىنىپ قالدۇق.

تۈركىيەدىكى ئېكرانلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇشى يېڭىلىق ئەمەس. سوغۇق ئۇرۇشتىن بۇرۇن تۈرك ئېكرانلىرىغا ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن كۆپ چىقاتتىكەن. ياشتا چوڭراق مىللەتچى تۈركلەردىن ئەيسابەگنى بىلىدىغانلار ھازىرمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا تۈركىيەدە كوممۇنىستلىشىپ كېتىش خەۋپى بولغاچقا، ئەيسابەگ ئۇيغۇرلارنىڭ كوممۇنىستىك تۈزۈمدە كۆرۈۋاتقان كۈلپەتلىرىنى پاش قىلىپ، تۈرك خەلقىنى ئاگاھلاندۇرغان. ئۇچاغلاردا يۈزىمىز ئېكرانلاردا تەشۋىقات ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك.

سوغۇق ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئېكراندىكى كوممۇنىزمغا قارشى تەشۋىقاتلارغا ھاجەت چۈشمىگەن. ئەمما نيويورك ۋاقت گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان غۇلجا قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى دەھشەتلىك خەۋەر تۈرك ئېكرانلىرىدىمۇ بەس - بەستە خەۋەر قىلىنغان. 1997 - يىلدىكى غۇلجا پاجىئەسىدە تۈرك ئېكرانلىرى

ئۇيغۇرلارغا كۆپ ئورۇن بەرگەن. شۇ چاغدا ئۇيغۇرنىڭ دەردى تۈركىيەدە يەنە بىر قېتىم تونۇلغان. ئۇنىدىن كېيىن، بارات ھاجىنىڭ ھارماس سىماسى خېلىغىچە ئېكرانلاردا كۆرۈنۈپ تۇرغان. ئۇ چاغلاردا تۈرك ئېكرانلىرى ھەر خىل رەڭلەرگە ئورۇن بېرەلەيدىغان ھالەتتە ئىدى. كۆپ قۇتۇپلۇق تۈركىيەدە بىرەر پارتىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مۇتلەقلەشمىگەن ئىدى. شۇڭا يۈزىمىز يامان ئەمەس قىلىنغان، كىتاپ-ژۇرناللاردا تىلغا ئېلىنغان ۋە ئېكرانلاردا پارلىغان.

2009 -يىلدىكى ئۈرۈمچى پاجىئەسىدە ئۇيغۇرلار تېلېۋىزورلارنىڭ پاراڭ تېمىسى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلار كۆرۈۋاتقان زۇلۇم ئېكرانغا قاراپ جاھاننى چۈشىنىدىغان، ئەقلى كۆزىدە بولغان ئاۋام تۈركلەرنىڭ دىققەت نەزىرىگە چۈشكەن. ئېكراندىكى ياشلانغان يۈزىمىز سەۋەپلىك تۈركىيەدىلا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىكى تۈركلەر نامايىشقا ئاتلانغان. ئەردوغانمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانىغا ئايلانغان. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر نوپۇسى پارلامېنت باشلىقى بولەنت ئارىنچنىڭ ئاغزىدا ھېچ سەۋەبسىز 300 مىڭ بولۇپ كەتكەن. ۋەتەنىدە تۈركىيە قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرنىڭ يانچۇقىدىكى ئاقچىلار شاراقلاپ تۈركىيەگە ئاققان. تۈركىيەدە ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى تولۇق ھاكىم بولغاندا، بىلدۇقكى، يۈزىمىز مەنپەئەت ئۈچۈن دەسمي قىلىنغان ئىكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزى سۈرىيە ئۇرۇشى باشلىنىپلا ئېكرانلاردا قارا بايراق، قارا نىقابلار بىلەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. 2014 -يىلى مەن بىلەن بىر كامېردا ياتقان سابىق بىخەتەرلىك خادىمىنىڭ ئېيتىشىچە، 18 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر شەرقي جەنۇبىي ئاسىياغاسەپەر قىلدى ۋە تۈركىيەگە كەلدى، بۇلارنىڭ كۆپى سۈرىيەگە يۈزلەندى. «ئىسلام ئاۋازى» ئۈرۈمچىدە «جىھادىي ئەمەلىيەت» قىلغانلىقلىرىنى تەشۋىق قىلىشتى، سۈرىيەدىكى خەلىپىلىك تەرەپدارلار رەھبىرى خىتاينىڭ قېنىنى دەريا - دەريا ئاققۇزماقچى بولۇپ بايانات ئېلان قىلدى. تۈرك مەتبۇئاتىمۇ زۇلۇم ھەققىدە سۆزلەپ ھارمىدى. ئەمما 2015 - يىلى ئەردوغان خىتايغا بېرىپ يۈزىمىزنى يالغانغا چىقاردى ۋە تېرورچىلارغا ئورتاق قارشى تۇرۇشقا ۋەدە بەردى، شۇ ھامان تۈرك مەتبۇئاتلىرى ئۈچەككە كىرىپ كەتتى، ئېكرانلاردا يۈزىمىز كۆرۈنمەس بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2016 ـ يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزى يىغا ـ زار بىلەن يۇيۇلۇپ كەتتى، تۈرك ئېكرانلىرى بۇ يىغىغا ئېرەن قىلىپ كەتمىدى، ئېكرانلارنىڭ پۈتۈن سەھپىسى خىتاي ئىلتىپات قىلغان قەرزلەرنى خەۋەر قىلدى. 2017 ـ يىلىنىڭ ھارپا كېچىسى يۈز بەرگەن «رەينا ۋەقەسى» ئۇيغۇرنىڭ يۈزىنى بىر قىسىم قارا كۆڭۈللەرنىڭ بايراق ۋە ئېگىنلىرىدەك قارا قىلدى. ۋەقەدىن كېيىن، تۈركىيەنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى ۋەيسى قايناق ساقچىلارنىڭ تولۇق خۇلاسە چىقىرىشىنى كۈتمەيلا: «بۇ ۋەقەنىڭ باش گۇماندارى ئۇيغۇر بولۇشى مۇمكىن» دېدى ھەمدە خاتالاشقان ئەھۋالدىمۇ كەچۈرۈم سوراشنى رەت قىلدى. ئۇيغۇرغا خىتايدا سۈركەلگەن قارا تۈركىيەدە ھەق بولۇپ ئىسپاتلاندى. يۈزىمىزنىڭ ھېچبىر ئېتىبارى قالمىدى، ھاكىمىيەتنىڭ يۈزسىزلىكلىرىمۇ ئاشكارىلاندى.

2018 ـ يىلى ئۇيغۇرغا ئەڭ ئېغىر كەلگىنى، يۈزىنى كۆتۈرەلمەي قالغىنى شۇ بولدىكى، پۈتۈن دۇنيادىكى چوڭ ئېكرانلار ئۇيغۇرلار ھەققىدە خەۋەرلەر ۋە مەلۇماتلارنى كۆرسىتىۋاتقان ۋاقىتتا، تۈرك ئېكرانلىرى سۈكۈتكە چۆمدى. ھەيران قالارلىقى، تۈركىيەدىكى تۈرك ئېكرانلىرىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادىكى تۈرك مەتبۇئاتىمۇ ئوخشاشلا سۈكۈتتە. بۇئۇيغۇرنى قېرىنداشلىق ھەققىدە مەيدىسىگە ئۇرغان، تۈركلۈك ھەققىدە ۋەز ئېيتقان كىشىلەردىن ئۈمىتسىزلەندۈردى.

بىز كەلگۈلۈكلەرنى مۇسىبەت ئەمەس، سىناق دەپ بىلىمىز. ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكى پۇچىلانغان مۇشۇ كۈنلەر بىزگە ھەقىقەتنىمۇ بىر سىناق بولدى. بىز دىنىي قېرىنداش دەپ بىلگەن، غېمىنى قىلغان مۇسۇلمانلار زارىمىزغا قاراپ قويۇپ، جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى. بىز مىللىي قېرىنداش دەپ بىلگەن، بىز ئۈچۈن مەيدانلارنى تولدۇرىدۇ دەپ ئىشەنگەن قېرىنداشلىرىمىز كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇيغۇرغا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قىرغىنچىلىقتا مۇسۇلمان ئەللەردىكى ھاكىمىيەتلا ئەمەس، خەلقىمۇ بىپەرۋا تۇرۇشنى راۋا كۆردى.

بۇ مۇسىبەت باسقان، غېرىبلىق ئولاشقان، چارىسىز قالغان دەملەردە، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئىنسانلىق ھەققىدە قايتا ئويلىنىشى مۇمكىن. بەلكىم بۇ سىناقتا بىزنى تاشلىۋەتكەن مۇسۇلمان ئەللەر، تۈركىي خەلقلەر بىزگە بىر مىللەت

ئۇچۇن نېمىنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگىتەر. كىشىلىرىمىز پىكىردە مىللەتلەرنى دىن نۇقتىسىدىن مۇسۇلمان، مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قېرىنداش دەپلا قاراشتىن بارلىق ئىنسانلارنى دىنىغا، تىلىغا ۋە ئىرقىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى ۋىجدانىغا، ئىنسانلىق سۈپىتى ۋە ساپاسىغا قاراپ، قېرىنداش ياكى ئەمەس دەپ قاراشقا يۈكسىلەر. ئۇيغۇر ئۇچۇن ھەق مەيداندا تۇرغان ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى، ئۇيغۇر كۆرۈۋاتقان كۈننى خىتاينىڭ يۈزىگە دېيەلىگەن نورۋېگىيە دۆلىتىنى، ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ب د ت دا خىتايىنى ئەيىبلىگەن ئامېرىكا دۆلىتىنى مۇسۇلمان دۆلىتى بولمىغاچقىلا يات كۆرىدىغان، دۈشمەن سانايدىغان كىشىلەرنىڭ سانى ئازلار، بۇ دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلغۇچىلارنى دوست سانايدىغان كىشىلەر ساددىلىقتىن ساقلىنار.

بۇ مۇسىبەتتىكى يالغۇزلۇقتا كىشىلىرىمىز باشقىلارغا ئىمانىغا قاراپ باھا بېرىشتىن توختاپ، ھەقتە چىڭ تۇرغان، زۇلۇمغا قارشى تۇرغان، ئادالەت ئۇچۇن كۆكرەك كەرگەن مەيدانىغا، بۇ يولدىكى ياخشىئەمەللىرىگە قاراپ باھا بېرىدىغان بولار. كىشىلىرىمىز ئىنسانلارغا پەقەت دىن نۇقتىسىدىنلاقاراپ ھېسداشلىق قىلىش ۋە ھېسداشلىق تاما قىلىشتىن، باراۋەر ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن قاراپ ياردەم قىلىشقا ئۆزگىرەر. زۇلۇمغا قارشى داۋا مەيدانىغا، ئادالەت مەيدانىغا چىقماي، مەسجىدتە، خىلۋەتتە، ھېچ كىمگە كۆرۈنمەي قورقۇپ دۇئا قىلىشنىڭلا يېتەرلىك ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەر.

يۇز دېگەن شۇنداق نەرسە ئىكەن، تۈركىيەدە يۈزىمىز بار ياكى يوق بولۇشنىڭ ئىستانبۇلنىڭ ھاۋاسىدەك، تۈركىيەنىڭ لىراسىدەك ئۆزگىرىشچان بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. ئەسلى بىر ئەلدە باراۋەر قانۇنىي ھوقۇقىمىز كاپالەتلىك بولماي، ئىنسانلىق قىممىتىمىز ئېتىراپ قىلىنماي، ئىرقىمىز، دىنىمىز، مىللىتىمىزگە قارالماستىن، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنماي تۇرۇپ ئېرىشكەن يۈزىمىز يۈز ئەمەس، سەدىقە ئىكەن. ئەمدى بىز سەدىقە دېگەننىڭ تىلەمچىگە ئىچى ئاغرىغاندا بېرىدىغان، قانداشلىق نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر تۈركى ئىكەن، دىن نۇقتىسىدىن مۇسۇلمان ئىكەن دەپ بېرىلىدىغان بىر ۋاقىتلىق تەسەللى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

بىز بىچارە سۈرگۈن، بىقىندى مەزلۇم يۈزىمىزنى دەپ ئىچ ئاغرىتىپ ئېچىلغان

www.uyghurkitap.com

ئىشىكلەرنىڭ ھامان بىر كۈنى يۈزىمىزگە يېپىلىدىغىنىنى كۆرۈپ يەتتۇق. يەنە شۇنى بىلدۇقكى، بىز خىتايدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىن تىلەشكە مەجبۇرلانغان بولساق، تۈركىيەدە ئىنسانلاردىن يۈز تاما قىلىشقا، ئورگانلاردىن دىنىمىز ۋە مىللىتىمىز سەۋەبلىك ئىمىلەرنىدۇر تىلەشكە كۆنۈشكە باشلاپتىمىز.تۈركىيەدە بۇنداق مەرەز خۇيغا گىرىپتار بولغىنىمىز ۋە ھېچقاچان قۇتۇلۇش يولىنى تاپالمىغىنىمىز بىزگە مۇسىبەت ئۈستىگە ماتەم بولۇپتۇ. ئەگەر بېشىمىزغا كەلگەن بۇ سىناق، يامان كۈنلەردىكى بۇ يالغۇزلۇق بىزگە مىللىي ۋە دىنىي قېرىنداشلىقنى ۋاستە قىلىپ، تاماخورلۇق قىلىشتىن قۇتۇلۇش پۇرسىتى بەرسە، سۆيۈنسەك بولىدۇ.

## تېپىلماسنىڭ خورمىسى

ئەرەبىستانغا بېرىش ۋە كەبىنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا ئۆيلىغانلىرىمنى دەپ بولالمايمەن، ھەممىنى ئىپادىلەشكە تىلىم لال. ئەمما بىر بىرلەپ دەپ بەرگۈم كېلىدۇ. بۇرۇن «كەبىنىڭ ئورنى»، «ئانامنىڭ رەڭدار ياغلىقى» قاتارلىق يازمىلىرىمدا ئىخلاسمەن مومام بارالمىغان، دادام رەھمىتى كۆرەلمىگەن كەبە ھەققىدە ئۆيلىغانلىرىمنى يازغان ئىدىم. بۈگۈن يەنە بىرنى سۆزلەي، ئەمما بۇ خورما ھەققىدە ئەمەس.

ئىستانبۇل ئايرودرومىدا ئېھرام باغلىغاندىلا قوللار تىترەپ، ئىلگەكلەر تولا قولاشمىغان، مەندە ئېيتىپ بولغۇسىز بىر ھاياجان ھاسىل بولغان ئىدى. بۇ ھاياجان كەبىنى ئايلانغان مىنۇتلاردا يىغىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ كۈنى پەرقلىق ئىرق، مىللەت ۋە تىلدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەر ئايال، قېرى ياش دەپ ئايرىلماستىن يۈم يىغلاپ كەبىنى ئايلىنىپ دۇئا قىلىشلىرى بىر ئومۇمى خورنى ھاسىل قىلغان ئىدى. بۇ خورغا ھەقىقى ئەگەشكەن ئىنساندا جاھاننى سوراۋاتقان پۇل، ھوقۇق خۇمارى، ھاياتنى ھايۋانىيلىققا سۆرەۋاتقان شەھۋەتنىڭ ۋەسۋەسىسى يوقاپ، پەقەت ئاللاھ دەپ تېپىنغان، پاكلانغان قەلبلا قالاتتى. ئايالارنىڭ يۈزلىرى ئوچۇق، كىيىنىشى ھەرخىل، پەقەت ئەرلەرلا ئاققا ئورالغان. قۇرئاندا ئەرلەرگە ئايالاردىن ئېغىرراق مەسئۇلىيەت يۈكلىگەن ئاللاھ بىزنى ئىچ تېشىمىزنى ئاق قىلىشقا، دائىم پاك يۈرۈشكە، ئېھرامدەك ئاق ياشاشقا تاللىغان بولسا كېرەك.

كەبىگە بارغان تۇنجى كۈنى خاتىرەمگە «ئەگەر ئۇيغۇرلارئاللاھ ئىنسانلارغا بەرگەن كىيىنىش ھوقۇقىنى، ياشاش ئەركىنى ۋە ئويلاش ئازاتلىقىنى بىر بىرىمىزدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تارتۇالماي، چەكلىمەي، ياراتقۇچى زېمىنىمىزغا، ھاياتىمىزغا ئاتا قىلغان گۈزەللىكنى ۋە تەبئىيلىكنى قەدىرلەپ مۇھاپىزەت قىلغان بولساق، ئاياللىرىمىزنى ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئوبيېكتى، بالا تۇغىدىغان ماشىنا ئەمەس، بىر ھاياتلىق بەرپا قىلىدىغان، بىر جەننەت بىنا قىلىدىغان ھەمراھ دەپ قارىغان بولساق، بالىلىرىمىزنى ئوقۇشتىن، مەرىپەتتىن، مەدەنىيەتتىن قاچۇرۇپ، قارا جاھالەتكە، قاراڭغۇ روھىيەتكە، قالاق تەربىيەگە ئىتتەرمىگەن بولساق جەننەتتەك ماكانىمىزدىن قوغلانماستۇق، بۇقەدەر بىچارىلەرچە تىترەپ، پىتراپ يۈرمەستۇق... »، دەپ يازغان ئىكەنمەن.

كەبىگە بارغان شۇ كۈنى تۈرك ئىمام ئاللاھتىن ۋەتەندىكى زۇلۇمنى ئۈستىمىزدىن يوق قىلىش ھەققىدە دۇئا قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلغاندا ئۇيغۇرلار بىر بىرىمىزگە قارىشىپ تاراپ كەتكەن، پەقەت بىر قانچىمىزلا قالغان ئىدۇق. تۈرك ئىمام بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىدى. تاۋاپ جەريانىدا ئۇ مەندىن بۇنىڭ سەۋەبىنى نەچچە قېتىم سورىدى. مەن ھەر قانچە چۈشەنچە بېرىپمۇ زۇلۇمغا قارشى دۇئادىن قاچقان، تۈرك ئىمامغا ئەگىشىپ ئامىن دېيىشىپ بېرىشتىنمۇ باش تارتقان كىشىلەرنى ئاقلاپ بولالمىغان ئىدىم. «زۇلۇم بار يەردە ئىمان بولمايدۇ» دېگەن ئىدى، ئۇ كىشى.

شۇ كۈنكى خاتىرەمنى«ئەپسۇس، ئادالەتنى قوغداشتا، ھۆرلۈكتە چىڭ تۇرۇشتا، ھەققىمىزنى قولدىن بەرمەسلىكتە ئېھرامدەك ئاپئاق كېپەنلەرنى كىيىپ نامازغا تۇرغاندەك ھەر زامان تەييار تۇرغان بولساق، زۇلۇمنى ھەرىكىتىمىز، تىلىمىز ۋە روھىمىز بىلەن ھەر قاچان رەت قىلغان بولساق، قۇمدەك چېچىلىپ،كۆلدەك خار بولماستۇق» دەپ داۋام قىپتىمەن يەنە. شۇ چاغدا بولغان بەزى ئىشلارنى ئويلاپ ئېرىپ كېتىمەن، يېزىلغانلارنى ئوقۇسام ھازىرمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ، كەيپىياتىم ئېغىرلاپ،تېخىمۇ مۇرەككەپ تۇيغۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىمەن.

ئەپسۇس، كەبىدىن چىققىنىمدا ھايات يەنىلا رەھىمسىز يۈزىنى كۆرسەتتى. ئەرلەركەبىدىن چىققان پېتى ئېھرام بىلەن خالىغان يەرلەردە غىزالانسا، ئاياللار دەرھاللار يۈزلىرىنى چۈمكەيتتى. بەزىلىرى بالىلىرى بىلەن كوچىدا ئولتۇرۇپلا داستىخانلىرىنى ياياتتى. بىز ياشاۋاتقان ئاسىيادا ساۋاتسىزلىق نىسبىتى ئاياللارنىڭ

يۈقۈرى، ئوقۇشتىن قېلىش قىزلاردا كۆپرەك، ئىشسىزلىق ئاياللاردا كۆپ، شۇڭا كەمبەغەللىك ئاياللاردا ئېغىر ئىدى. شۇ سەۋەپلەردىن بولسا كېرەك مەيلى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلاردا ياكى ئەرەپلەردە بولسۇن ئاياللارنىڭ دىنىمىز تەلەپ قىلغان دەرىجىدە ئىززەتلىك بولالمايۋاتقانلىقى ھەقىقەت. مەيلى قايسى دىن، مەسلەك ياكى ئىدىيەدىن چىقىپ سۆزلەيلى ئىززەتنىڭ مەنبەسى كۈچ، بايلىق ۋە بىلىم بولۇۋاتقانلىقى ئەمەلىيەت. ھوقۇقسىز، پۇلسىز، بىلىمسىز ئاياللارنىڭ ئىززىتى پەقەت ئېغىزدا بار ئەمەلدە يوق. ھەر دائىم ئاياللارنىڭ دىندىكى ئەمەس ئەمەلىيەتتىكى ئىززىتى ھەققىدە ئويلىسام، ئەرەبىستاندا ئۇچراتقان پەرقلىق مەنزىرە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

مۇقەدەس تۇپراقتا لەببەيىك توۋلاپ كىرىپ كەلگەن كېچىسى، يىغلاپ دۇئا قىلغان پېتى كەبىنى يەتتە قېتىم ئايلاندۇق. ئوخشىمىغان دۆلەت، مىللەت ۋە ئىرقتىن ئەرلەر، ئاياللار، باللار بىر ئېقىن بولۇپ ئاقتۇق. ماڭا تەسىر قىلغان ئىش، ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئايرىم سەپ بولماي، ياكى ئاياللارنىڭ كەينىدە ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ماڭماي، بەلكى ھەممەيلەننىڭ مۇسۇلمان سۈپىتىدە بىر دەريا بولۇپ ئارىلىشىپ، ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ ئاققىنى بولدى. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاپئاق ئورانغان، ئاياللار ھەرخىل كىيىمدە. دېمەك، ئەرلەرگە قويۇلغان قاتتىق كىيىنىش تەلىپى ئاياللارغا قويۇلمىغان. ھەممە ئايال كىشىنىڭ يۈزى ئوچۇق. كەبىدىكى بۇ ھال، ئاياللار بىر خىل قارا كىيىپ، يۈزىگە نىقاپ تاقايدىغان، ئەرلەر خالىغانچە كىيىنەلەيدىغان ئەرەبىستان كوچىلىرىنىڭ تەتۈرى. نېمىشقا ئاياللارغا كەبىنى ئايلانغاندا ئاللاھ بەرگەن ھوقۇقنى، شۇلار كوچىغا چىقىپ بولغۇچە ئەرلەر تارتىۋالىدۇ؟

سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى پادىشاھ ئابدۇللا ئۇنۋېرسىتىتىدا ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار بار ئىدى. شۇ سىڭىل- ئىنىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇلار تۇرۇۋاتقان مەكتەپكە قاراپ ماڭدۇق. يولدا ئۇسسۇلۇق ئىچكىلى چۈشۈپ بىر ئىشقا كۆزۈم چۈشتى: بىزدەك توختاپ ئۆتكەن ئەر يولۇچىلار ماگىزىننىڭ ئىچىدە ھاۋادانلىق، ئازادە، سالقىن يەردە ئولتۇرۇپ ئىچىملىك ئىچىپ، هاردۇق ئېلىۋاتاتتى. ئۇلار بىلەن بىر ماشىنىدىن چۈشكەن ئاياللار بولسا سىرتتا، تونۇردەك ھاۋادا، قوللىرىدا كولا ئىستاكانلىرىنى تۇتقىنىچە، ماگىزىنغا كىرىپ چىقىۋاتقان كىشىلەرگە كەيننى قىلىپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ماگىزىندا ئاياللارغا مەخسۇس خانە ئاجرىتىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەرلەر بىلەن بىر ماگىزىندا ئولتۇرۇپ ئۇسسۇلۇق ئىچەلمەيدىكەن. بۇ شەرىئەتمىش.

بۇنداق ئادالەتسىزلىككە مەنبە بولغان قاملاشمىغان پەتىۋانى ھەر ئويلىسام غەزىپىم كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇرلار مۇبارەك كەبىمىز ئەرەبىستاندا بولغانلىقى سەۋەپلىك، بۇ تۇپراقتىكى ئادەت، پىكىر ۋە شەيئىلەرگە ئېھتىرام بىلەن قارايدۇ. ھەتتا ئەرەبنىڭ خورمىسى دېسىمۇ ئالاھىدە مۇقەددەس بىلىدۇ. شۇڭا بىزدە «تېپىلماسنىڭ خورمىسى» دەيدىغان ئاتا سۆزى پەيدا بولغان. بۇ زېمىننىڭ مۇقەددەسلىكى شۇ يەردە ئۆسكەن خورما، ياشىغان ئەرەب ۋە شۇلاردا كۆرۈلگەن ئادەتنىڭمۇ بىزدە، ئېڭىمىزدا مۇقەددەسلىشىپ كېتىشىگە يول ئاچقان.

بىزدە يېقىندىن بېرى مۇقەددەسلەشكەن، تېپىلماسنىڭ خورمىسى بىلىنىپ ئومۇملاشقىنى قارا پۈركەنجە. ھەرەمدە كۆزىتىشىمچە، بىز بىلەن ئۆمرە ھەجگە كەلگەن ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ ئايروپىلاندىن ساق چۈشۈپ، كەبىگە بېرىشنىڭ ئالدىدىلا، رەڭدار كىيىملىرىنىڭ ئورنىغا قاپقارا « تاغار»لارنى كىيىشۈلىشى دەل شۇ ئەرەبىستاندىكى ئاياللىق ئۆلچىمىنى مۇقەددەس بىلىشۋالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق مۇقەددەس بىلىش ئىچىدە مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، ئەگەر قىز ئاياللىرىمىز ئەرەبىستاندىكى ئاياللارغا قىلىنىۋاتقان يۇقارقى زۇلۇمنىمۇ دىن دەپ قوبۇل قىلىۋالسا، مەزلۇملۇق، بېقىندىلىقنى تېپىلماسنىڭ خورمىسىدەك چوڭ بىلسە ئۇيغۇرنىڭ، مەھكۇم ۋە مەزلۇملۇقى ئۇزىراپ كېتىدۇ.

مېنىڭ چۈشىنەلمەيدىغىنىم شۇ ئىدى:ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ ئەكسىچە بىز بىللە ئۆمرە ھەج قىلغان تۈركىيەلىك، مالايسىيەلىك، ھىندونېزىيەلىك ئاياللار نېمە ئۈچۈن ئەرەبىستان ئاياللىرىنىڭ كىيىنىشىنى دورىمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئاياللار چاپسانلا قارا رەڭگە، جاھالەتكە ئەگىشىپ كېتىدۇ؟ بەلكىم بۇ يەردە ئۇيغۇر ئۆلىمالارنىڭ شۇنى تەشەببۇس قىلغانلىقىمۇ سەۋەپ بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مەنچە بۇ خەلقىمىزدىكى ئۆز ۋەتىنىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرا سالاھىيىتىدە ئۇزاق ياشاپ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ سۇنۇشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. بەلكىم خەلقىمىز دىنى چۈشەنچە جەھەتتە ئۇزاق ۋاقىت چالا ساۋات، ھەتتا ساۋاتسىز قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭمۇ توغرا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەي، مەككىدە نېمە بولسا شۇنى ئۆلچەم

قىلىشنى تاللىغان بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم مەككىلىك ئەرەپلەرنى خۇددى 1400 يىل بۇرۇنقى ساھابىلەردەك ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلار دەپ قاراپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى قايسى سەۋەپتىن بولمىسۇن مۇنداق بېقىندىلىق ئۇيغۇردا بېقىندى ئەۋلاتلارنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەپ بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئائىلىدە ئانا تۇنجى ئۇستاز، ئانا تەربىيەسى ئائىلىدىكى دائىملىق بولاق.

ئۇيغۇردىكى « تېپىلماسىنىڭ خورمىسى » دېگەن ئاتالغۇ قاتناش تەرەققىي قىلمىغان زامانلاردا، تروپىك بەلۋاغ قۇرغاق ئىقلىمدا ئۆسىدىغان شۇ مېۋىنىڭ دىيارىمىزدا تېپىلمىغانلىقى، خەلقىمىزنىڭ ھەدىسلەردە ۋە قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بۇ مېۋىگە بولغان ئىخلاسى ۋە تەشنالىقى بىلەن پەيدا بولغان. بۈگۈن زامان ئالماشتى، ئۇيغۇر ئۈچۈن خورما ھازىر تېپىلماس مېۋە ئەمەس، خورما ۋە تۆگىنى ھاياتىغا ھەمراھ قىلغان، تارىختا ساھابە بولغان ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈن يوق. بۈگۈنكى ئەرەبلەرگە مىراس قالغىنى پەقەت ئاتا بوۋىسىنىڭ ئەرەبلىكى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئەجدادلىرىنىڭ رەسۇلىمىز زامانىدىكى ساھابىلىكى ئەمەس. ئۇيغۇ شەكسىز مەككىنى قىبلە قىلىدۇ، ئەمما بۈگۈنكى ئۈچۈر دەۋرىدە، بىلىم ئىگىلىكىدە ياشاۋاتقان تۇرۇپ مەككىلىكلەرنىڭ پىكرىگە، كىيىنىشىگە، ئادەتلىرىگە ئەگەشكىنى ئۇلارنى دىنىدا ئۈلگە قىلىشى توغرا ئەمەس. بۇ جاھالەتتىن بۆلەك نەرسە ئەمەس. ئەرەب ۋە ئەرەب مەدەنىيىتى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىز ئۈچۈن تېپىلماسىنىڭ خورمىسى ئەمەس، ئۇ ئىسلام تېخىمۇ ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تەبلىغ قىلامدۇق، تەدبىرمۇ

تۈركىيەدە ئۇيغۇرلار يىغىلغان بەزى جامائەت سورۇنلىرىدا تەرتىپسىزلىك كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا كۆپىنچە يا باللارنىڭ ۋاراڭ چۇرۇڭلىرى زالنى بىر ئالىدۇ، يا خالىغانچە كىرگەن چىققانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن دىققەت چېچىلىدۇ ياكى ئورۇن يېتىشمەسلىك، ئورۇن ئىگىلەش سەۋەبىدىن قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ ۋە ياكى پائالىيەت ۋاقتىدا باشلانماي، ئۇسكۈنە ئىشلىمەي، تەشكىللىگۈچى كىچىككىپ،غودۇراش بولۇپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق مەسىلىسى تۈركىيەگە ئورتاق كېسەل بولۇپ، بەك چېنىپ كەتمەيدۇ. ئەمما باللارنى ئېلىپ كېلىش، ئورۇن قالماسلىق، ئۇسكۈنە چاتىقى قاتارلىق مەسىلىلەر كۆزىتىشىمچە ئۇيغۇر تەشكىلاتچىلار ۋە داۋاگەرلەرگە خاس ھادىسە ئىكەن.

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىغىلىشلىرىدا مۇشۇنداق ئەھۋال بولۇشتىن بۇرۇن، بولغاندا ۋە بولغاندىن كېيىن دائىم تەنقىدلەر ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى بىر ئالىدۇ ۋە بۇنىڭغا جاۋابەن تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ تەنقىدچىلەرنى پىتنىچىلەر، خىتاينىڭ ئادىمى، تەپرىقچىلەر دېيىشلىرى تارقىلىدۇ ۋە تەبلىغ قىلىنىدۇ. جامائەت سورۇنىدا نېمىلەرگە رىئايە قىلىش كېرەكلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىدۇ، نۇتۇقلار سۆزلىنىدۇ. ھالبۇكى، مۇشۇ كۈنگىچە يۇقىرىقى ئەھۋاللاردا ھېچبىر ئۆزگىرىش بولغىنىنى كۆرمىدىم. ئەسلى بۇ مەسىلىلەر داۋاملىق چىقىدىغان بولغاچقا، بىرەر مەسئۇلنى بەلگىلەپ يېتىشەلمىگەندە، ياردەملىشىدىغان پىدائىيلارنى بېكىتىپ قويسا، ئىش ھەل بولىدۇ. ئەمما بۈگۈنگىچە تەدبىر قىلىنماي، تەبلىغ قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز نېمىشقا شۇنداق قىلىمىز؟

بىزدىكى توختىماي قىلىنىۋاتقان تەبلىغ ۋە توختىماي تەكرارلىنىۋاتقان ئۇۋەن، تەربىيەنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ماس قەدەمدە كۆپىيىپ بېرىۋاتقان ئىللەتلەر مېنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ: «قۇت بەلگىسى بىلىگدۇر» دېگەن سۆزى ھەققىدە ئويلاندۇردى. نېمە ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆزى دۇنياغا مەشھۇر بولماقتا يوق، ئۇيغۇردىمۇ ئۇنتۇلۇپ، باكون ئوتتۇرىغا قويغان ئوخشاش مەنىدىكى: «بىلىم كۈچتۇر» دېگەن سۆزى پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى؟ مانا بۇ سۆزلەشنى، تەبلىغنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش بىلەن ئەمەلىيەتنى، ئىسپاتلاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. بۇۋاڭ قالدۇرغان ۋەسىيەتكە، ھېكمەتكە ئۆزۈڭ ئەمەل قىلىپ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىمىساڭ، دۇنيانى ئۇنىڭ ھەق ئېيتىلغان سۆز، ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھېكمەت ئىكەنلىكىگە قانداق ئىشەندۇرىسەن؟

بىز ئەجدادلىرى بىلىمنىڭ كۈچ، بەخت-سائادەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن بىر مىللەتنىڭ پۇشتى، "بىلىم قۇت بەلگىسىدۇر" دەپ جاكارلىغان ئالىمنىڭ ئەۋلادلىرى تۇرۇپ، بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى تاكى مۇشۇ كۈنلەرگىچە تونۇپ بولالماي، بىلىم ئۆگىنىلىدىغان مەكتەپكە سەل قاراپ، قۇرئاندا تەكىتلەنگەن ئىلىم دىنىي ئىلىمنى پەننى ئىلىممۇ دەپ تالىشىپ، باللىنى مەكتەپكە بېرەمدۇق ياكى مەدرىسىگىمۇ دەپ مۇنازىرە قىلىپ يۈرۈپتۇق. ئەمما "بىلىم كۈچتۇر" دېگەن سۆزنى يۈسۈپ بوۋىمىزدىن بەش يۈز يىل كېيىن ئېيتقان ئەنگلىيەلىك باكوننىڭ ئەۋلادلىرى بىلىمگە ئالىقاچان مۇرەسسەسىز يۈرۈش قىلغاچقا، تەرەققىياتتا ھازىر دۇنياغا ئۇستاز بولۇپ، بىزنى تېك تۇتۇپ ياشاپ تۇرۇپتۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

يۈسۈپ بوۋىمىز بىلىمنىڭ قىممىتىنى، موھىملىقىنى ئالتە مىڭ بېيىتتىن ئارتۇق كۆلەمدىكى بىر كىتابقا ئىسىم قىلىپ قويغان ۋە ئۇنىڭغا "بىلىم بەخت ئېلىپ كېلىدۇ" دېگەن مەنىدە «قۇتادغۇ بىلىگ» دەپ ئات قويغان. شۇندىن كېيىن، بۇنداق بىلىمگە دەۋەت قىلىدىغان چاقىرىق 14 -ئەسىردە خاتىرىلەنگەن خەلق قوشاقلىرىدىن تارتىپ،يېقىنقى زاماندا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگىچە ئۈزلۈكسىز دېكلاماتسىيە قىلىنىپ، ناخشا قىلىپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. شۇنداق تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بىلىمگە ئاتلىنالمىدۇق؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىزگە بىلىمنىڭ قەدرى شۇ قەدەر ئۆتتۈلۈپ كەتكەنكى، «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن شېئىر دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن، ناخشا قىلىپ ئوقۇلغان. مەنچە كەم دېگەندە نەچچە مىليون ئۇيغۇر بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ باققان. ھالبۇكى، بىزدە مەيلى بىلىمنىڭ مۇھىملىقى ئۈچۈن قەدىمكى بوۋىمىز داستان يازسۇن، مەيلى يېقىنقى شائىرىمىز نەزمە پۈتسۇن ياكى بۈگۈنكى سەنئەتكارلار ناخشا قىلىپ ئورۇنلىسۇن، بىز پەن سۆيۈلگەن، پەن ئۆگىنىش ساۋاپ دېيىلگەن، پەن ئومۇملاشقان، مەسىلىگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش قوبۇل قىلىنغان بىر مۇھىتنى بەرپا قىلىپ بولالمىدۇق. پەننى، ئىلمىيلىكنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ پىداكارلىرى بولۇپ باقمىدۇق. بىلىمگە ئاشىقلىق پەقەت ئابدۇرەھىم ھېيتنىڭ دۇتارىدا قالدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى؟ بىزدە پەننىڭ كۈچىنى ئىسپاتلايدىغان، بىلىمنىڭ بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويالايدىغان بىر كۈچ شەكىللەنمىدى؟ پەن نېمىشقا ئومۇملاشمىدى؟

بىلىمنىڭ كۈچ ئىكەنلىكىگە مىڭ يىل بۇرۇن ئىشەنگەن بىر مىللەتنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلاتلىرىنىڭ مۇشۇ كۈنگىچە پەنگە يۈرۈش قىلىپ بولالمىغانلىقى بىزگە مەسىلىنى پەقەت تەشۋىق، تەبلىغ، يىغىن، ناخشا ۋە خىتابلار ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولۇشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۈنۈمسىز ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ئۇيغۇرلار مەيلى ۋەتەندە ياكى سۈرگۈندە بولسۇن، كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلە دىنىدا سۇسلۇقتىن ئەمەس، مەسىلە تەبلىغنىڭ قىلىنماسلىقىدا، تەشۋىقنىڭ كەملىكىدە ئەمەس. بۇ يەردە ۋەتەندىن كىچىككىنە بىر مىسالنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

كىچىك ۋاقتىمدا، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە تېزەك تېرىپ باراتتى. باللارنىڭ كىتاب سېلىنغان سومكىسى ئۈنتۈلسا تەنقىد قىلىنمىغان بىلەن تېزەك سېلىنىدىغان سېۋىتى ئۈنتۈلسا تەنبىھلەر تەييار ئىدى. مەكتەپكە بارغىچە كىم چاققان، كۈچلۈك، تۇغقان - جەمەتلىك بولسا، شۇ كۆپ تېزەك تېرەتتى ۋە مەكتەپتە ئاكتىپ سانىلاتتى. ئۇ چاغلاردا دەرستىكى نەتىجە ئەمەس، سىنىپقا دۆۋىلەنگەن تېزەك بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيتتى. ھەر سەھەردە يولدا تېزەك تالىشىپ مۇشتلاشقان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرەتتىم. ئانام ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، دائىم جېدەل ئايرىپ، نەسىھەت قىلىپ مالال بولاتتى.

چوڭ بولدۇم، باللىقمۇ بولدۇم. قىزىم مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاچقۇچ تۇتۇشقا نەقەدەر خۇشتارلىقى ماڭا غەلىتە بىلىندى. ئۇنىڭ بوينىغا سىنىپ، ھاجەتخا ئاچقۇچلىرى ئېسىلغان بولۇپ، ھەر كۈنى سەھەر سائەت ئالتە بىلەن مەكتەپكە بېرىپ بولىدۇ. كەچتە ھەممە بالا مەكتەپتىن يانغاندا، ئاندىن قايتىدۇ. مەن ھەر قانچە نەسىھەت قىلىپمۇ ئۇنى ئاچقۇچنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قايىل قىلالمىدىم.

ئاردا قىزىم بىلەن سىنىپداش سىڭلىمنىڭ قىزى ئوقۇتقۇچىسىنى مەكتەپكە ئىنكاس قىلىپ ئەمەلدىن چۈشۈپتۇ، بىچارە قىزىم يىغلاپ: «ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىغا مەن باشلىق بولارمەنمۇ، مۇئەللىم مېنى باشلىق قىلارمۇ» دەپ ئويلاپتۇ. بۇ ماڭا قىزىمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاچقۇچ تۇتۇشقا ھېرىسمەن بولغانلىقىنى ئاڭقىرتتى. دېمەك، قىزىمدا ئوقۇتقۇچىغا ياخشى كۆرۈنۈپ ئەمەل ئېلىش، ئەمەل بىلەن كۈچلۈك بولۇش خاھىشى يېتىلىپ بولۇپتۇ.

مەيلى مەن باللىق دەۋرىمدە كۆرگەن تېزەك تالىشىش بولسۇن ياكى قىزىم سەبىيلىك ھاياتىدا كۆنگەن ھوقۇق تالىشىش بولسۇن، بىلمىنى ۋاستە قىلىدىغان، دەستەك قىلىدىغان، تايانچ قىلىدىغان رىقابەت ئەمەس، مەن تېزەك تالاشقاندا لازىم بولىدىغىنى جىسمانى كۈچ، دوست، تۇغقان بولسا، قىزىم ئەمەل تالاشقاندا لازىم بولىدىغىنىمۇ بىلىم ئەمەس، بەلكى يۈۋاشلىق، ئىتائەت ۋە خۇشامەتتۇر. بۇ بىزگە كىشىلەرنىڭ ۋەتەندە نېمە ئۈچۈن يۇقىرىغا خۇشامەت قىلىشقا، مۇناسىۋەت قۇرۇشقا، تۇغقاندارچىلىققا، بۇرادەرچىلىككە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنى كۈچلەندۇرۇشكە، كىتاب ئوقۇشقا، كەسپتە ئىلگىرىلەشكە، پەرزەنت تەربىيلەشكە ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرسە كېرەك. چۈنكى بىز رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقىشنىڭ، ھاياتتا خۇۋلۇق كۆرۈشنىڭ، جامائەتتە ئىززەتلىك بولۇشنىڭ بىردىنبىر ئامىلى بىلىم بولغان بىر جەمئىيەتتە ياشاپ باقمىدۇق.

دېمەك، جەمئىيەتتىكى ھالەت شەخستىن نېمىنى تەلەپ قىلسا، ئىنسان شۇنىڭغا تىرىشىدىغان گەپ. ئۇيغۇردىكى ئاڭلىق بىر قاتلام ئىزچىل تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسان، ھاكىمىيەت، ئىلاھىيەت، ھەققانىيەت ۋە ئادالەت ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ كەلگەن. كىشىلەرنىڭ قىلىقىدىن، ئويىدىن، جامائەتچىلىكىدىن مەسىلە چىققاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇقۇمۇشلۇقلار بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلماي قالمايدۇ. ھالبۇكى زىيالىيلار بۇنداق چاغلاردا ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى، تۇزۇمنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولمىغاچقا، ئۇيغۇرغا ۋە ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ شەخسلەرگە خىتاب قىلىشقا مەجبۇر. ئۇيغۇرغا خىتاب قىلىشتا ئاسانراق دەستەك قىلىدىغىنىمىز دىنىمىز ۋە ئەجدادلارنىڭ ئەسەرلىرى. تۇزۇمگە ۋە ھاكىمىيەتكە بىۋاستە، ئاشكارە تەنقىت يۇرگۇزۇپ، خىتاب قىلالمايدىغان مۇنبەردىكى سەللىلىك ياكى سەللىسىز ئىلىم ئەھلىنىڭ دىنىدىن ۋە بوۋىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل قىلىپ سۆزلەيدىغىنى تەشۋىق ۋە تەبلىغلەردۇر. شۇ سەۋەپتىن ئارىمىزدىن ئىزچىل تەبلىغ قىلىدىغان، سۆزىنىڭ كۆچىگە زىيادە مايىل بىر قاتلام چىقىپلا تۇردى.

خۇددى تارىختا يېزىلغانىدەك بىلىمنىڭ موھىملىقى، نادانلىقنىڭ زىيانلىرى ھەققىدە كۆپ پىداكارلىق قىلىندى، ئۇنۇمى بولۇش ئۇمىد قىلىنغان بولسىمۇ، ئىپسىل ۋەز - نەسىھەت ۋە لېكسىيەلەر تۇزەلگەنلەرگە سۆزلەندى، بولۇپمۇ تۇزىمەكچى بولغانلارغا خىتاب قىلىندى، ئەمما مۇھىت شۇ پېتى قالدى. چۈنكى مەن كىچىكىمدە كۆرگەن تېزەك تالاشقانلار، بۇگۇن پۇل، ھوقۇق، شۆھرەت تالىشىدۇ. ئىقتىساد، مەنسەپ، ئىناۋەت كىشىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەۋاتسا، بىز پۇلپەرەستلىكنىڭ زىيىنىدىن، بىلىمنىڭ پايدىسىدىن سۆزلىسەك قۇلاققا خۇشياقمايدۇ-دە!

تارىخنى تاشلاپ بۇگۇنگە، سۇرگۇندىكى ھاياتقا قايتىپ كەلسەك، مەنچە مۇھاجىرەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋەتەندىكىلەردىن پەرقلىق، بولۇپمۇ، غەربتە ياشاۋاتقانلار بىلىم پۇلغا ئايلانغان جەمئىيەتتە ياشىماقتا. بىلىم پۇلغا ئايلانغان جەمئىيەتتە ۋاقىت قىممەت يارىتىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا: "بىلىم بەخت دېمەكتۇر، ۋاقىتىڭ كەتتى بەختىڭ كەتتى" دەپ تەبلىغ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلارغا ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىمىسەكمۇ، ۋاقىتقا ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇرلار شەخسنى ۋە مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە قىسمەن قادىر. شۇڭا ئەمدى مەسىلە يۇز بەرگەندە، ھاكىمىيەت سەۋەبلىك تەدبىر قىلىشقا، ئۆزگەرتىشكە كۈچىمىز يەتمىگەن چاغلاردىن قالغان، ھە دېسىلا مىللەتكە ۋە شەخسكە خىتاب قىلىدىغان، ئامالسىز تەبلىغ ۋە تەشۋىق قىلىدىغان ئەنئەنىنى نەچچە مىڭ كىلومېتىر نېرىدا قويۇپ، تەدبىر قىلىمىز. شۇڭا ۋەتەندە چارىسىزلىكتىن كۈنگەن ۋەزخانلىق،

تەبلىغچىلىك ئادىتىنى مۇھاجىرەتتە داۋام قىلىش ئۈيغۇن ئەمەس.

ھازىر دۇنيادا ھەر بىر ساھە بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللەندى. ئادەم باشقۇرۇش، تەشكىللەشمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىلىم. شۇڭا باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەشتە چىققان مەسىلىگە دىنىمىز ۋە تارىخىي ئەسەرلىرىمىزنى ۋاستە قىلىپ تەبلىغ ۋە تەشۋىق قىلغانىنىڭ ئورنىغا شۇ ساھەدىكى ئىلىمگە ۋە ئىلىم ئەھلىگە مۇراجەت قىلىش كېرەك. ھېچ بىر ئېنىق ئادەم ياكى ئېنىق مەسىلىگە قارىتىلماي بىز دەپلا كۆپۈپ باشلانغان تەنبىھلەردە ھەممە ئادەمنى تەڭ ئەيىبلەپ، مىللەتنى ئىللەتلىك كۆرسەتكەنىنىڭ ئورنىغا، باشقۇرۇش ئىلمى بويىچە چاتاقنى تېپىپ، تەدبىر قوللىنىش ۋە تۈزۈم بېكىتىش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇنۇملۇك يولىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## خىتايچە تەسەۋۋۇردا ئۇيغۇر

خىتاي كومۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرغا قىلىۋاتقان زۇلۇمىدىن نەپ ئېلىۋاتقان، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىۋاتقان، زۇلۇمنىڭ ئىجراچىلىرى بولۇۋاتقان خىتاي خەلقىمۇ كۆزىمىزگە دۈشمەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنداقتا، بىز خىتايغا قانداق كۆرۈندۇق، خىتاي خەلقى بىزگە قانداق قارايدۇ، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا بىز زادى قانداق مىللەت، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىدىكى ئۇيغۇرلار زادى قانداق دېگەن سوئاللار بەزىدە ئەقلىمىزنى غىدىقلايدۇ. بۇ مۇئەممالارغا: «ياخشى قارايدۇ، يا يامان قارايدۇ، ئۆچ ياكى ئامراق، چوڭ كۆرىدۇ يا پەس كۆرىدۇ» دەپلا جاۋاب بېرىش ئاسان، ئەمما توغرا ئەمەس. موھىمى ئۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ئىلمىيلىك تېخىمۇ ئەمەس.

خىتاي ئۆلكىلىرىدە 11 يىلدىن ئارتۇق ياشاش جەريانىدا كۆزىتىشىمچە، خىتاي خەلقىنىڭ ئېڭىدا ئىككى ئۇقۇم بار. بىرى خىتاي، يەنە بىرى ئازسانلىق مىللەت. بىزدىكى خىتايلار «ئازسانلىق مىللەت» دېگەن سۆزنى قىسقارتىپلا «مىللەت، (مىنزۇ)» دەيدۇ، قىسقىرايدىغىنى «ئازسانلىق» دېگەن سۆز. ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئىستېمالىدا كۆرۈلىدىغان مىللىي كادىر، مىللىي رايون، مىللىي مائارىپ دېگەن سۆزلەردىكى «مىللىي» سۆزى ئەمەلىيەتتە «ئازسانلىق مىللەت» دېگەن سۆزنىڭ خىتايچە «مىنزۇ» دەپ قىسقارتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىغا «مىللىي» دەپ خاتا تەرجىمە قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خىتايچە «ئاز سانلىق مىللەت» دېگەننى «مىللىي» دەپ تەرجىمە قىلىپ قوللىنىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇر تىلىدا مىللىي دېگەن سۆز «دۆلەتلىك» دېگەن مەنىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا 1944 -يىلى قۇرۇلغان ئارمىيمىزمىللىي ئارمىيە، دۆلەت مارشىمىز مىللىي مارش دېيىلەتتى.

تۇڭگانلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان رايوندا ياشايدىغان خىتايلار ئۆزىنى

«كۆپسانلىق» دەپ ئاتاپ، قارشى قۇتۇپتىكى تۇڭگانلارنى «ئازسانلىق» دەپ ئاتايدۇ، تۇڭگانلارغا مىللەت دېگەن سۆز ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ، خىتايلارنىڭ ئېڭىدا تۇڭگانلارغا بولغان «بىز-خەق، ئۆز-يات» ئۇقۇمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان بىز-خەق ئۇقۇمىغا قارىغاندا غۇۋالىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ تۇڭگانلارنىڭ ئايرىم مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىققا باغلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

تۇڭگانلار خىتايلارغا پەقەتلا بىر ئازسانلىق كىشىلەر بولۇپ تۇيۇلسا، بىز ئۇلارغا تولۇق قارشى قۇتۇپ بولۇپ بىر مىللىي (مىللەت) سۈپىتىدە كۆرۈنىمىز. خىتايلار ھەر زامان چىرايى، تىلى، مەدەنىيىتى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئۇيغۇرغا يولۇققاندا ئۆزىنىڭ خىتاي ئىكەنلىكىنى دائىم ۋە كۈچلۈك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا بىزدىكى خىتايلارنىڭ مىللىي تۇيغۇسى قالغان يەرلەردىكى خىتايلارغا قارىغاندا بەكرەك كۈچلۈك.

خىتاي ئۆلكىلىرىدە ياشاۋاتقان خىتايلارغا قارىغاندا بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇزاق ياشىغانلارنىڭ بىزدىن خەۋپسىرەش تۇيغۇسى ئاجىز. ئىنساننىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بەكمۇ قىزىقارلىق بولىدۇ. ناتونۇش موھىت، ناتونۇش چىراي ۋە ناتونۇش تاۋۇشلار كىشىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. شۇڭا ھەر قانچە ئوغرىلىق يامرىغان بولسىمۇ مەھەللىمىزدە ئۆزىمىزنى بىخەتەر ھېس قىلىمىز. ياتلار ئارىسىدا ھەر قانچە قورقساقمۇ، ئۇيغۇرچە گەپ قۇلاققا كىرگەن ھامان بىزگە جان كىرىدۇ. بىزدە ياشايدىغان خىتايلار تىلىمىزنى ئاڭلاپ، تامىقىمىزنى يەپ، چىرايىمىزنى كۆرۈپ كۆنگەچكە بىزدىن يېڭى كەلگەن كۆچمەن خىتايلاردەك ئۈركمەيدۇ. شۇڭا «خىتاينىڭ ئېڭىدىكى ئۇيغۇر» دېگەندە بارلىق خىتايلارنى «بەربىر خىتاي،بىزگە ئوخشاش قارايدۇ»، دەپ بارلىق خىتايلارنى بىر تاياقتا ھەيدەپ «ئۇلار بىزگە مۇنداق قارايدۇ» دەپ ئومۇملاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

2001 -يىلى سېنتەبىردىن كېيىن خىتاي خەلقى بىزنى ئالدى بىلەن مۇسۇلمان دەپ قارايدىغان بولدى. ئۇلار بىزنىڭ ئۆزىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بىر مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بىز خۇددى مەدەنىي دۇنيانىڭ قارشىسىغا ئۆتكەن ئاشقۇن تالىبانلاردەك «زامانىۋىي» خىتايلار ئۈچۈن «ئەسەبىي» چاتاقچىلارغا

ئايلىنىپ قالدۇق. خىتايلار 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان دېگەن سۆزنى تولۇق قوبۇل قىلغان ئەمەس. مەن خىتاي شەھەرلىرىدە كىشىلەرنىڭ خىتايچە ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى ئەمەس، مۇسۇلمان دېگەن سۆزنىمۇ چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بايقىغان. مەزكۇر ۋەقە خىتايلارغا مۇسۇلمان دېگەن بىر سۆزنى تېرورچى دېگەن سۆز بىلەن باغلاپ چۈشەنچە بەردى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خەلقئارا تېرورچى دەپ جاكارلىشى خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر ھەققىدىكى قاراشلىرىغا بىر رامكا يارىتىپ بەردى. بىز شۇندىن كېيىن يۈز بەرگەن ھادىسىلەر جەريانىدا «مۇسۇلمان-تېرورچى» دېگەن فورمىلاغا چۈشۈپ كەتتۇق.

2009 ـ يىلى بەشىنچى ئىيۇل پاجىئەسى ۋەقەسى سەۋەبلىك ئۈرۈمچىدە خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ چېگراسى تولۇق ئايرىلدى. بىزنىڭ ئايرىم مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى بىلمىگەن ئاۋام خىتايلار تولۇق بىلدى. ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلىقىنى تاماق يېگەندىلا ئېسىگە ئالىدىغان ئۇيغۇرلارمۇ ئۇيغۇرلۇققا قايتىشقا باشلىدى. بۇنداق ئورتاق ئۇيغۇرلۇققا قايتىش خىتايلاردا ۋەھىمە پەيدا قىلدى.

2014 ـ يىلى نويابىردا قاماقتىن چىقسام، كەنت-كەنتتە ئۇسۇل قايناپ، كىشىلەر كەسپىي دېھقاندىن كەسپىي ئارتىسقا ئايلىنىپ كەتكىلى تۇرغان ئىكەن. ئەقلىمگە تۇنجى كەلگەن سوئال، ئۇلار نېمىشقا بىزگە ئۇسۇل ئوينىتىدۇ؟ نېمىشقا بىزنى خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئومۇملاشقان «ئالما ئۇسۇلى» ئويناشقا سالىدۇ؟ دېگەنلەر بولدى. گېزىت ژۇرناللارغا قارىسام «مەدەنىيەتكە مەدەنىيەت ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش، دىنغا دىن ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش» دېگەن سۆزلەر ئۇچراپ قالدى. دېمەك، «ئالما ئۇسۇلى» خىتاينىڭ نەزەرىدە زامانىۋىيلىق، زامانىۋىي مەدەنىيەت، شۇڭا ئۇلار بىزنى ئۆزىدەك «زامانىۋىيلىق» قا ۋە «مەدەنىيلىك» كە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىنى ئويناتقىلى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئۇيغۇرلارنىڭ تويدا نەغمە ـ ناۋانى تاشلاپ، ئۇسۇل ئوينىماس بولۇپ كەتكەنلىكى ئىكەن. ئەگەر شۇنداق بولسا نېمىشقا ئۇيغۇر ئۇسۇلىنى ياكى ھېچ بولمىغاندا دولان ئۇسۇلى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن گۈزەللىك گىمناستىكى ئويناتماي، خىتايدا ئومۇملاشقان «مەيدان ئۇسۇلى» ئۆگىتىلىدۇ؟ سۈرۈشتە قىلسام، ئاپتونوم رايونلۇق ھېچبىر ئورگاندىن چوقۇم «ئالما ئۇسۇلى» ئوينايسەن دېگەن بۇيرۇق يوق ئىكەن. يۇقۇرىدىن

تەلەپتە زامانىۋىي مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىشقا بۇيرۇلسا، تۆۋەندە خىتايلارنىڭ مەيدانلاردا ئوينايدىغان ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش باشلىنىپتۇ. خىتايلار ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى زامانىۋىي، بىزنىڭكىنى ئەنئەنىۋىي، فېئوداللىق مەدەنىيەت دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن بىزگە ئۇيغۇرچە سەنەمنى ئەمەس، خىتايچە مەيدان ئۇسۇلىنى تاڭغان. بۇ بىزنى باشقۇرۇۋاتقان خىتايلارنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى بىزنىڭكىدىن «زامانىۋىي» دەپ قارايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

2017 ـ يىلى مارتتا تورلاردا ئۇيغۇر ئەرلەر ئاياللىنىڭ پۇتىنى يۇيغان، ئاياللار يەرگە قارىۋالغان، ھەتتا بەزى ئاياللار يىغلاپ كېتىۋاتقان سىن تارقالدى. كاللامغا يەنە شۇ سوئال كەلدى. نېمىشقا؟ نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىدۇ؟ مەن بۇنى خىتاي ھۆكۈمىتى، كومپارتىيە بىر تۇتاش پىلانلىغان ئىش دەپ قارىمايمەن. خىتايلارنىڭ ئەنئەنىۋىي مەدەنىيىتىدە «ئەرلەر ئەزىز، ئايللار خار» دەپ قارالغان. كوڭزىچىلىق ۋە كوڭزىچىلىقنى سۇيىئىستىمال قىلغان خانلىقلار بۇ قاراشنى مۇقەددەسلەشتۈرگەن. خىتايلار ئۆزىنى ئىلغار مەدەنىيەتكە ئىگە دەپ قاراپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆزىئاللىقاچان «قۇتۇلۇپ» بولغان خانلىق-يەنى «فېئوداللىق» مەدەنىيەتكە مەنسۇپ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، بىزدىكى ئاتالمىش «ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار» دېگەن ئەنئەنىۋىي قاراشنى ئۆزگەرتىش، تۈگىتىش ئۈچۈن شۇ ئەخمىقانە ئىشنى ئويلاپ چىقىشقان.

خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرى توي‌لاشتۇرغان رەسىملەرگە قارىساق، كۆپىنچىسىدە قىزلار ئۇيغۇر، يىگىتلەر خىتاي. كۆپىنچىسىدە خىتايلار بېشىغا دوپپا كەيگەن كۆرۈنۈشتە. بەزىلىرىدە قىز ئوغۇل ياۋروپاچە كۆزگە چېلىقىدۇ. پەقەت بىر قانچە رەسىمدە ئۇيغۇر قىز خىتايچە كىينگەن، خىتاي يىگىت ياۋروپاچە كىيىم بىلەن. ماڭا ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلغىنى: نېمە ئۈچۈن قىز ئۇيغۇر، يىگىت پۇتونلەي خىتاي بولىدىغانلىقى ۋە نېمە ئۈچۈن خىتاينىڭ ئەرنىڭ دوپپا كىيىپ، ئۇيغۇر قىزنىڭ پۇتونلەي خىتايچە كىيىندۈرۈلمىگەنلىكى.

مەن بۇنى مۇنداق يېشىمەن: خىتاينىڭ ئۇيغۇرچە دوپپا كىيگىنى «مەن ساڭا تەۋە بولدۇم» دېگەن يالغان قىياپەتنى نامايان قىلىش بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق تەشۋىقاتلىق تويلاردا يىگىتنىڭ خىتاي، قىزنىڭ پۇتونلەي ئۇيغۇر بولۇشى، ساڭا ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىمەن، تاجاۋۇز قىلىمەن، سېنى ھامان بويسۇندۇرىمەن دېگەن ھەقىقى نىيەتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى خىتاينىڭ ۋەتەندىكى ئەلپازىدا ۋەتەندە ئۇيغۇردىن خىتايغا تېگىشكە زورلانغانلار چىققاندەك، ئېلىشقا زورلانغانلارمۇ چىقىشى ئېھتىمال. ماددىي جەھەتتىن قىزىقتۇرۇش، بىخەتەرلىك كاپالىتى، ئەمەلىنىڭ تاماسى قاتارلىق ئامىللار خىتايغا تېگىشكە سەۋەپ بولغاندەك، خىتايني ئالىدىغان ئەرلەرگىمۇ باھانە بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا نېمىشقا خىتايلار ئۇيغۇردىن "تەگكەن"لەرنى چىقىرىپ تەشۋىق قىلىپ، ئالغانلارنى چىقارمايدۇ، چۈنكى خىتاي بىزدىن قىز ئالغانلىقنى، بىزنىڭ غۇرۇرىمىزنى ئالغانلىق، بويسۇندۇرغانلىق دەپ چۈشىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگە قىز بەرمەيدىغانلىقنى، قىز بېرىشنى ھار ئالىدىغانلىقنى مۇشۇ يالغان تويىنى چىقارغان مەلئۇنلار ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ بۇ غۇرۇرىمىزغا خىرىس قىلىپ، روھىمىزنى تولۇق پايخان قىلىشنى غەرەز قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

خىتاينىڭ ئۇيغۇر بالىلىرىغا كوڭزىنىڭ تەلىملىرىنى يادلىتىشلىرى، خىتايچە كىيدۈرۈپ، ھەتتا كوڭزى دەۋرىدىكى ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرغۇزۇشلىرى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرنى نورمال خىتايلاشتۇرۇپ خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەسلى ئۇيغۇرنىڭ خىتايچە سۆزلىشى، ئۇيغۇرچە بىلمەسلىكى، ئىسلامغا ئىشەنمەسلىكى ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما «ئۇغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك» دېگەندەك، بىر ئۇيغۇرنىڭ بىر نورمال خىتاي بولۇشىمۇ ئۇلارنى قانائەت ھاسىل قىلدۇرالمايۋاتىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرنى ئۆزىدىنمۇ بەك خىتاي قىلىش، ھەتتا ئۆزىمۇ يېتەلمەيۋاتقان خىتايلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كوڭزىچىلىقنى ئۆگىتىپ، ئادەتتە ئۆزىمۇ كىيمەيدىغان مىللىي كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، ئادەتتە ئۆزىمۇ ئەمەل قىلمايدىغان كونا يوسۇنلىرىغا زورلاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرغا زۇلۇمنى خىتاي كومپارتىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قىلىۋاتقانلىقى راست. ئەمما خىتاينىڭ تەشۋىقاتىغا دۇم چۈشكەن، رادىكال ئىسلامنى ئۇيغۇر بىلەن باغلىغان، چوڭ خىتايچىلىقتىن زەھەرلەنگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدە خاتا تەربىيە ئالغان خىتاي سەرخىللارنىڭ زۇلۇمغا يانتاياق بولۇۋاتقانلىقىمۇ ئەمەلىيەت. ئەمما زۇلۇم قىلىۋاتقانلار ئىچىدە خىتايلارلا ئەمەس، بىزگە باشلىق قىلىپ ئەۋەتىلگەن باشقا

مىللەتلەرنىڭ بارلىقىنى، زالىملىقنى خىتايدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بەزى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بارلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، تۈزۈمنىڭ ئىنساننى پەرىشتە قىلىشقىمۇ، ئالۋاستى قىلىشقىمۇ قادىرلىقى بىزنى سەگىتىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ زۇلۇم مىللەتتىن ئەمەس تۈزۈمدىن كېلىدۇ، دېگەنگە تېخىمۇ چىن پۈتۈپ قالىمىز.

## دۇئا قىلامدۇق، داۋامۇ؟

يېقىندا بىر دوستىمىزنىڭ دادىسىنىڭ تۇتۇلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. خەۋەرنىڭ ئاستىغا چۈشكەن ئىنكاسلارغا قارىسام، تەسىرلىك گۈزەل دۇئالار بىلەن تولۇپتۇ ۋە بىر - بىرىدىن سۆيۈملۈك تەسەللىلەر خەۋەرنىڭ ئاستىغا مارجاندەك تىزىلىپ كېتىپتۇ. بىر ئادەممۇ: «قانداق قىلىمىز، نېمە تەدبىر قىلىمىز، سىزگە نېمە قىلىپ بېرەيلى؟» دېگەن بىر جۈملىنى دەپ تاشلىماپتۇ. بىرىگە كېلىشمەسلىك ياكى مۇسىبەت كەلسە: «نېمە بولدۇڭ، نېمىگە يىغلايسەن، كىم ھەققىڭنى تارتىۋالدى؟ قېنى شۇ مەلئۇن، جاجىسىنى بېرەيلى!» دەپ تەدبىر قىلىشنىڭ ئورنىغا: «سەۋر قىلىڭ، ئاللاھ ئاسانلىق بېرەر، ئاللاھ جاجىسىنى بېرەر، ئىگىمىز دۇئايىمىزنى ئىجابەت قىلار» دېگەندەك زىخمۇ ھەم كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، ھېچقانداق مەسئۇلىيەت يۈكلەنمەيدىغان، ھېچكىمگە تېگىپ كەتمەيدىغان يۇمىلاق گەپلەرنى قىلىپ، بىر - بىرىمىزگە ياخشىلىق قىلىپ ئەمەس، ياخشى كۆرۈنۈپ ياشايدىغان ئادەت ماڭا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلاتتى. پېشكەللىككە، ئازابقا، ئاغرىققا داۋا قىلماي دۇئا قىلىدىغان، ھەقسىزلىككە ئۇچرىغاندا كىشىلەرنى داۋاغا ئەمەس، دۇئاغا تەۋسىيە قىلىدىغان ئادەتنىڭ ئۇچ ۋاق غىزالىنىشتەك ئومۇملىشىپ كېتىشى بىنورمال ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، دۇئا ھەققىدە بىر ئىنكاس قالدۇرۇپ نەپرەتكە قالدىم.

مەن ئۇيغۇردا بىر ئادەم ئاغرىپ قالسا، سەۋەب قىلماي دۇئا قىلىدىغان ۋە ئۆلما ئىزدەپ دۇئا قىلدۇرىدىغان، شۇ سەۋەبتىن مەخسۇس دۇئاخان دېيىلىدىغان پارازىت قورۇتلار شەكىللەنگەن ئەھۋالىمىزدىن نارازى ئىدىم. دۇئاخان دېگەن سۆزدىكى «خان» كىتابخان، غەزەلخان بىلەن بىر قاتاردا «ئوقۇغۇچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كىتابخان كىتاب ئوقۇغۇچى، دۇئاخانلار دۇئا ئوقۇغۇچى دېگەن مەنىدە

ئىدى. ئۇيغۇردا كىتابخانىلىقنىڭ ئەمەس، دۇئاخانلىقنىڭ شەھەر - يېزىلارغا يامراپ كەتكەن كەسپكە ئايلانغانلىقى، بىر پېشكەللىككە دۇچ كەلگەندە، شۇ ساھەگە خاس ئۇيغۇرچە بىلىمنىڭ ئەمەس، ئەرەبچە دۇئانىڭ تىللاردا يادلىنىشى بىزنىڭ بۈگۈنكى پەرىشان، سەرسان، خانۇ ۋەيران بولۇشىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى - ئەلۋەتتە. بۇ سەۋەبنى ئىچكى ئامىل دەپ ئاتايمىز.

دۇئاخانلىقنىڭ ئىنساندا پەيدا قىلىدىغان سەلبىي تەسىرلىرىنىڭ پاسسىپلىق، جۈرئەتسىزلىك، مەسئۇلىيەتسىزلىك، ئەگەشمىلىك، جانباقتىلىق بولىدىغانلىقى ھالىمىزدىن مەلۇم. چۈنكى دۇئادا بىر ھەرىكەت پىلانى يوق، سەۋەبلەر ھەققىدە ئويلىنىش يوق، قۇتۇلۇش ھەققىدە تىرىشچانلىق يوق. بىز دۇئادا دەردىمىزنى ئالالاھقا تۆكۈپ، ۋەزىپىلەرنى ئالالاھقا يۈكلەپ، مەسئۇلىيەتلەرنى ئالالاھقا تاپشۇرۇپ، زۇلۇملارنى ئالالاھقا سۆزلەپ، زالىملارنى ئالالاھقا تىللاپ بېرىپ، خاتىرجەم يېتىپ ئۇخلاپ قالىمىز. ئەگەر ئۇنداق قىلمايۋاتىمىز دېسەك، تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىغا قاراپ باقايلى. دۇنيا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ تۇتۇلغانلىقىدىن بىسەرەمجان بولۇپ كەتكەن بىلەن، ئۇيغۇردىن "مەن زۇلۇمغا ئۇچرىدىم" دەپ مۇخبىر بىلەن كۆرۈشكەن كىشى يۈزگە يەتمەيدۇ، سىنلىق گۇۋاھلىق بەرگەن كىشى 120 دىن ئاشمايدۇ، ئەمما "كاناداغا كېتىمەن" دەپ يۈز - كۆزىنى يۇگەپ، قارا كۆزەينەك تاقاپ ئۇچرەتتە تۇرغان كىشى تۆت مىڭدىن ئاشىدۇ. ماڭا شۇ تۆت مىڭ كىشى دۇئا قىلىپ، پەقەت شۇ يۈزدەك كىشى داۋا قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ئەڭ خەتەرلىك يېرى، بىز سەۋەب قىلماي قىلىنىۋاتقان دۇئاخانلىقنى دەرسخانىلاردا ئۆگىتىۋاتىمىز. ئۆزىمىزدىكى ئەمەلسىز دۇئاخانلىقنى بالىلارغا مىراس قالدۇرۇۋاتقانلىقىمىز، بىز كۆنگەن پاسسىپ تىلىنىش، يالۋۇرۇش، يۆلىنىشنى ئەۋلادلىرىمىزغىمۇ سىڭدۈرۈۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن بۈگۈنىمىزلا ئەمەس، ئەتىمىزمۇ تۇمانلىق بولۇشى مۇمكىن. 2016 -يىلى رامىزان ئېيى بويىچە بىر قۇرئان كۇرسىدا دۇئا قىلدۇق. خىتاينىڭ زۇلۇم - سىتەملىرىدىن قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن يۈزدەك سەبىينى يىغىپ، ھەر كۈنى ئالالاھقا يېلىندۇق، خىتاينىڭ يوقۇلىشىنى تىلەپ يىغلاپ چىقتۇق. ئەمما 2018 -يىلى شۇ سەبىيلەرنىڭ بەزىلىرى تىرىك يېتىملارغا ئايلاندى، ئاتا-ئانىلىرى ۋەتەنگە كېتىپ كېلەلمىدى. بىز سەبىيلەرگە نېمىنى ئۆگەتتۇق؟ خىتايغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەددۇئا قىلىشنى. ئەمما ئىككى يىلدىن كېيىن، نەتىجە نېمە بولدى؟ ئەقلى جايىدا ھەممە ئادەمگە ئايدىڭ، ئىنسان ئاڭلىغانغا ئەمەس، كۆرگەنگە قايىل بولدۇ. بىزنىڭ ئەمەلسىز، سەۋەبسىز، تەدبىرسىز قىلغان دۇئالىرىمىز بىلەن مەدرىستىكى باللارنى دىندار قىلدۇقمۇ، ئاللاھقا يېقىن قىلدۇقمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى كوچلەندۇردۇقمۇ ياكى كۆرۈلۈۋاتقان نەتىجە سەۋەبلىك ئەكسىچە ئۇنىم ياراتتۇقمۇ؟

مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەن ئەمەلسىز قىلىنىپ كەلگەن دۇئانىڭ بىزنى ئاللاھنىڭ، دۆلەتلەرنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا پاسسىپ ياردەم تەلەپ قىلغۇچى، توختىماي تىلەنگۈچى، مۇددەتسىز يۆلەنگۈچى قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىدىن نارازى ئىدىم. ھەقىقىي مەنىدىكى دۇئانىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مەقبۇل دۇئانىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپمۇ باقماي، ئۆزىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك، بېقىندىلىق، ئىشەنچسىزلىك، جۈرئەتسىزلىك قاتارلىق پاسسىپ ھالەتنى دىندارلىق دەپ ياشايدىغان كىشىلەرگە ئىككى ئېغىز يۈرەك سۆزۈمنى يەتكۈزۈشنى ئويلاپ كېلىۋاتقان ئىدىم. شۇڭا مەن دوستىمىزنىڭ ختاي تۈتقان مەھبۇس دادىسىغا بىر تەدبىر قىلماي، سەۋەب توغرىسىدا ئويلىنىپمۇ باقماي، ئاللاھقا تاپشۇرغىنىمىزنى قوبۇل قىلالماي، شۇ ھەقتە ئىنكاس يېزىپ تاشلاپتىمەن. ماڭا كەلگەن جاۋاب: «پىتنىگە سەۋەب بولىدىغان گەپلەرنى جىق قىلدىكەنسىز» شەكلىدە بولدى. ئەپسۇس، دوستىمىزغا: «ئاللاھقا دۇئالا قىلماي، ئاللاھ بەرگەن جېنىمىزنى پىدا قىلايلى، سەۋەب قىلايلى، تەۋەككۇل قىلايلى» دېگىنىم ئېغىر كەپتۇ، پىتنىگە سەۋەب بولغىدەك يىرگىنچلىك سۆز بولۇپ تۇيۇلۇپتۇ. يۈرەك باغرىمىزنى ئۆرتەۋاتقان زۇلۇمنى، تېخى ئاللاھ ئالمىغان بىر جاننى قانداق قىلىپ پۈتۈنلەي ئاللاھقا تاپشۇرىمىز؟ بەلكىم دوستىمىز پىتنە سۆزىنىڭ مەنىسىنى تولۇق بىلمىسە كېرەك. "پىتنە" دىنىمىزدا زۇلۇم دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ، پىتنە قىلىۋاتقان، سەۋەب بولۇۋاتقىنى ختاي كومپارتىيەسى، مەن ئەمەس. «ئۇيغۇردا ۋە قۇرئاندا پىتنە ئۇقۇمى» دېگەن ماقالەمدە بۇنى يازدىم، دوستىمىز ھەقىقىي پىتنىگە قارشى بولسا، مېنى ئەمەس، ختايىنى ئەيىبلىسە بولىدۇ. مەن پىتنە قىلمىدىم، ئاللاھ يوقۇتۇشقا بۇيرىغان پىتنىگە قارشى داۋا قىلىۋاتىمەن، ھەرىكەت قىلىۋاتىمەن.

## رامىزاننىڭ تۈنجى ئەتىگىنى

رامىزاننىڭ تەييارلىقى يەكشەنبىدىن باشلاندى. ئىككى قىزىم ۋە ئايالىم تاللابازاردىن زوھۇرلۇق ۋە ئىپتارلىقلارنى تاللاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ: "ئۆينى ئالايلى، بۆنى ئۆنۆتمايلى" دەپ قىزغىن چۇۋۇرلاشلىرىغا قاراپ، كىچىكىمدە دادام - ئاناملار بىلەن رامىزان ئالدىدا بازارغا چىققان دەملەر يادىمغا كەلدى.

رامىزاننىڭ ئالدىدا ئانام بىلەن بازارغا چىقساق، ئانام ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى يېگىلى بولىدىغان تاتلىق - تۇرۇم، ئاچچىق-چۇچۇك، سۇلۇق-قۇرۇق بىر مۇنچە نازۇ-نېمەتلەرنى ئېلىپ، بېغىشلىرىمنى ئاغرىتىپ ھاردۇرۇپ ئېتەتتى. ئەمما قىزىق يېرى روزا تۇتقان ئادەم ئارام ئالماي، دائىم مېھمان كۈتۈپ، ياندۇرقى ھەپتە كەلگىچە ھەممىنى پاك-پاكىزە تۈگىتىپ بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن، روزىدار دادامغا يوغان سومكىلارنى تۇتقۇزۇپ، يەكشەنبە بازارغا يولغا سالاتتى. دادام رەھمەتلى بىلەن رامىزان ھەپتىلىرىدە بازارغا ئىككى قېتىم چىقاتتۇق. «باققالنىڭ ئالدى، قاسساپنىڭ كەينى» دەپ سەھەردە يەل-يېمىش، كۆكتات ئالغىلى بىر چىقساق، كەچكە يېقىن گۆش ئالغىلى چىقىپ، قايسى بىر دېھقاننىڭ ساتالمىغان چىچقاق پاقلىنىنى يېتىلەپ كىرەتتۇق. ئانام بۇ چاغدا «ئورۇق گۆشنىڭ تەمى بولمايدۇ-يەي، مۇشۇنىڭ پۇلىغا پەش گۆشتىن مانچە كىلو كېلىدۇ-يەي» دەپ قاقشاپ كېتەتتى. دادام تەڭقىسلىقتا بېشىنى قاشلاپ كۈلۈپ قوياتتى. مەن بولسام، ئانامنىڭ دېگىنىگە مايىل ئىدىم. چۈنكى بۇ مايماق پاقلاننى كوچىدا يېتىلەپ يۈرۈشتىن خىجىل بولغاننىڭ ئۈستىگە، دادامنىڭ قوي سويۇشلىرىغا ياردەملىشىمەن دەپ، يىن، چىلە پۇراپ يۈرۈشنى خالىمايتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايالىمنىڭ رامىزان تەييارلىقى يەكشەنبە باشلانغانچە ھەر كۈنى داۋام قىلماقتا ئىدى. قىزلىرىم ئانىسىنىڭ كەينىدە خۇددى كاتتا بىر زىياپەت بولىدىغاندەك جىددىي ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. مېنىڭ خىيالىم رامىزان كۈنلىرى ئادەملىرى تېخىمۇ مېھرىبان، سۈلكەتلىك بولۇپ كېتىدىغان قەشقەردە، مەسجىدلىرى ئېپتارلىق رەڭگارەڭ داستىخانلار بىلەن تولۇپ كېتىدىغان ئۈرۈمچىدە ئىدى. ئۈچتاش مەسجىدىدە ياڭرايدىغان، يۈرەكلەرنى شامدەك ئېرىتىپ، قانلارنى ئۇيغۇرلۇق دەرياسىغا غەرق قىلىدىغان قىرائەتنى سېغىناتتىم. مەسچىتتە ئوقۇلغان تەراۋىھدىن ماشىنلىق بايمۇ، پىيادە گادايمۇ، قاپىقى يامان ساقچىمۇ، تاماخور پايلاقچىمۇ ئىمانىنىڭ ھوزۇرىغا چۈمۈپ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە مېھرىلىك بېقىشىپ خوشلىشاتتى.

مەسئۇدە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئېپتار ۋە زوھۇرلۇقنىڭ دۇئاسىنى بىر قانچە قېتىم دەپ باقتى. "تەجۇبدىلىك بولىسۇن" دەپ سۆزمۇ سۆز قايتا - قايتا ئۆگىنىپ مەشق قىلدى. رامىزاننىڭ تۇنجى ئەتىگىنى زوھۇرلۇق دۇمباقلار چېلىنغاندا ئويغىتاي دەپ قارىسام، قىزىم شۇنچىلىك تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ. بىردەم يۈزلىرىنى سىلاپ، چاچلىرىنى پۇراپ ئەركىلەتتىم. پۇتلىرىغا سۆيۈپ، باش - كۆزلىرىنى ھىدلاپ باقتىم، ئەمما ھېچ ئويغىنىدىغاندەك ئەمەس. ئاخىرى، ئانىسى بىلەن زوھۇرلۇققا ئولتۇردۇق، قىزغىن پاراڭلار بىلەن ئۇنىڭ كىرىپ بېشىمىزدا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرمەي قاپتىمىز.

"دادا، مەن ساڭا نېمە دېگەن؟" تۇيۇقسىز قىلىنغان بۇ سوراقتىن مەڭدەپ قالدىم. بېشىمدە قاراپ تۇرغان مەسئۇدەنىڭ چىرايى تولىمۇ سوغۇق ۋە كەسكىن ئىدى.

"قىزىم قارىسام سىز ھېچ ئويغىنىدىغاندەك ئەمەس، پۇراپ باقتىم، سۆيۈپ باقتىم، پەقەت تۇيمىدىڭىز، شۇڭا تۇتمىسۇنمىكىن دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز كىچىك، ھەرىكىتىڭىز كۆپ، ئوقۇۋاتىسىز، ئىمتىھانىڭىز بار، شۇڭا پەقەت ئويغىنالمىسا، بولدى قىلايلى دەپتىمىز" دېدىم گۇناھكاردەك ئۆزۈمنى ئاقلاپ. ئانىسىمۇ بىئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىشىنىڭ تەسلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىۋىدى، مەسئۇدە جاھىللىق بىلەن: "ياق تۇتقىنىم تۇتقان. ساجىدىگۈل ئاپام،

ئامىنەم ئاپام، ئەركىن دادام ھازىر قاماقلىق، ئەتىگەندە تاماققا زورلانغاندا، چوقۇم بەك ئازاپلىنىپ كەتتى، روزا تۇتالمىغانغا چوقۇم كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. مەن بۈگۈن بىر كۈن بولسىمۇ روزا تۇتۇپ، ساۋابى ئامىنەم ئاپام بىلەن ئەركىن دادامغا بولسۇن، دەپ دۇئا قىلىمەن" دېدى.

ئانىسى بىلەن تەڭلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، مەسئۇدەنى قۇچاقلىدۇق. رامىزاننىڭ تۇنجى كۈنىدە ئۈچىمىز قامالغانلارنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ،يىغا بىلەن زوھۇرلۇقنى تۈگەتتۇق.

2018 - يىل 18 - ماي، رامىزاننىڭ تۇنجى كۈنى.

## زالىملىق مىللەتنىمۇ تۇزۇمدىنمۇ

كىشىنىڭ بېشىغا بىر دەرت كەلگەندە دۇنيامۇ كۆزلەرگە دەرتمەن كۆرۈنىدۇ. ئىنسان بۇنداق چاغلاردا ئەتراپتىن تەسەللى، مەدەت ۋە ھېسداشلىق كۈتىدۇ. شۇنداق كۈنلەردە كۈلۈپ ياشاۋاتقانلار كۆزگە سىغمايدۇ. بولۇپمۇ دەرتمەنلەرگە ئۆزگە قېرىنداش، دىنداش ۋە قوشنا بولۇپ ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ پەرۋاسىزلىقى، ۋاپاسىزلىقى، ھېچ ئىش يوقتەك يۈرۈشلىرى ئېغىر كېلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز بىز يېقىن كۆرۈپ تەلپۈنگەنلەرنىڭ تىلسىزلىقىغا «ياتنىڭ ياندىن قېرىنداشنىڭ جاندىن ئۆتىدۇ» دېگەن. بۇنداق چاغدا ئەسقاتمىغان تۇغقان كۆزىمىزگە سەت كۆرۈنگەندەك، زالىملا ئەمەس ئۇنىڭغا ئوخشىغان ھەممە نەرسە نەپرەتىمىزنى قوزغايدۇ.

بېشىمىزغا دەرت-ئەلەملەر توقماق بولۇپ توختىماي تېگىۋاتقان بۇ كۈنلەردە بىزنىڭ رەنجىيدىغىنىمىز قېرىنداش مىللەتلەردىن قازاق، قىرغىز، تۈرك، ئۆزبېك قاتارلىق قانداشلىرىمىز بولدى. مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ بىزنىڭ زېيىنىمىزغا خىتاي بىلەن ھەمكارلىق قىلىشلىرى ھەتتا بىزنى تۇتۇپ بېرىشلىرى، بەزى مۇسۇلمان مۇخپىرلارنىڭ، تۈرك يازغۇچىلارنىڭ خىتاينى ئاقلاپ يېزىشلىرى ۋە مەيدانغا چىقىشلىرى ئۇيغۇرنى بەكمۇ ئۈمىتسىزلەندۈردى. ھەر كۈلپەتتە بىر ھېكمەت بار دەپ چۈشەنسەك مۇسۇلمان ۋە قانداش ئەللەرنىڭ سوكۇتلۇك ھالىتىمۇ بىزگە بەزى ھېكمەتلەرنى ھەدىيە قىلغانلىقى شەكسىز.

ئۇيغۇر زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ ۋە تۈرك تىللىق دۆلەتلەرنىڭ ھەق تەرەپتە تۇرمىغانلىقى بىزگە شۇنى ئۆگەتتى. ئىنسانلىق پەزىلەتنىڭ دىن، مىللەت ۋە قانداشلىق بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايدىكەن، نامراتلىق، تەرەققىياتسىزلىق،

مائارپىسىزلىق، ئادالەتسىزلىك ئەۋج ئالغان مۇستەبىت ئەللەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر گەرچە بىزگە ئوخشاش دىنغا ئىشىنىپ بىزگە قېرىنداش تىلدا سۆزلىگەن بىلەن مەنپەئەتىنىڭ ئالدىدا بىزنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. ئۇلار مۇسۇلمان، تۈرك بولغان بىلەن ئىنسانىدەك ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن قەلبىدە ئىنسانلىق ھوقۇق، ئادالەت، مېھىر بىخ ئۇرمىغان، نەپتىن باشقىغا قىزىقمايدىغان كىشىلەردىن ئىكەن. شۇڭا بىزدەك مۇسۇلمان بولغان بىلەن ھەقتە تونۇمايدىكەن، بىزگە قېرىنداش بولسىمۇ بىزنى قوغدىمايدىكەن.

ئۇيغۇر كۆرۈۋاتقان زۇلۇمنىڭ باش جىنايەتچىسى ختاي ھۆكۈمىتى، ئىجراچىلىرى ختاي كومۇنىستلىرى، ئۇيغۇر يانتاياقلار ۋە باشقا مىللەتتىن بولغان خىزمەتچىلەردۇر. ختاي كومۇنىستلىرى ختاي خەلقىنى مەنبە قىلغانلىقى، ئۇيغۇرلارغا ختاي مەدەنىيىتى تېڭىلغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ختايچە سۆزلەشكە مەجبۇرلىنىپ ختاي يوسۇنى بويىچە ياشاشقا زورلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن بىز كۆرۈۋاتقان كۈلپەتنىڭ مەسئۇلىيىتى كۆزىمىزگە ختاي خەلقىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئەقلىمىز بىلەن ئويلىنىپ باقساق بىزگە زۇلۇم قىلىۋاتقان مىليوندىن ئارتۇق ختاي خىزمەتچىلىرىنىڭ جىنايىتىنى ئۆز ھاياتى بىلەن ھەلەك بولۇۋاتقان بىر مىلياردتىن ئارتۇق پۇقراغا يۈكلىسەك ئادالەتسىزلىك بولىدۇ.

زۇلۇم سەۋەپلىك بەزى كىشىلەر ختاي مىللىتىگە قارشى ئۆچمەنلىكنى تەرغىپ قىلسا بەزى زىيالىلار ختاي خەلقىنىڭ زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىشلىرىنى كومپارتىيەگە ياردەم قىلغانلىق، قوللىغانلىق دەپ چۈشەنمەكتە. ئۇلار ختاي خەلقىنىڭ تارىختىن بېرى مۇستەبىت تۈزۈمدە ياشاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنى ئۆزى بىلەن باراۋەر كۆرمەيدىغانلىقى، كەمسىتىش خاھىشىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى، نامراتلىق سەۋەپلىك ھاكىمىيەتكە ئىسيان قىلىشنى خالىمايدىغانلىقى، ھاكىمىيەتكە قارشى چىققانلارنى «ۋەتەن خائىنى» دەپ قارايدىغان پىكىرگە ۋە خاراكتىرگە ئىگە ئىكەنلىكنى ئۇنتۇرىغا قويىدى.

مەن زۇلۇمنى ئىجرا قىلىۋاتقان ختاي مەمۇرلار، بايلار ۋە چوماقچىلار سەۋەپلىك خەلقىمىزدىكى ختايغا ئۆچمەنلىكنى توغرا چۈشىنىمەن. بەزىدە ئۆزۈممۇ بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىسىم خىتايلارنىڭ زالىملىقىنى ئۇلارنىڭ قېنىدا بارمىكىن دەپ ئۇلارنىڭ شۇنداق مىجەزى بارلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمما خىتايغا قارشى ئۆچمەنلىك، ئۇلارنىڭ زالىم تۈزۈمىگە قارشى نەپرەتنى قويۇپ، ئەقىل بىلەن ئويلانغىنىمدا بەزى سېلىشتۇرمىلار ئېسىمگە كېلىدۇ.

بىزگە ئوخشاش تاتارلارمۇ تارىختا يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، پۈتكۈل قىرىم يېرىم ئارىلى تاتارسىزلاشتۇرۇلغان. شۇ چاغدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان رۇسلار سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىغانمۇ؟ قوللىغان دېسەك قانداق بىلىمىز؟ قوللىمىغان دېسەكچۇ؟ ئەگەر ھازىرقى مەنبەلەرگە قارىساق رۇسلار شۇ زۇلۇمنى قوللىغان بولىدۇ. چۈنكى تارىختا رۇسلارنىڭ تاتارلار ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى قىلغان بىرەر ھەرىكىتى، نارازىلىقى ۋە نامايىشلىرى خاتىرىلەنمىگەن. خىتاي خەلقىمۇ ئۇيغۇر كۆرۈۋاتقان زۇلمغا قارشى بىر ئىجتىمائىي ھەرىكەت قوزغىمىدى، ئۇنداق بىر شەپىمۇ خەۋەر قىلىنمىدى. دېمەك، ئىككىلا مىللەتنىڭ زۇلۇمغا بولغان ئىنكاسى ئوخشاش. ئەگەر خىتايلاردىن بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ زالىملىقىنى خىتاي مىللىتىنىڭ زالىم مىجەزىگە باغلىساق، رۇسلاردىن بولغانلارنىڭ زالىملىقىنىمۇ رۇس مىللىتىگە باغلاش كېرەك بولىدۇ.

سوۋېت ھاكىمىيىتى خىتايغا ئوخشاش گۇلاگ لاگېرىنى قۇرغان ۋە مىڭلىغان خەلقنى قاماپ ئازاپلىغان. لاگېرلار قۇرۇلغاندا رۇس مىللىتى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىغانمۇ؟ رۇسلارنىڭ لاگېرنى قوللىغان ۋە قوللىمىغانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟ قوللىمىغانلىقىغا دائىر پاكىت يوق، لاگېرلارغا قارشى بىرەر ئاممىۋىي قارشىلىق مەيدانغا چىققانلىقىغا دائىر ئارخىپ يوق. بىزنىڭ مەنتىقىمىز بويىچە ئۇلارمۇ خىتايلاردەك زۇلۇمنى قوللىغان.

دېمەك، رۇسلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئىنكاسى خىتايغا ئوخشاش بولغان ئىكەن، خىتايدا بار مىللىي خاراكتېر رۇسلاردىمۇ بولغان بولىدۇ. چۈنكى رۇسلارمۇ خىتايلارغا ئوخشاش دېموكراتىيەگە مېڭىپ باقمىغان مىللەت، ھازىرمۇ مۇستەبىت تۈزۈمدە ياشاۋاتىدۇ، شۇڭا «خىتايلار ئۇيغۇرلارغا قىلىنىۋاتقان زۇلۇمغا قانداق قارايدۇ» دېيىلگەن سۇئالغا بەرگەن ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ جاۋابىنى رۇسلارغا تەدبىقلىساق

بولىدۇ. (بۇ ماقالە 30 - نويابىر ئەركىن سىدىقنىڭ فەيىسبۇكىدا ئېلان قىلىنغان).

بىز خىتاي كومپارتىيەسى بىزگە قىلىۋاتقان زۇلۇمنى خىتاي مىللىتىنىڭ تارىختا شەكىللەنگەن خاراكتېرىغا باغلاپ چۈشەنسەك رۇسلارنىڭ تاتارلارغا قىلغان زۇلۇمنىمۇ رۇسلارنىڭ تارىختىن كەلگەن مىجەزىگە باغلاپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر شۇ بويىچە چۈشەنسەك گېرمانلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قىلغان زۇلۇمنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ئۇلارنىڭمۇ تارىختىن قالغان يامان خۇيلىرى بارمىدى؟ سېرىپلارنىڭ ئالبانلارغا قىلغان زۇلۇمنى، سۇداندىكى ئەرەپلەرنىڭ بىدۇئىنلارغا قىلغان زۇلۇمنى قانداق چۈشىنىمىز؟ شۇلارنىڭمۇ تارىختىن قالغان نەپرەتلىك يەرلىرى بارمىدى؟ ئەمما بۈگۈنگە قارىساق ئۇ مەسىلە ھەل بولدى، بوزەك بولغان يەھۇدىلار، ئالبانلار مۇستەقىل دۆلەت قۇردى. سۇدانمۇ ئىككىگە پارچىلىنىپ جەنۇبى سۇدان مۇستەقىل بولدى. قارىساق گېرمانلار يەھۇدىيلار بىلەن دوست، ئالبانلار بىلەن سېرىپلار بىلەن قوشنا بولۇپ ياشاۋاتىدۇ. گېرمانلار تارىختا ئۆتكۈزگەن خاتالىقىغا بەدەل تۆلەۋاتىدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارغا تۆلەم بېرىۋاتىدۇ. دېمەك، گېرمانلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قىلغان زۇلمى گېتلېر دەۋرىدە، سېرىپلارنىڭ ئالبانلارغا قىلغان زۇلمى مىلوشىۋىچ دەۋرىدە، ئەرەپلەرنىڭ بىدۇئىنلارغا بولغان زۇلمى ئۆمەر بەشىرنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن.

ناتسىسلار ھۆكۈم سۈرگەن گېرمانىيەدە جازا لاگېرلىرى قۇرۇلغان، بۈنىڭغا گېرمانلارنىڭ قارشى ھەرىكەت ياكى نامايىش قىلغانلىقىغا دائىر پاكىت يوق، دېمەك گېرمانلارمۇ گېتلېرنىڭ قىلمىشلىرىنى قوللىغانمۇ؟ قوللىغان دېسەك ئۇلاردىمۇ خىتايلاردا بار مىللىي خاراكتېر بولغان بولامدۇ؟ ئۇيغۇرلار كۆرۈۋاتقان زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىۋاتقان بۈگۈنكى خىتاي مىللىتى تارىختىن زالىملىق ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىدى دېيىلسە، تارىختا بۈگۈنكى خىتايلاردەك زۇلۇمغا سۈكۈتتە تۇرغان گېرمانلارنىمۇ مىللىي خاراكتېرىدە، تارىخىدا زالىملىق بار مىللەت ئىدى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۈگۈنكى خىتايلارنىڭ زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىنى قوللىغانلىق دېسەك، بىز كۆرۈۋاتقان زۇلۇمغا جىم تۇرۇۋاتقان ئەرەپلەر، پاكىستانلىقلار، ئۆزبەكلەرنى نېمە دەيمىز؟ ئۇلارمۇ سۈكۈت قىلىۋاتىدىغۇ؟ 400 مىليۇندىن ئارتۇق ئەرەپ، 20 مىليۇندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارتۇق ئۆزبەك، 180 مىليۇندىن ئارتۇق پاكىستانلىقنىڭ مىللىي خاراكتېرىدە خىتايلاردا بار دەپ خۇلاسە قىلغان شەپقەتسىز خاراكتېر بارمۇ؟ يوق بولسا ئۇلار نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان تۇرۇپمۇ ھەق مەيدانىدا تۇرمايدۇ؟ سادام دەۋرىدىكى ئىراقنىڭ كورتلارغا قىلغان زۇلمى، مىلوشىۋىچ دەۋرىدىكى سېربىيلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان زۇلمى، مۇستەبىت تۈزۈمدىكى ئىسپانلارنىڭ كاتالونلارغا قىلغان زۇلومى بىلەن خىتاينىڭ بىزگە قىلىۋاتقان زۇلمى ئارىسىدا پەرق نېمە؟ سېربىيلار، ئەرەبلەر ۋە ئىسپانلارمۇ خىتايلاردەك تارىختىن قالغان زالىملىق خاراكتېرغا ئىگىمۇ؟

دېمەك، يۇقۇرقىلارنى خۇلاسە قىلساق زالىملىق ئادالەتسىز، چىرىك، مۇستەبىت تۈزۈمدە ياشىغان ھەممە مىللەتتە بولغان، ئەمما ھەر بىر مىللەت ئەزاسىدا بولغان ئەمەس، ھەر دائىم بولغانمۇ ئەمەس. قانداق ۋاقىتتا زالىملىق بولغان دېگەندە مۇستەبىت ھۆكۈمدارلارنىڭ ۋەھشى سىياسەتلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئەگەر گېتلېرنىڭ مۇستەبىتلىكى بولمىغان بولسا گېرمانلار يەھۇدىيلارنى جازا لاگېرىغا قاماپ ئۆلتۈرمىگەن، سادامنىڭ زالىملىقى بولمىسا كوردلار خېمىيەلىك زەھەرلەنمىگەن، ستالىننىڭ قانخورلۇقى بولمىسا تاتارلار خانىۋەيران قىلىنمىغان بولاتتى.

دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق بىزگە بولۇۋاتقان زۇلۇم باشقا مىللەتلەرگە مۇستەبىت روسىيەدە، شىمالى كورىيەدە، پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى ئەرەبىستاندا، ھەربى مۇستەبىت تۈزۈمدىكى بېرمادا بولغان ھەم بولۇۋاتىدۇ. تارىختا ھەر قايسى مەزلۇم مىللەتلەر ياشىغان تۈزۈمنىڭ ئىسمى ئۆزگەرگەن بىلەن ئۆزگەرمەي داۋام قىلىۋاتقان زالىملىققا مەھكۇم بولۇپ ياشاۋاتقان مىللەتلەرمۇ كۆپ، مەسىلەن، رۇسلار، پارسلار، خىتايلار، تۈركمەنلەر، ۋېيتناملىقلار، كۇبالىقلار. ئىسمىمۇ ئۆزگەرمىگەن مۇستەبىت، زالىم شاھلىق تۈزۈمدە تارىختىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان مىللەتلەر خېلى كۆپ. مەسىلەن ئەرەبىستاندىكى ئەرەبلەر ۋە ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ياشاۋاتقان باشقا ئەرەپ قەبىلىلىرى.

مەن دائىم پىرىزدېنتنى سوتقا تارتىۋاتقان دېموكراتىك تۈزۈمدىكى جەنۇبى كورىيە خەلقى بىلەن رەئىستىن قورقۇپ ئېگىلىۋاتقان مۇستەبىت تۈزۈمدىكى شىمالى كورىيە خەلقىنى سېلىشتۇرۇپ قالىمەن. ئىككىلىسى بىر مىللەت، تېخى 68 يىل

بۇرۇن بىر دۆلەتتە ياشايدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار تارىختىن بېرى ئورتاق مىللىي خاراكتېرگە ئىگە بولمىغانمۇ؟ بىز كورىيانلارنىمۇ نەچچە مىڭ يىللىق مىللىي خاراكتېرغا ئىگە دېسەك نېمىشقا ئىككى خىل تۈزۈمدە بىر مىللەت پېرىنسىپىغا ئىككى خىل مۇئامىلە قىلىدۇ؟

زالىملىق مىللەتتە ئەمەس، مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىدا ئەمەس بەلكى تۈزۈمدە. تارىختا نۇرغۇن مىللەتلەر زالىملىققا سەۋەپ بولىدىغان تۈزۈمدە ياشىغاندا شۇ مىللەت ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر زۇلۇمنىڭ ئىجراچىلىرىغا ئايلانغان، تۈزۈم ئۆزگەرگەندە بولسا زۇلۇمغا قارشى كىشىلەر قاتارىغا قوشۇلغان. مەسىلەن، بۈگۈنكى زۇلۇمغا قارشى ياۋرۇپادىكى ئىسپانىيەمۇ 70 -يىللارغىچە كاتالونلارغا زۇلۇم قىلغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ئىلكىدە ئىدى، مانا ھازىر دېموكراتىك ياۋرۇپانىڭ ئەزاسىغا ئايلاندى. دېموكراتىيەنى تەرغىپ قىلىۋاتقان ئامېرىكىمۇ ئىرقىلار باراۋەرسىزلىكىنى 1960 -يىللاردىن كېيىن ئاندىن ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇ چاغدا بىر بۆلۈك كىشى ياۋرۇپا ۋە ئامېرىكىدا زۇلۇمنىڭ ئىجراچىلىرى ئىدى. شۇنىڭغا قاراپ بىز ئامېرىكىلىقلارنى، ئىسپانلارنى زالىم خۇيلۇق مىللەت ئىدى دېسەك ئۇيغۇن ئەمەس.

خىتايلار مەيلى چىڭ ئىمپېرىيەسى زامانىدا بولسۇن، ياكى گومىنداڭ ۋە كومپارتىيە زامانىدا بولسۇن زالىم تۈزۈمدىن قۇتۇلۇپ باقمىدى. خىتايلار گەرچە چىڭ سۇلالىسىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنىڭ مىللىتى ھاكىم بولغان دۆلەتتە بىر مەزگىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ ياشىغان بولسىمۇ بىر پارتىيە دىكتاتورلۇقىدىن قۇتۇلالمىغان. گومىنداڭ ئۇلارنى 1949 -يىلغىچە باشقۇرغان. ھازىرمۇ خىتايلار جۇمھۇرىيەت تۈزۈمدە ياشاۋاتقان بىلەن مۇشۇ كۈنگىچە تېخى بىر قېتىممۇ ئومۇمىيۈزلۈك سايلامغا قاتنىشىپ باقمىدى. شۇڭا 1949 -يىلدىن بۇرۇن خىتاي خەلقى سايلىمىغان گومىنداڭنىڭ، شىڭ شىسەينىڭ تارىختىكى زۇلمىنى ۋە كومپارتىيە ھۆكۈمىتى قىلىۋاتقان بۈگۈنكى زۇلۇمنى خىتاي مىللىتىگە ئارتىپ قويۇش ئادىللىق ئەمەس.

تۈزۈم بىلەن مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى يۇقارقى بايانلارنى نەزەرگە ئالماي تۇرۇپ بىر مىللەتنى تارىختىن شۇنداق ئىدى دېسە تارىخقا ۋە ئەمەلىيەتكە

ئۇيغۇن بولمايدۇ. خىتاي مەدەنىيىتى، خىتايلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى كومپارتىيەنىڭ ۋەھشىلىكىنى ئىجرا قىلىۋاتقان بىر قىسىم خىتايلارنىڭ زالىملىقىنىڭ مەنبەسى بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋەھشىلىكنى ئىجرا قىلىۋاتقانلار ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۇڭگان قاتارلىقلارمۇ بار.

خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى كوڭزىچىلىق بولۇپ خىتاي بىلەن ئوخشاشلا كوڭزىچىلىق مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە بولغان، سىنگاپورلۇقلار، تەيۋەنلىكلەر، كورېيەلىكلەر ۋە ياپونلارمۇ تارىختىن بېرى خىتاي بىلەن ئوخشاش مۇستەبىت تۈزۈمدە ياشاپ كەلگەن. ئەمما بۈگۈن ئۇلار كونا مۇستەبىت تۈزۈمدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن بىز نەپرەتلەنگەن شەپقەتسىزلىك، باراۋەرسىزلىك، ئادالەتسىزلىك، قۇلمىجەزلىك قاتارلىقلاردىن قۇتۇلۇپ ئەركىن ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ تارىختىكى كوڭزىچىلىق مەدەنىيىتى ئۇلارنى تۈزۈم ئۆزگەرگەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق زالىملارغا ئايلاندۇرۇپ قويغىنى يوق.

## شەخسنىڭ ئىشى ۋە مىللەتنىڭ ىيشى

ئۇيغۇر ئۇچۇن ئىشلەش، مىللەتنىڭ كۆلپەتلىرىنى ئازايتىش ئۇچۇن خىزمەت قىلىشتا بەدەلنىڭ ئېغىرى شەخسنىڭ ئاممۇۋىلىشىپ كېتىشى ئىكەن. بۇنىڭ مەنىسى ئىنسانىنىڭ ئۆز ئارزۇسىغا، خىيالىغا، ئېتىقادىغا ۋە ھەتتا كىيىنىشىگە ئىگە بولالماسلىقىدۇر. خالىغانىنى دېيەلمەسلىك، خالىغانچە كىيىنەلمەسلىك، خالىغان يەردە، خالىغان كەيپىياتتا، خالىغان قىلىقلارنى قىلالماسلىقلار ئاممىنىڭ نازارىتىگە چۈشۈپ قالغانلىق، ئاممۇۋىلىشىپ كەتكەنلىكنىڭ ئىپادىلىرى بولسا كېرەك. تۆۋەندە پەقەت ئۆزۈم ۋە باشقىلار دۇچ كېلىۋاتقان خالىغانچە كىيىنەلمەسلىك ھەققىدە سۆزلەي.

2012 -يىلى يازنىڭ بېشىدا مىسىرانىم تورى زىيارەت قىلدى. ئايالىم كىيدۇرۇپ قويغان مايكا بىلەنلا سۆھبەتكە چۈشتۇم. زىيارەتنى تۈگىتىپ، ئەتىسى دوستلاردىن: «سەن ئامېرىكا مەستانىسىمۇ؟» دەپ تېلېفون كەلدى. تورغا قارىسام، ئاساسەن ئامېرىكا ھەققىدە تالاش - تارتىش. ئېكراندا كىيگىنىم يوغان ئامېرىكا دېگەن خەت بار مايكا ئىكەن. مەن پەقەت سەپەردە كىر كۆتۈرۈشلۈك دەپ كىيىپ قويغان مايكا سەۋەبلىك توردا ئامېرىكا ھەققىدە بوران چىقىپتۇ.

مەن ئەسلى زىيارەتتە تور ۋە پىكىر ئەركىنلىكى ھەققىدە سۆزلىگەن ئىدىم. ھالبۇكى، پىكىر ئەركىنلىكى دېگەنلىك پەقەت ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ، ئامېرىكىنى قارىسىغا ئاقلاش ياكى قارىلاش ئەمەس ئىدى. ئەسلى سۆھبەتتىن مەقسەت تورنىڭ بوغۇلغان پىكىر ئەركىنلىكى ئۇچۇن نەقەدەر مۇھىملىقى ئىدى. ئەمما، پىكىر قىلىشقا سەۋەب بولۇۋاتقان ئاملىنىڭ تېخىچە لاتا-پۇتىلاردىن نېرىغا ئۆتۈپ بولالمىغانلىقىدىن ئاغرىنىدىم.

تورىدا چۈشكەن ئىنكاسلار ئىچىدە كىيىمنىڭ گېپىدىن باشقا، ئامېرىكىنى تىللاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نەقەدەر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى جاكارلاش ياكى ئۇنى ئاقلاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئامېرىكاپەرەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش كۆپ ئىكەن. شۇ ئىنكاسچىلاردىن ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنى قانداق، يىللىق مىللىي دارامەت قانچىلىك، ساخاۋەتكە قوشقان تۆھپە قانچىلىك... دېگەنلەر سورالسا، يا قارىلىغانلار ياكى ئاقلىغانلار گەپ قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى نېمە كىيىپ قانداق كۆرۈنۈش، قانداق كىيىم بىلەن كىم بولۇش ياكى كىم بولماسلىق تەشنالىقى ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن كىملىك پەقەت كىيىملىك ئىدى - خالاس.

مەن ئادەتتە رەسمىي كىيىنىپ يۈرۈشنى ئېغىر كۆرىمەن. كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىش ماڭا بىر ئالۋاڭدەك تۇيۇلىدۇ. 2016 -يىلى ئاۋغۇستتا، ئەنقەرەدەپارلامېنت ئەزاسى ئەكمەلىددىن ئىھسان ئوغلى ئەپەندىگە زىيارەتكە باردۇق. مەقسەت، تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەجگە ۋىزا ئالالماي، ئىستانبۇلدا قويۇلۇپ، قىينىلىپ كېتىۋاتقان دىشۋارچىلىقىغا ياردەمچى بولۇش ئىدى.

ئۇيغۇر ۋەكىللەر ھاۋانىڭ ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي دېيىشكەن ۋاقىتتا قارا كاستيۇم - بۇرۇلكا بىلەن قاتۇرۇپ كىيىنىپ تەييار بولۇپتۇ. مەنلا قىسقا يەڭ مايكا، پادىچى ئىشتان كىيىپ بېرىپتىمەن. پارلامېنت بىناسىغا كىرىشتە ئىشىكلەردە ئەڭ كۆپ توسۇلغان، تەكشۈرۈلگەن، گۇمان قوزغىغان مەن بولدۇم.

شۇ كۈنى كىيىم سەۋەبلىك تەكشۈرۈشلەر داۋامىدا ئاخىرقى ئىشىكتە بىر قاراۋۇل ماڭا: «سىلەر ئۇيغۇرلار قىزىق، ئۇيغۇرنىڭ ۋەكىلىمەن دەپ تۇرۇپ بىرىڭلار ئەرەبتەك قاپقارا كىيىنىپ، ھەممە يېرىڭلارنى ئوراپ كېلىسىلەر، يەنە بىرىڭلار خۇددى دالا تامىقى يېگىلى چىققاندەك كىيىنىپ كېلىسىلەر» دەپ غودۇراپ كەتكىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

ئەركىن تارىم ئاكىمىز بۇرۇن بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتچى خانىمنىڭ پارلامېنت بىناسىغا ئۇيغۇرغا ۋەكىل بولۇپ، باشتىن - ئاياق تولۇق قارا ئورۇنۇپ كېلىپ، مالال بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، قىلغانلىرىمغا بەكمۇ خىجىل بولدۇم. شۇ كۈنى مىللەتنىڭ ھەج قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغىلى بارغان بىر ھەيئەتنىڭ خىزمىتى

سورۇنغا ماس كىيىنمىگىنىم ئۈچۈن ئارتۇقچە تەكشۈرۈلۈپ ئاقسىدى. شەخسىي ئادىتىمدە چىڭ تۇرغىنىم ئۇمۇمنىڭ خىزمىتىگە دەخلى قىلدى.

ئادەتتە رەسىمگە چۈشكەنگە ئانچە قىزىقمايمەن، رەسىملەرنىمۇ تورغا قويمايمەن. بۇنى پسىخولوگىيەدە ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكنىڭ بىر ئىپادىسى دەيدىكەن. بەلكىم توغرىدۇ، قاراپ ئولتۇرغۇدەك تۇرقۇم بولمىغاندىكىن چۈشمىسەم كېرەك. 2013 - يىلى تۇتقۇن قىلىنغاندا، ماڭا بېغىشلانغان خەۋەرلەرگە دوستلار ئۆيىمىزدە تارتقان رەسىملەر قويۇلۇپتۇ. بۇنىڭ بىرى ئائىلەم ۋە قىزىم ئۈچىمىزنىڭ ئامېرىكىدىكى ئۆيىمىزدە تارتىلغان رەسىم بولۇپ، تارتقان خانىم بىزنىڭ دوستىمىز ئىدى. قاماقتىن چىقىپ تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن، شۇ چاغدا تارتىلغان رەسىملەرنى كۆردۈم ۋە فېيسبۇك بېتىمگە يىغىپ قويدۇم. ئەمما ماڭا بۇ ھەقتە تولا پىكىر كەلدى، سەۋەبى رەسىمدە ئائىلەمنىڭ بېشىدا ياغلىق يوقكەن. ھەر قېتىم ئۇ رەسىمنىڭ جامائەت سورۇنىدا ئەمەس، ئۆيدە، بىر ھەمشىرىمىزنىڭ قولىدا تارتىلغانلىقىنى، شۇڭا ياغلىقسىز ئىكەنلىكىنى تولا چۈشەندۈرۈپ ھاردىم ۋە ئاخىرى رەسىمنى يۆيدۇم. جامائەتنىڭ پىكرى ۋە ئارزۇسى شەخسىي ھاياتىمغا دەخلى قىلدى.

جامائەتنىڭ خىزمىتىگە ئارىلاشقان ھاياتىمدا كىيىم ۋە كۆرۈنۈش سەۋەبلىك چىققان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى خۇلاسە قىلىپ باقتىم. ھازىرقى تاراتقۇلار تەرەققىي قىلغان زاماندا، جامائەتنىڭ داۋاسىغا ئاتلانغان ھەر قانداق شەخسنىڭ ھەر قانداق ئىشى ئاممىۋىيلىشىپ كېتىدىكەن. مەسىلەن، ئارافاتنىڭ چاقماق ياغلىقى ئۇنى قانداق ئاممىۋىيلاشتۇرغان بولسا، يۈز - كۆزىنى ئورىغان قارا كىيىملىكلەرنىڭ تۈرقى تېرورلۇق ھۇجۇملىرىدا ئېكرانلاردا تولا چىقىپ، ئاشقۇنلۇقنىڭ بەلگىسى، تېرورچىلارنىڭ كەسپىي كىيىمى ھالىتىدە ئاممىۋىيلىشىپ بولۇپتۇ.

تۈركىيەدە ۋە دۇنيادا ئۇيغۇر رەھبەرلەر چەكمەن تون ۋە دوپپا بىلەن سەھنىگە چىقىپ،69 يىلغا يېقىن داۋا قىلدى. تاراتقۇلارغا قارىساق، ئۇيغۇر ئەر - ئاياللار دوپپا - ياغلىقلار بىلەن تونۇلغانغا يۈز يىلدىن ئېشىپتۇ. دوپپا ۋە ياغلىق ئۇيغۇرنىڭ ئاممىۋىي ئوبرازىغا ئايلىنىپتۇ. شۇڭا ئەلگە خىزمەت قىلاي دېسەك، بىزنىڭ مۇشۇ شەكىلدە ئاممىۋىيلاشماي ئامالىمىز يوق ئىكەن. بۇنى ئۆزگەرتسەك، نە مىللەتكە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نە دۇنياغا ياراشمايدىكەنمىز. مىللەتمۇ، دۇنيامۇ دوپپا ۋە ياغلىقنى بىلىدىكەن، شۇنى قوبۇل قىلىپتۇ، شۇنىڭدىن بىزنى تونۇۋالىدىكەن. ئۇيغۇرغا ۋەكىل بولغان سورۇنداشەخسكە مەنسۇپ ئەرەپچە قىياپەت ۋە ئادەتلەرنى گەۋدىلەندۇرۇش، مىللەتكە مەنسۇپ سورۇنلاردا خاسلىقنى تەكىتلەش شەخسىيەتچىلىك ئىكەن.

قانداق كىيىنىش خۇددى ئېتىقاتتەكلا خۇسۇسىي مەسىلە، ئەمما كىشى جامائەتنىڭ خىزمىتىنى قىلغان كۈندىن باشلاپ، شۇ كىشىنىڭ ئۆزى ۋە كىيىنىشى ئاممىۋىيلىشىپ، شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان مەسىلە بىر ئاممىۋىي مەسىلىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر مەن سەممىيەت بىلەن ئەلنىڭ خىزمىتىگە، جامائەتنىڭ داۋاسىغا، مىللەتنىڭ ئازابلىرىغا ئۆزۈمنى ئاتىغان بولسام، تەقۋالىقىمنى خىلۋەتتە ئاللاھقا قىلىپ،جامائەت سورۇنىدا مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ۋە دۇنيا قوبۇل قىلالايدىغان بىر قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشىم كېرەك ئىكەن. توغرا، ھەممىمىز ھېساپنى قىيامەتتە مىللەتكە ئەمەس،ئاللاھقا بېرىمىز، ئەمما مىللەت قىيامەت ئازابىدا ياشاۋاتقاندا، مىللەت ئۆچۈن ھازىرلانغان سورۇندا قىلغان شەخسىيەتچىلىكىمىز سەۋەبلىك كېلىپ چىققان پاجىئەلەرگە بۇ دۇنيادا ئۆزىمىز جاۋابكار بولۇشىمىز كېرەك، چۈنكى ئاللاھ ھېچكىمنى ئىقتىدارى يەتمىگەن ئىشقا تەكلىپ قىلمىغان.

## قاچان مۇسۇلمان بولدۇق

90 - يىللاردا،ياشلاردا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا: «ۋىستانى مۇسۇلمان بولۇپتۇ» دېگەن گەپلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. 2000 -يىللاردا بۇ گەپ بەك كۆپىيىدى، كىشىلەر بىر - بىرىنى «مۇسۇلمان» بولغانلىقلىرى بىلەن ئاشكارە تەبرىكلىشىدىغان ھالغا كەلدى. شۇ چاغلاردا: «ئادىل مىجىت مۇسۇلمان بولۇپتۇ» دېگەن خەۋەر ھاياجان قوزغىغان ئىدى. بۇ سۆزنىڭ ئېھتىياتقا لايىق سورۇندا دېيىلىدىغان: «ھەقىقەتكە قايتىپتۇ» دېگەن شەكلىمۇ پەيدابولدى. قارىماققا بۇ بىر ئاددىي جۈملە بولغان بىلەن يوشۇرۇنغان مەنا ئاددىي ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ مىڭ يىللار بۇرۇن مۇسۇلمان بولۇپ بولغان ئۇيغۇرغا قارىتىلىپ ئېيتىلىشى ئەسلى ھەيرانلىق قوزغىشى، تەنقىتلىنىشى، ئەيىبلەشكە ئۇچرىشى تەبىئىي ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى تېخىمۇ ئاددىي چاغلاشقا بولمايتتى. ئەڭ خەتەرلىك يېرى نوپۇزلۇق ئۆلىمالاردىن ئۇنداق ئادىل، كۈچلۈك، ھەققانىي بىر ئىنكاس بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىش ئۇنداق ئاددىيلا ئاياغلاشمىدى، بۇ سۆز بىلەن بىللە ئۇيغۇرنىڭ مىڭ يىللاردىن شەكىللەنگەن، ئاللىقاچان مۇقىملاشقان ئۆرپ-ئادەتلىرىگە تۇشمۇ تۇشتىن ھۇجۇمنىڭ باشلىنىپ كەتتى. چۈنكى بۇ جۈملىنىڭ بىزگە دېيىلگەن بۆلىكى «مۇسۇلمان بوپتۇ، ھىدايەت تېپىپتۇ» دېيىلگەن بىلەن، دېيىلمىگەن بۆلىكى «ئەسلى كاپىر ئىدى، بۇرۇن كۇپرىدا ياشايتتى» دېگەن مەنىدە ئىدى.

90 -يىللاردا پەيدا بولغان «مۇسۇلمان بولۇش، ھىدايەت تېپىش» قىزغىنلىقى ئىچكى جەھەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى قوغداش، ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ۋە كىشىلىك ئاجىزلىقلارنى تۈزىتىش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، تاشقى جەھەتتە بۇنىڭ خەلقئارادا ئەۋج ئالغان ئىسلام ھەرىكەتلىرى بىلەنمۇ ئالاقىسى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھالبۇكى، ئەسلى مەقسەتنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «مۇسۇلمان بولۇش» قىزغىنلىقى ئۇيغۇرنى بۆلۈش، ئەرەبچىلەشكەن ئىسلامغا قايتۇرۇش ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلىش ھادىسىسىنى پەيدا قىلدى. مىڭ يىللاردىن بېرى ئىسلاملاشقان ئۇيغۇرلۇق بىلەن يېڭى شەكىللەنگەن مۇسۇلمانلىق ئارىسىدا توقۇنۇش مەيدانغا كەلدى. نەتىجىدە، تەبىئىي ھالدا بىر تۈركۈم كىشىلەردە ئۆزىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى پەيدا بولدى. ئۇيغۇر ياشلار ئىچىدە «مۇسۇلمان بولغانلار» پەرقلىق كىيىنىپ، ئائىلىسى، جەمەتى ۋە باشقىلارنى شۇنداق كىيىنىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇلار ئۆزىگە يېڭى نام، ئۆزگىچە ئوتتۇغات تاقىغاچقا، ئۆزى بىلەن تىلداش، قانداش كىشىلەرگە باشقا بىر نام قويۇشقا توغرا كەلدى.

نەتىجىدە، يېڭى مۇسۇلمانلاشقان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قارايدىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەسكىن پەرق كېلىپ چىقتى. ئۇيغۇردا ئىككى ئېقىم مەيدانغا كەلدى. يېڭى مۇسۇلمان بولغانلار ئۆزىگە «بىز مۇسۇلمانلار» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىپ، پەرقلىق يولدا بولغانلارنى «ئۇلار ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتىدى. ئادەتتە مىللىتىمىزدىكى ئۆملۈكى ۋە بىرلىكى «بىز-ئۇيغۇر»نىڭ قارشى تەرىپىدىكى ۋە تەلىيىمىزگە بىزگە خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاتقان «ئۇلار-خىتاي»نىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن كۈچلىنەتتى. مۇسۇلمانلاشماق قىزغىنلىقى بىز دېگەن ئۆملۈكىمىزنى پارچىلاپ ھىدايەت تاپقان بىز، ئازغۇن يولدىكى ئۇلار دېگەن ئۇقۇمنى كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا قۇيدى. مىللىي بىرلىكنى كۈچلەندۈرىدىغان ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز«بىز مۇسۇلمان-ئۇلار ئۇيغۇر» دېگەن يېڭىچە ئايرىمچىلىقنىڭ سەۋەبىدىن بىدئەتكە چىقىرىلدى. ئاۋام يېڭى مۇسۇلمانلارغا ئەگەشمەك كېرەكمۇ ياكى كونا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا ئەگەشمەك كېرەكمۇ دېگەن ئىككىلىنىشتە قالدى، خەلق ئىككى پارچە بولدى، خېلى ئۇزاق قايمۇقۇپ يۈردى. بۇلار ئۆتمۈش، ئەمما بۈگۈنم ئۇيغۇرلۇقنى تولۇق ئىتراپ قىلىدىغان، باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەردە يوق ئەمما ئۇيغۇردا مەۋجۇت بولغان مۇقام، مەشرەپ ۋە ئۇسۇللىرىمىزنى ئىنكار قىلمايدىغان بىر مۆتىدىللىك مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئۇلىمالاردا تېخىچە شەكىللەنمىدى. شۇڭا ئۇنداق قايمۇقۇشنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولىدىغانلىقى ۋە بىزنى ئىزچىل پارچىلايدىغانلىقى بىزگە ھەمراھ رودىپايىدەك، سايىمىزدەك كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى، يېڭى «مۇسۇلمان بولغان» لار ئۇيغۇرنىڭ بۇرۇنقى مۇسۇلمانلىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشتى. ئۆيلەنگەنلەر بۇرۇن ئوقۇلۇپ بولغان نىكاھلارنى قايتا ئوقۇشتى. يېڭى مۇسۇلمان بولغان بالىلار ئاتا-ئانىلاردىن قايتىدىن نىكاھ ئوقۇشنى تەلەپ قىلىشتى. ھەتتا ناماز ئوقۇمىغان ئاتا-ئانىلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش، تاماقنى يېمەسلىك، كىملىك ئىشلەتمەسلىك، بالىلارنى نوپۇسقا ئالدۇرماسلىق، ۋاكسىنا ئەملەتمەسلىك، خىزمەتلەردىن ئىستىپا بېرىش، بانكىغا ئامانەت قويماسلىق، قەرزگە ئالغان ئۆيلەرگە مېھمانغا بارماسلىق دېگەنگە ئوخشاش ئالامەتلەر يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەردە كۆرۈلدى.

يېڭى مۇسۇلمان بولغان پىداكار ياشلار دىن تارقىتىش خىزمىتىگە كىرىشكەندە، خىتايدا قاشتاشنىڭ بازىرى چىقتى. خوتەن ئىقتىسادتا كۆتۈرۈلدى. ئەزەلدىن دىنغا سادىق ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانى بولغان خوتەن يېڭىچە مۇسۇلمانلىقنى تارقاتقان زەربدارلارنىڭ بازىسىغا ئايلاندى، مەخپىي قارىيخانىلار قۇرۇلدى. خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كېيىنىش ئۇسلۇبى تولۇق دېگۈدەك ئۆزگىرىپ، يېزىدىن شەھەرگىچە ئەرەبچە قارىغا چۈمكىلىش ئومۇملاشتى.

يېڭىچە مۇسۇلمانلىق ئۇيغۇر دىنىي زاتلارنى ئىككىگە پارچىلىدى. ھاكىمىيەت تەرىپىدىن پايدىلىنىلىۋاتقان، بۇرۇنقى ئۆرپ-ئادەتلەرنى داۋام قىلغۇچى ئۆلىمالارغا جەمئىيەتتە «خىتاينىڭ ئادىمى» شەكلىدە مۇئامىلە قىلىنىپ، دۈشمەنلىككۈچەيدى. بۇ دىنىنىڭ يۇرتلاردا قىسماققا ئېلىنىشىغا باھانە بولدى. ئۇيغۇرنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدە قىسىلغان ئۆلىمالار ئۈرۈمچىگە يىغىلىپ، ئۆي-ئۆيلەردە ھەتتا ماشىنىلاردا مەدرىس ئېچىش، دىن تارقىتىشنى، تەبلىغ قىلىشنى باشلىۋەتتى. نەتىجىدە، ئۈرۈمچىدە يۈز - كۆزنى چۈمكەپ قارا كىيگەنلەر كۆپىيىپ، ماڭا ئوخشاش ئۇيغۇر زىيالىلارنىڭ تەنقىدىگە دۇچ كەلدى، تورلاردا بۇ مۇنازىرە ئەڭ كەسكىن بولدى. 2009 -يىلدىكى تومۇز پاجىئەسى ئۇيغۇرلۇقنى ئۇنتۇپ كەتكەن تۇمەنلىگەن ئۇيغۇرنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن «مۇسۇلمان بولۇش» دولقۇنى تېخىمۇ كۆپ ئەگەشكۈچىگە ئىگە بولدى

يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان كىشىلەردىكى ساقال قويۇش ۋە قارىغا چۈمكىلىش

مەسلىسى «مېھرىبان ئانىلار» يىغىلىشىدىمۇ ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. 2012 ـ يىلى ماھىنۇر قاسىمى قەشقەرگە «مېھرىبان ئانىلار خەيىر ساخاۋەت جەمئىيىتى»نىڭ يىغىنىغا بارغاندا، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى قارا ئېقىمدىن نارازىلىقىنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. مەنمۇ شۇ چاغلاردا توردا ئۇيغۇر ئۆرۈپ ـ ئادىتىدە قارا كىيىمنىڭ پەقەت مۇسىبەتلىك بولغاندا كىيىلىدىغان مۇراسىم كىيىمى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدىم. شۇ چاغلاردا ئوچۇق بولغان «قۇتادغۇبىلىك» مۇنبىرىدە بۇ قاراشلىرىمغا قوشۇلمايدىغان ئۇستاز كۆسەنى بىلەن مۇنازىرە قىلىشقان ئىدۇق.

يېقىندىن مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلاردا ساقال ۋە قارا كىيىمنىڭ ئومۇملىشىشى ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلىنىۋاتقان ئۆز ئىچىمىزدىكى مىللىي ئۆرۈپ-ئادەت مەسىلىسىدىن ھالقىپ، بىز-خەق، دوست-دۈشمەن ئايرىسىدىكى مەسىلىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەلقئارالىق تېرورلۇق ھۇجۇملىرىدا ئاياللارنىڭ قارا چۈمكەلگەن، ئەرلەرنىڭ ساقاللىق بولۇشى ۋەتەندىكى خىتاي پۇقرالىرىدا ساقال ۋە قارا پۈركەنجىدىن ئۈركۈشنى پەيدا قىلدى. 2013 ـ يىلى ئۆكتەبىردە بېيجىڭدا ۋە ـ2014يىلى مارتتا كۇنمىڭدا يۈز بەرگەن ھۇجۇمغا قاتناشقۇچى ئاياللارنىڭ قارا كىيىملىك، ئەرلەرنىڭ ساقاللىق بولۇشى خىتايغا تېپىلماس بولۇپ بەردى.

ئۇيغۇردىكى يېڭىچە مۇسۇلمانلىق تۈركىيەدە، مىسىردا ۋە ئەرەبىستاندا تەرجىمە قىلىنغان دىنىي كىتابلار بىلەن پەللە يارىتىپ 2013 ـ يىللاردا خىتايدا باستۇرۇلدى. نەتىجىدە بۇ ئېقىمدىكى كىشىلەر مىسىر، تۈركىيە ۋە ئەرەبىستانغا «ھىجرەت» قىلدى. ئەپسۇس بۇ تۈركىيەدىمۇ قاتتىق باستۇرۇلۇشلار بىلەن نەتىجىلەندى. 2017 ـ يىلىنىڭ مۇقەددىمىسىدە تۈركىيەدە رەينا تېرورلۇق ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بۇ ۋەقەگە چېتىشلىق 50 نەچچە ئۇيغۇر تۇتقۇن قىلىندى. تۇتقۇندا ساقال قويغان ئەرلەرگە ۋە يۈز ـ كۆزى چۈمكەلگەن ئاياللارغا بەكرەك ئۈششۈك تەگدى.

مەن دەل شۇ كۈنلەردە ئەنگلىيەلىك ۋە تۈرك سەرخىللار ئۇيۇشتۇرغان ھەپتىلىك يىغىلىشتا ئىدىم. يىغىندا تۈركىيەدە دائىشقا باغلىنىپ ئۇيغۇر، داغىستانلىق، قىرغىز، ئۆزبەك، چېچەنلەردىن تۇتۇلغانلار كۆپ بولسىمۇ، كۆچمەنلەر توپلىشىپ ياشايدىغان مەھەللىلەردە ئۇيغۇرلار ئەڭ قاتتىق تەكشۈرۈلدى. مەنمۇ يىغىنغا

قاتناشقانلارنىڭ سوئاللىرىغا دۇچ كەلدىم، ئارىمىزدىكى تاتار ئۆلىما بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلاشتىم. روماس رامزان شۇ يىغىندا بىرمۇ تاتارنىڭ تۇتۇلمىغانلىقى جاكارلىدى، ھەمدە قىزغىن مۇلاھىزىگە سەۋەب بولدى.

كۇرستا لېتۇالىق تاتار ئۆلىما رامزان تاتارلارنىڭ تاتارىستاندىن باشقا نۇرغۇن ئەللەرگە تارىلىپ كەتكەن بولسىمۇ،مىللەتنىڭ دىنىي بىرلىكىنى ساقلىغانلىقى ۋە دۇنياۋىي ئاشقۇن پىكىرلەرگە يەم بولمىغانلىقىنى تۈركىيەدىكى رەينا قەتلىئامى بىلەن تۇتۇلغانلار قاتارىدا تاتارلارنىڭ بولماسلىقىغا سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ تاتارلارنىڭ ئىزچىل پەتىۋادا، مائارىپتا ۋە دەۋەتتە ئۆز شارائىتىغا ماس ئىش كۆرگەنلىكىنى، ئىسلامنىڭ تۈپ پىرىنسىپلىرىداچىڭ تۇرۇپ، باشقا دۇنياۋىي كوچلەرنىڭ تەسىرىدىن خالىي تاتارچە مۇسۇلمانلىقتا ئىزچىل ماڭغانلىقىنى، تاتارلارنىڭ مىللىي شۇراسى (كېڭەشى) باشلىغان يولدا مىللەت بويىچە دىنىي بىرلىكنى ساقلىغانلىقىنى، مىللىي ئەنئەنە بىلەن دىنىي ھۆكۈملەرنى زىت قىلىپ قويمىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

رامزاننىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ، كۆز ئالدىمغا 1900 -يىللاردا دىيارىمىزدا پەننىي مائارىپ بىلەن دىنىي تەربىيەنى زىت قىلماي بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيالىي يېتىشتۈرۈپ چىققان تاتار ئۆلىمالار كەلدى. مىڭ ئەپسۇس، ئارىدىن يۈز يىل ئۆتكەندە بىزدە مۇھەممەت تاھىرغا ئوخشاش جىھادىزىمچى ئۆزبەك ئۆلىمالارنىڭ نوتۇقلىرى كەڭرى، ئەمما روماسقا ئوخشاش تاتار ئۆلىمالارنىڭ تەبلىغ - تەلىملىرى يوق ئىدى. قارىغاندا، تاتارلاردىن ئۆتۈقلۇق مىللەت بولۇشتا ئۆگىنىدىغان يەرلىرىمىز بۈگۈنمۇ كۆپتەك، بۇنداق ئۆگىنىشنى داۋام قىلىش كېرەكتەك قىلاتتى.

بوۋىلار: «مىڭ نەسىھەتتىن بىر مۇسىبەت ئەلا» دېگەنىكەن. ۋەتەندىن يۇدۇپ كەلگەن قان - زەرداپلىق كەچمىشىمىز، مۇساپىرەتتە تېخىمۇ ئېغىر كەلگەن ئۇيغۇرلۇق قىسمىتىمىز، كۆرۈۋاتقان پاجىئەلىك كۈنلىرىمىز ۋە مۇسىبەت ئۇيغۇرنى قايتىدىن مۇسۇلمان قىلىشنىڭ خەترىنى، ئۇيغۇر كىملىكىنى قايتا ياساشنىڭ زىيانلىرىنى ۋە قورقۇنچلۇق ئاقىۋىتىنى بىزگە ئېتىراپ قىلغۇزدى. ئەگەر بۇ مۇسىبەت ئاقساقاللار، داۋاگەرلەر، ئالىملار، زىيالىي ۋە زەردارلارغا مىللەتنى ئۆزگەرتىشكەتەۋەككۇل قىلغاننىڭ ئورنىغا ئاۋۋال مىللەتنى بىر باش سىغقۇدەك ماكان، تەن ئىسسىغۇدەك ئۆيگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگە قىلىشىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرغان بولسا، «مۇسىبەتتىن ئەقىل تاپتۇق»، بۇۋىلار ئېيتقان «مۇساپىر بولماي مۇسۇلمان بولماس» دېگەن ئاتا سۆزىنى توغرا ئىكەن، مەنىسىگە ئەمدى يەتتۇق دېسەك بولىدۇ.

## «قۇرئان»دىمۇ، «دىۋان» دىمۇ

كىچىك چاغلىرىمدا موماملىنىڭ بامداتتىن كېيىن قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغانلىقى ئېسىمدە. ئۇ چاغلاردا مەن دائىم سورايدىغان نىمە ئۈچۈنلەرگە مومام: «قۇرئاندا شۇنداق بار، خۇدايىم شۇنداق ياراتقان» دەپ جاۋاب بېرەتتى. موماملىنىڭ جاۋابتىن كېيىن، يەنە بىرىلىپ قۇرئان ئوقۇشلىرىغا قاراپ "ھەممە جاۋاب ئاشۇ قۇرئاندا بولسا كېرەك" دەپ ئويلىغان بولسام كېرەك. ئادەتتە ماڭا تۇتقۇزۇلمايدىغان يېشىل تاشلىق يوغان "كىتاب" قا ئەيمىنىپ قاراپ قالاتتىم.

موموم قۇرئاننى كۆرسىتىپ: «ئىلىمنىڭ ھەممىۋاسى مۇشۇ كىتابتا» دىگەن ئىدى. ئەمما: «قۇرئان ئوقۇپ بەر» دەپ تۇرۇۋالسام، ئەرەبچىسىنى ئوقۇپ بېرەتتى. چۈشەنمىگەچكە، بىردەم يېنىدا ئولتۇرۇپ بېقىپ، تاتلىق - تۇرۇملەرنى بېرىپ يالۋۇرۇپ تۇرسىمۇ، غىپپىدە قاچاتتىم. كېيىن نېمشقىدۇر ماڭا قۇرئان ئەمەس، ھەپتىيەك ئۆگەتتى. پارسچە ئىسىم قويۇلغان ئۇ كىتابنىڭ ئەرەبچە ئېلىپبەنى ئۆگىتىشتىن باشلىنىدىغان، قۇرئاندىكى قىسقا ئايەتلەردىن تۈزۈلگەن رىسالە ئىكەنلىكى ئۇ چاغلاردا ماڭا سىر ئىدى. ھازىر بىلسەم، ھەپتىيەك "يەتتىدە بىر" دىگەن مەنىدە ئىكەن.

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن «تۈركى تىللار دىۋانى» بىلەن ئۇچراشتۇق. تولىمۇ مىللەتسۆيەر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز شاپاق دوپپا كىيىپ ئولتۇرغان بىر بوۋاينى كۆرسىتىپ، ئىككى سائەت داڭلاپ چىقتى ۋە: «دىۋان دىگەن بىر قامۇس، ئىچىدە ھەممە ئىلىم بار» دىدى. شۇ چاغدا ئېسىمگە كەلگىنى موماملىنىڭ كىچىكىمدە قۇرئاننى كۆرسىتىپ: «ئىلىمنىڭ ھەممىۋاسى مۇشۇ كىتابتا» دىگەن سۆزى بولغان ئىدى. "زادى قايسى راستتۇر؟" دىگەن سوئال بالىلىق خاتىرىلىرىمدە ساقلىنىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇئەللىمنىڭ «دىۋان» دىن سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئىچىدە ئېسىمدە قالغىنى يۇمۇلاق خەرىتە بولغان ئىدى. شۇ چاغلاردا "يەر يۇمۇلاق" دېسە، ئىشەنمەيدىغان ساۋاقداشلار بار ئىدى. شۇڭا مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان بوۋىمىزنىڭ يەرنى يۇمۇلاق سىزىپ، ئەتراپىغا سۈنى ئوراپ لايىھەلىگەن خەرىتىسى قىزىقارلىق تۇيۇلغان ئىدى. شۇ چاغلاردا، سىنىپىمىزغا ئېسىلغان مەملىكەت خەرىتىسىدە خىتاي دۇنيانىڭ يۈرىكىگە سىزىلىپ، بېيجىڭ دۇنيانىڭ مەركىزى قىلىپ بويالغان ئىدى. مەنمۇ مەھمۇت قەشقەرى سىزغان خەرىتىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن جاھاننىڭ مەركىزىدە بېيجىڭ باردەك ئويلىغان ئىكەنمەن. مەھمۇت قەشقەرىمۇ شۇ چاغلاردىن مىڭ يىل بۇرۇن قاراخانىيلار دۆلىتىنى دۇنيا خەرىتىسىنىڭ ئوتتۇرىغا سىزىپ، پايتەخت قەشقەرنى خەرىتىدە جاھاننىڭ مەركىزىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن. شۇ چاغدا، بىز مەخمۇت قەشقەرى سىزغان خەرىتىدىكى قەشقەرنى "جاھاننىڭ مەركىزى" دەپ پەخىرلەنگەن ئىدۇق.

ئالىي مەكتەپنىڭ 3 -يىللىقىدا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەرسىدە «دىۋان» ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ھەمدە دىۋاندىكى ماقال - تەمسىل ۋە قوشاقلارنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەرگەندەك ساۋاتقا ئېرىشتىم. ئەمما بۇ چاغدىكى دىۋان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچۇم ماختىغان دىۋان ئەمەستەك تۇيۇلدى. چۈنكى، مەن بەش-ئالتە يىلدىن بېرى "ھەممە ئىلىم تېپىلىدۇ" دەپ چىنپۇتۇپ، پەخىرلىنىپ كەلگەن ئۈچ جىلتلىق كىتاب بۇرۇن ماڭا دېيىلگەندەك قامۇس ئەمەس ئىدى. قولۇمدىكى دىۋان بارلىق ئىلىملەر قامۇسى ئەمەس، پەقەت -11ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر ھاياتىنىڭ ۋە ئۇلار ئېرىشكەن بىلىملەرنىڭ قامۇسى ئىدى.

شۇندىن كېيىن «قۇرئان» ئوقۇپ «دىۋان» نى ئوقۇغاندەك پۇشمان قىلماسلىق ئۈچۈن جۈمە ئوقۇساممۇ، قۇرئان ئوقۇماي يۈردۇم. مېنىڭ «دىۋان» نى ئوقۇپ چۈشكەن تۇيغۇغا «قۇرئان» نى ئوقۇپ چۈشكۈم يوق ئىدى.ئوقۇشۇمنىڭ 4 -يىلى، مەن بېيجىڭدا تەرجىمانلىق قىلىپ، يول باشلاپ، ئۇزۇتۇپ قويغان ھاجىلار پىداكارلىقىمدىن تەسىرلىنىپ، ھەرەمدىن ئاتايىن بىر قۇرئاننى ئالغاچ كەپتۇ. ئاكام دېمەتلىك يەركەنتلىك ھاجىلارنىڭ: «كىتابنى كۆپ ئوقۇيدىغان بالىكەنسىز، مۇشۇ كىتابنى ئوقۇسىڭىز، نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ، مۇشۇ قامۇسنى ئوقۇپ، باشقا كىتاپ ئوقۇمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېگەنلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

يەركەنتلىك ئاكىلارنىڭ سۆزى ماڭا خۇددى تولۇقسىزدىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ تەكرارلىنىشىدەك بىلىندى. چۈنكى مەن ئۇ چاغدا بىر كىتابنى ھەر قانچە ئۇلۇغلىساقمۇ، شۇنىلا ئوقۇپ باشقا ھېچبىر كىتابنى ئوقۇمىسىمۇ بولغىدەك ئىلىمگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگۈدەك ياشتا ئىدىم. ھاجىلار شۇ چاغدا دېگەن مەدھىيەلىك گەپنى مەن موماملىرىدىن تۆت - بەش ياش چېغىمدا ئاڭلاپ بولغان ئىدىم.

بېيجىڭغا كېلىپ تۇرىدىغان دەۋەتچى دوستلارنىڭ تەسىرىدە دىنىدىن تېخىمۇ كۆپ ساۋاتلىق بولدۇم، ئەمما ئۇلارمۇ قۇرئاننى سىرى ئېچىلىۋاتقان بىر مۆجىزە كىتابى، نۇرغۇن تەبىئىي پەن قانۇنىيەتلىرىدىن بېشارەت بېرىدىغان قامۇس دەپ قارايتتى - يۇ، قۇرئاننى تەجۋىدلىك، توغرا ئوقۇشتىن باشقىغا ئۈندىمەيتتى. ئۆزۈممۇ قۇرئان ئوقۇشتىن خۇددى لاياقىتىم يوقتەك ئەيمىنەتتىم. ئەمما ئۇنى باشقىلاردەك پال باقىدىغان، كېسەل ئەملەيدىغان، تەلەي چىللايدىغان، جىن قوغلايدىغان كىتاب دەپ ئويلىمايتتىم ۋە شۇنداق قارايدىغانلار بىلەن كەسكىن مۇنازىرە قىلاتتىم.

ئالىي مەكتەپ دەرس مۇنبىرىگە چىققاندا ئۇچراتقان بىر قىرغىز ئوقۇغۇچۇم ماڭا «قۇرئان» ۋە «دىۋان» ھەققىدىكى ئەسلىملەرنى قايتۇرۇپ بەردى. تۇنجى تونۇشۇپ، ئۇنىڭ قىرغىز ئىكەنلىكىنى بىلىپلا: «ماناس قانداق داستان؟» دەپ سورىدىم. ئۇ قىز ماناسنىڭ بىر يۇرۇشلۇك داستان بولۇپلا قالماي، بارلىق ئىلىمنىڭ قامۇسى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىدى.

دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار قايسى مىللەتتىن بولايلى، ئىددىيەمىزگە ئاساسەن ئۇلۇغلايدىغان بىر كىتابىمىز باركەن. مەيلى قايسى كىتابنى ئۇلۇغلايلى، بىر كىتابقا بارلىق ئىلىملەرنى جەملەش ئارزۇيىمىز باركەن. شۇڭا ھەممىمىز سۆيگەن كىتابلىرىمىزنى "قامۇس" دەيدىكەنمىز. بەلكىم ھەر قانداق مىللەت شۇنداق بىر كىتابنىڭ ئۆزىدە بولۇشىنى ئارزۇلىسا كېرەك. شۇ سەۋەبتىن مىللەتچى مۇئەللىم بارلىق بىلىملەر جەملەنگەن كىتابنى «دىۋان» دېسە، دىندار ھاجى ۋە دەۋەتچى دوستلار ھەممە ئىلىم يىغىلغان كىتابنى «قۇرئان» دەيدۇ. قىرغىز قىزمۇ ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان ئەدەبىي مىراسى «ماناس» نى بارلىق ئىلىمنىڭ قامۇسى سانايدۇ، بەلكىم.

مەيلى قايسىمىز قايسى كىتابنىڭ بارلىق كىتابقا بەدەل بىر قامۇس ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىنى تالاليلى، ئارزۇ مەڭگۇ ئارزۇ، ئۇنىڭغا ئىخلاس سەۋەپلىك ئەمەلىيەت دەپ ئىشەنگىلى بولىدۇ، ئەمما ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. ئىنسان هامان ئىشەنگۈسى كەلگەنگە ئىشىنىدۇ، ئۆزى سۆيگەننى ئۇلۇغلايدۇ هەتتا مۇقەددەسلەشتۈرىدۇ. مەن «دىۋان» نى قامۇس دېگەن مۇئەللىمنى، «ماناس» نى قامۇس دېگەن قىزنى خۇددى «قۇرئان» نى «ھەممىنىڭ ئىلمى بار» دەپ ئۇلۇغلىغان مومامنى هۆرمەتلىگەندەك هۆرمەتلەيمەن، ئۇلارنى سۆيۈملۈك كىشىلەر دەپ بىلىمەن. ئەمما ئەمەلىيەتنىڭ ئارزۇيىمىزغا باقمايدىغانلىقىنى، ئۇلۇغلاشنىڭ كۆپتۈرۈش ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلساق، بىزدىن كېيىنكىلەرنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ يۇقىرىقى قامۇسخۇمارلىق ئەنئەنىسى بىلەن ئەمەس، «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن ئۇيغۇرچە سەممىيەت بىلەن تەربىيلەنگىنى بەكرەك ئەۋزەل دەپ قارايمەن.

## كاساپەتلىك ئىلىم

ئانا تىل داۋايىمىزغا ھەمنەپەس بولغان ئوت يۈرەك سەپداشلار قاتارىدا بىر ئىنىمىز 2016 -يىلى تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇ قاماققا ئېلىنغاندىن كېيىن ھېچ ئىش قىلالماي، بىرەر ئىش قىلاي دېسەم ئىجازەت ئالالماي بىر بىئاراملىقتا قالدىم.. ئۇنىڭ ئامېرىكىدا ساناقلىقلا ئۇيغۇر كىرگەن بىر ئۇنۋېرسىتىتتا ئوقۇيدىغان ھەدىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى سورۇدۇم، دېيىشىچە ئىنىسى ھەققىدە مەلۇماتى يوق ئىكەن. مېنىڭ ئۇ ھەقتە دۇنياغا بىرەر مەلۇمات بېرىشىمنىمۇ خالىمايدىكەن. مەن ئىجازەت سوراپ، ئۇ قىز رەت قىلىپ داۋام قىلغان بۇ تارتىشماقلار ئىچىدە ئۇ ئىنىمىز دەۋاگەرسىز قالدى.

بۇ ئىنىمىزنىڭ ھەدىسىگە ئوخشاش باشقا دوستلارنىڭ قېرىنداشلىرىمۇ ماڭا يېقىن كۆرۈپ دەرت ئېيتىپ بېرىدۇ. تۇتۇلغان خەۋىرى چىققاندا تۇرۇپ تۇرايلى دەيدۇ، تېخىمۇ ئېغىر بىر تەرەپ قىلىنىشىدىن ئەنسىرىشىدۇ. كېسىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تۈرمىدە تېخىمۇ بەتتەر قىيىنىلىشىدىن ئەنسىرىشىدۇ . يېقىندا بىرەيلەننىڭ قاماقتا ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى كەلدى. ئىنىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ مۇخپىرلارغا مۇلاقات بېرىشنى تەكلىپ قىلدىم. خېلى مەلۇماتلىق سانىلىدىغان ئۇ كىشىنىڭ جاۋابى ئاجايىپ؛ «ئابدۇۋەلى مەلىم، سىلى جىق ئوقۇغان ئادەم، تارىختا ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈكىنى گۆردىن تارتىپ چىقىرىپ كۆيدۈرىۋەتكەن خىتاي مۇشۇ شۇ، ئاكام گۆرىدە بولسىمۇ خاتىرجەم ياتمىسۇنمۇ!». ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. مانا بۇ ئىلمىنىڭ كاساپىتى. كۆزىتىشىمچە بۇنداق كاساپەتلىك ئىلىمدارلار زالىمنىڭ بۈگۈنكى ياۋۇزلۇقىنىلا ئەمەس تارىختىكى ياۋۇزلۇقلىرىنىمۇ ئېسىگە ئېلىۋېلىپ بىسرەمجان بولىدىكەن. ئۇلارھازىرقى زۇلۇمنى تارىختىكى زۇلۇملارغا سېلىشتۇرۇپ ئېشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتكەن بولسا تېخىمۇ قورقۇپ كېتىدىكەن، ئەگەر ئۇنچىلىك ھالەتكە يەتمىگەن بولسا تەسەللى تاپىدىكەن. ئۇلار ئۆزى بىلىدىغان، ئەتراپتا يۈز بەرگەن زالىملىقلارنى ھەر ئەسلىگەندە شۇ كۈنلەرنىڭ قايتا بېشىغا كېلىشىدىن قورقۇپ تېخىمۇ ئۈركۈپ تۈگۈلۈپ كېتىدىكەن.

شۇندىن كېيىن دائىم دەرت تۆكىدىغان ئەمما بېشىنى ئېچىگە تىقىپ، غەزىپىنى بوغۇزىغا يۇتۇپ ياشايدىغان كىشىلەرنى كۆزىتىپ باقتىم. ئۇلار تۇتقۇنلار ھەققىدە قىلىنىۋاتقان تىرىشچانلىقلارنى، ئاڭلىتىلىۋاتقان دات پەرياتلارنى ئەھمىيەتسىز دەپ قارايدىكەن. ئۇلار قىلىنىۋاتقان داۋانى ۋە داۋاگەرلەرنى كۆزگە ئىلمايدىكەن، يەنە تېخى دۇئا قىلىش ۋە پۇرسەت كۈتۈشنى ئەڭ ئاقىللىق دەپ ئويلايدىكەن. ئۇلارنىڭ دائىم دەيدىغانلىرى: «ئەگەر مەن لاگىردا كۆرگەننى دېسەم ختاي لاگىرنى تاقامدۇ؟»، «ئەگەر مەن ئۇرۇق تۇغقانلىرىم توغرىلىق گۇۋاھلىق بەرسەم ئۇلارنى قويۇپ بېرەمدۇ؟»، «ختاي شۇنچە كۈچلۈك تۇرسا بىز دېگەن بۇ گەپلەرگە پەرۋا قىلامدۇ؟»، «غەرپنىڭ ئويۇنىغا توغرا كەلمىسە بىزنىڭ دەردىمىزگە كۆڭۈل بۆلەمدۇ؟»، «ئۇيغۇرلار بۇ كۈننى بۇرۇنمۇ كۆرگەن، شۇ چاغدىمۇ ئون يىللاپ خەت ئالاقە بولماپتىكەن، 30 يىللاپ كۆرۈشەلمەپتىكەن، سەۋر قىلساق ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇ بىزگىلا كەلگەن كۈلپەت ئەمەس، روھىنگا، يەمەن، كەشمىر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۈنى بىزدىنمۇ ئېغىر» ۋاھاكازالار. مەن بۇنداق كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشمىسام، ئۇلارنىڭ پاسسىپلىقى يۇقۇپ قالمىسا دەيمەن. بۇلار ئۆزى مىدىرلىمىغانىنىڭ ئۈستىگە ئادەمنى ھاردۇرۇپ، بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ.

دەرت ئېيتىدىغانلار ئارىسىدا بۇلاردىن پەرقلىق كىشىلەرمۇ بار. ئۇلار دەرتلا ئېيتمايدۇ، دەرتلەرنىڭ قەيەرلەرگە ئېيتىلىشى ھەققىدە مەسلىھەتنىمۇ قوشۇپ سورايدۇ. دەرتلىرىنى فىلىم قىلىپ ئىشلەپ، ئەرىز قىلىپ يازىدۇ، مۇخبىرلارغا سۆزلەيدۇ. ئۆزىنىڭ دەردىنىلا ئەمەس ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئازاپلىرىدىن فىلىم ئىشلەيدىغانلاردىن باشقا تارقىتىپ، تەرجىمە قىلىپ، ئەرز يېزىپ، دوكىلات يوللاپ، ئارخىپ توپلاپ، پىدايىلىق قىلىپ توختىماي تىرىشىپ كېلىۋاتقانلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بەزى بالىسىنى تاپالمىغانلار باللار ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ، ئانىسىنى كۆرەلمىگەنلەر مۇھتاج ئانىلارغا ياردەم قىلىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ بەزىسى ئوقۇغۇچىلارنى

يۈلسە، بەزىسى يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلايدۇ. بەزىلىرى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ پۇل تېپىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن پىداكارلىق سېپىدىكى ھەر قانداق قىيىنچىلىققا قاراپ تۇرمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە ئۈمىتلىك كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار زۇلۇمنىلا ئەمەس زۇلۇمنى يوقىتىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان تىرىشچانلىقنىمۇ كۆرۈپ ياشايدۇ. ئۇلار بېشىغا كەلگەن دەرتلەرگىلا ئەمەس دەرتلەرنىڭ داۋاسىغىمۇ شاھىت بولۇپ تۇرىدۇ.

بۈگۈنكى دەرتمەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھېچ يەردە دەرت ئېيتمايدىغانلارمۇ بار. ئۇلار نامايىشلاردا ئۇيغۇر ئۈچۈن ياش تۆكمىگەن بىلەن پىنھاندا ئۇيغۇرلۇق ئۈچۈن تەر تۆكىدۇ. ئۇلار خىتاي يوقاتماقچى بولغان ئۇيغۇرلۇقنى قوغداشقا مەيدانلاردا شۇئارلا توۋلىمايدۇ، بەلكى ئانا تىل كۇرۇسلىرىنى ئېچىپ ئۇيغۇرلۇقنى ئەھيا قىلىدۇ. ئۇلار سەھنىلەردە ئىستىقلال مارشىنى ئوقۇمىغان بىلەن ئىستىقبالىمىزغا كېرەكلىك ئەۋلاتلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن خىلۋەتتە ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. بەزىلەرنىڭ خىتاي زېمىنىمىزنى تارتىۋالدى دەپ داۋا قىلمايدىغانلىقى ئېنىق، ئەمما ئۇلار ئۆيلىرىدە پەرزەنتلەرنى ئۆزى ياشاۋاتقان ئەلگە تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن جان بەدەل تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشسام ئۈمىتلىنىمەن. ئۇلار ماڭا باللىرى يازغان ئەسەرلەرنى يوللاپ بېرىدۇ، ئۆزى تەرجىمە قىلغان كىتاپلارنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ، كۇرۇسلىرىدىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇلار سىنىپتا ئوقۇغۇچىلار بەرگەن جاۋاپلاردىن خوش، تورلاردا باللىرىغا بېرىلگەن باھالاردىن مەمنۇن، جەمئىيەتتە ئاتا-ئانىلار بىلدۈرگەن ھۆرمەتتىن خۇرسەن.

بىر قانچە كۈن بۇرۇن 2016 - يىلى تۇتۇلۇپ كەتكەن ئىنىمىزنىڭ ئاچىسى تېلىفون قىپتۇ. ئېيتىشچە ئۇنى باشقىلار «ئىنىڭىز تۇرمىگە كىرىپ كەتسە ساياھەتنىڭ رەسىملىرىنى، يىگەن-ئىچكەننى، يېرىم ئوچۇق كىيىملىرىڭىزنى توردا كۆز كۆز قىلىدىكەنسىز» دەپ تەنقىتلەپتۇ. دەسلەپتە ئىنىسىنىڭ ئازابىدا ئاران تۇرغاندا «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك» بولمىسۇن ئۈچۈن سىزنىڭ راست دەپ ئاڭلىدىم. ئاندىن تەنقىتچىلەرنىڭ پۈتۈنلەي يامان نىيەتلىكلەر بولماستىن ئىنىسىنى ئۇنۇتمىغان ياخشى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويدۇم. بۇ گېپىم ئانچە ياقمىدى بولغاي ماڭا ئۇنداق داۋانىڭ پايدىسىزلىقى، داۋاگەرلەرنىڭ ساپاسىزلىقى، خىتاينىڭ دۇنيادىكى مىسلىسىز كۈچى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ھازىرقى خىتايغا پايدىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھۋالى، خىتاي مەدەنىيىتىگە ئاشىق غەرپلىك سىياسىيونلارنىڭ تەسىرى، خەلقئارا قانۇنىنىڭ ئىجراسىزلىقى ھەققىدە دەرس ئۆتۈپ كەتتى. شۇئان ئېسىمگە ھېلىقى خىتاينىڭ تارىخىنى چوڭقۇر بىلىدىغان، خىتاي ھەققىدىكى ئىلمىگە تەسلىم بولۇپ، ئۆگەنگەن بىلىملىرى سەۋەبلىك تېخىمۇ قورقۇنچاق بولۇپ كەتكەن كاساپەتلىك ئىلمىگەر كەلدى ۋە ئاخىرى سەۋر قىلالماي:

-ماڭا قاراڭ، مەن دېھقانلار بىلەن چوڭ بولغان، ئاددى ئادەملەر بىلەن ياشايمەن، سىزدەك خىتاينى بەك چۈشەندۇرۇپ ئادەمنى تىزلاندۇرۇپ تاشلايدىغان كاساپەتلىك ئىلمىنى ئۆگىنىپ باقمىدىم، خىتاينىمۇ دۇنيانىمۇ تەھلىل قىلىپ نەچچە ئون يىللىق ئالدىن پەرەز قىلالايدىغان دۇنياۋى مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ دەرۋازىسىغىمۇ يېقىن بارالمايمەن. شۇڭا مەن شۇ دېھقانلارغا ئوخشاش يەر ئاغدۇرۇپ ئۇرۇق سېلىشنى بىلەي، تۆيۈقسىز مۆلدۈر يېغىپ ۋەيران قىلامدۇ، ياكى كەلكۈن كېلىپ ئېقىتىپ كېتەمدۇ، ئۇنى ھازىرچە ئويلاشماي. سىزنىڭ بۇ قەدەر ئۈمىتسىزلىنىپ يۇرۇشلىرىڭىزنىمۇ توغرا چۈشىنىمەن. چۈنكى سىز بىر ئۇرۇق تېرىمايسىز، بىر كېسەك قويمايسىز، تىرىقچى، تامچى ئۇيغۇرنى ياراتمايسىز، ھېچ نېمە تېرىمىغاچقا، ھېچ نەرسە بىنا قىلمىغاچقا ناندىنىمۇ، ئۆيدىنىمۇ ئۈمىدىڭىز ۋە نىسۋىڭىز يوق. ئەگەر ئىنىڭىز ئۈچۈن بىر گۇۋاھلىق بەرگەن بولسىڭىز چېكىلگەن ساندىن ئۈمىتلىنەتتىڭىز، بىر ئەرىز يازغان بولسىڭىز جاۋابىدىن ئۈمىتلىنەتتىڭىز، ئاشۇ دۇنيادا بىر داڭلىق مەكتىپىڭىزدە بىرەر ھەرىكەت باشلىغان بولسىڭىز نەتىجىسىدىن ئۈمىتلىنەتتىڭىز، بىر يازما يازغان بولسىڭىز ئوقۇلغان قېتىمىدىن ئۈمىتلىنەتتىڭىز. ئېنىڭىزدىن سىزنى خىتاي ئايرىۋەتتى، بۇ ئادالەتسىزلىكنى ھەممە ئادەمگە دېگىلى، چۈشەندۇرگىلى بولىدۇ، ئەمما ئۈمىتسىز، ئەجىردىن، ھەرىكەتتىن ئۆزىڭىز ۋاز كەچتىڭىز، بۇ جاسارەتسىزلىكنى ھېچ كىمگە چۈشەندۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ. سىز بىلەن ئىككى يىلدىن بېرى پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىم ئىنىڭىزنىڭ ھۆرمىتى، سىزنىڭ داڭقىڭىز ئەمەس، دەپ تېلىفوننى قويدۇم.

## مەيدانغا چىققان مەردانلار

تۈركىيەدە مۇخبىرلارنىڭ ئالدىدا مەردانە سۆزلەۋاتقان، كامېرالارغا تىكىلىپ تۇرۇپ قامالغان قېرىنداشلىرىنىڭ، باغرى قان ئۇيغۇرنىڭ داۋاسىنى قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بارغانچە كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلار كاتتىلار، داڭلىقلار ياكى مەشھۇر زەردارلار ئەمەس، پەقەت قەلبىگە ھەق ۋە ھەققانىيەت مۇھەببىتى سىڭگەن ئاددىي كىشىلەر. ئۇلار تۈرك پۇقرالىقىغا ئۆتكەنلەر ئەمەس، پۇقرالىقنى سېتىۋالالايدىغان بايلاردىنمۇ ئەمەس. ئۇلارغا ئۇرۇمچىدە كوچىلارغا يېيىلغان قىپقىزىل قانلار بەدىلىگە پاسپورت ئېلىش پۇرستى ئەمدى كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ داۋاسى پۇرسەتپەرەسلىكتىن يىراق. ئۇلار ئەركىنلىك ئۈچۈن ھەر پۇرسەتتە، ھەر زامان قولىدىن كەلگەننى قىلىدىغان، ئەركىسىز خارلىنىۋاتقان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن كۈچى يەتكەن ھەر قانداق ئىشقا تەۋەككۇل قىلىشقا تەييار كىشىلەر. ئۇلار "مۇخبىر قاچان كېلەر، دۇنيا قاچان دەردىمنى ئاڭلار" دەپ پۇرسەت كۈتۈپ ياتىدىغانلار ئەمەس، بەلكى ھەققانى چۇقاننى ياڭرىتىپ پۇرسەت يارىتىدىغان كىشىلەر.

مۇخبىرلار ئۇلاردىن رەسىمنى ۋە ھەققى ئىسمىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم ئىجازەت سوراپ: «بەلكىم ختاي ھۆكۈمىتى ئاتا- ئانىڭىزغا بۇ سەۋەبلىك زۇلۇم قىلىشى مۇمكىن، بىز سىزنىڭ ۋە ئائىلىڭىزنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن سىزدىن قايتا ئىجازەت سوراۋاتىمىز» دېگەنلىرىدە، ئۇلار: «ئاتا- ئانامدىن خەۋەر يوق، ئەمما بۈگۈن تۇتىمىغان بىلەن ئەتە تۇتمايدۇ دېيەلمەيمەن. مېنىڭ ئانام تۇتۇلمىغان تەقدىردىمۇ دوستلىرىمنىڭ تۇتۇلدى، بۈگۈن مەن باشقىلارنىڭ ئانىسى تۇتۇلغاندا سۈكۈت قىلسام، ئەتە باشقىلارنىڭمۇ ئانام تۇتۇلغاندا سۈكۈت قىلىشىنى توغرا چۈشەنسەم بولىدۇ. بۈگۈن بىلىپ تۇرۇپ يېتىپ چىققان لاگىرلار ھەققىدە پاكىتنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوشۇرسام، ئەتە بالىلىرىم مەن تۇتۇلغاندىمۇ سۈكۈت قىلىدىغان بولۇپ چوڭ بولىدۇ. بالىلىرىمغا مۇساپىرەتتە بايلىق قالدۇرۇپ كېتەلمەيمەن، ھېچ بولمىغاندا، زالىمغا: ئەي زالىم، قولۇڭنى تارت! - دەپ تۇۋلىيالايدىغان بىر جاسارەتنى قالدۇرۇپ كەتمىسەم، ئۇدۇنيادا يۈزۈم قارا قوپىمەن» دېيىشىدۇ.

مۇخبىرلار بىلەن داۋاملىق كۆرۈشۈپ، زۇلۇم ھەققىدە شاھىدلىق بېرىپ، لەۋلىرىنى چىشلەپ، مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگۈپ سۆزلەۋاتقانلار ئىچىدە خانىم - قىزلار ھەققەتەن ئەرلەردىن كۆپ.ئۇلار زۇلۇمغا باش ئېگىشنى رەت قىلىدىغان، "يېتىپ قالغىچە، ئېتىپ قال" دېگەن بوۋىلاردىن مىراس ئۇيغۇرچە قەيسەرلىكنى ئۇنۇتمىغان مىڭ ئەرگە تېگىشكۈسىز قەيسەرلەر. ئۇلار شاھىدلىق ئۇچۇن يولدىشىنىڭ، قىزىنىڭ، ئوغلىنىڭ، ئانىسىنىڭ، دادىسىنىڭ، ئۇستازىنىڭ، شاگىرتىنىڭ رەسىمىنى تۇتۇپ يۇم-يۇم ياش تۆكۈۋاتقان بىلەن كۆز ئالدىدا مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆز قارچۇقلىرىغا جانلىق بىر دەرس بېرىشنى ئۇنۇتمايدۇ.

زەيتىنبۇرنۇدا بىر ئايال ئوغلىغا: «بالام ياخشى ئوقۇ، سەنمۇ مۇشۇ ئاكا-ئاچىلىرىڭدەك مۇخبىر بول! قارا، بۇ مۇخبىر ئەسلى بىر كۆچمەن خىتاينىڭ قىزى ئىكەن. كانادادا چوڭ بولۇپ، مانا بۈگۈن دۇنيادا ئەڭ چوڭ ئاخبارات ئورگىنىدا ئىشلەيدىكەن. بىزدىن بۇرۇن چىققانلاردىن مۇشۇنداق دۇنياۋىي تىللاردا يازالايدىغان، ئۆزىنىڭ تىلىنىمۇ ئۇنۇتمىغان، داڭلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان مۇخبىرلار يېتىشىپ چىققان بولسا، دەردىمىزنى تېخىمۇ ياخشى يازالايتتى. ئامىنە ئاچاڭنى تۈركىيە ساقچىلىرى تۇتۇپ كەتتى، ئارىمىزدىن بىر ئادۋوكات يېتىشىپ چىققان بولسا، سوتچىغا ھالىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈپ، بۇرۇنراق قۇتقۇزۇپ چىقاتتى. شۇڭا ياخشى ئوقۇ! بىزدىنمۇ دۇنياغا داڭلىق مۇخبىر، ئادۋوكات، ئېنجىنېر، مۇتەخەسسىسلەر چىقسۇن!زۇلۇمنى ئىلىم بىلەن يەڭگىدەك ئادەم بول، شۇنداق قىلالىساڭ، بىزدەك بۇنداق مىشىلداپ يىغلاپ، سەۋەبىنى قىلالماي، دۇئا قىلىپلا ئولتۇرىدىغان ئادەم بولۇپ قالمايسەن!» دەپ بولۇپ، يۈزلىرىنى تۇتۇپ ئۆزاق يىغلاپ كەتتى.

كامېرا ئالدىغا چىقىدىغان ئۇيغۇرنىڭ سانى كۆپەيسە، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلمايدىغان داۋاگەرلەر سېپى زورايسا، زالىمنىڭ تىلى قىسقىرايدۇ، ھەيۋىسى

سۇنىدۇ، غاپىللار ئازلاپ، شاھىدلار كۆپىيىدۇ. بەلكىم ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىگە سوزۇلغان خىتاينىڭ قارا قولى كامېرا ئالدىدا ھەق سۆزلىگەن تىللار، ھەق مەيداندىكى ھەقىقىي چىرايلارنىڭ غەزەبلىك چۇقانى بىلەن كۆيىدۇ. زۇلۇم ئاخىرى ئادالەتنىڭ يالقۇنلىرىدا زىندانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ گۇمران بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كەشمىردىكى ئۇيغۇرنىڭ ئىزى

تارىخ باغلىغان رىشتە بۈگۈنكى چېگرالار سەۋەبلىك ئۈزۈلگەندەك كۆرۈنسىمۇ تىل، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ئۇنى باغلاپ تۇرىدۇ. بۈگۈن بىر كەشمىرلىك تونۇشۇمنىڭ «نان چاي» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇپ شۇنى ئويلاپ قالدىم. ماقالىدە ئۇ نانچاينىڭ ۋە چاي مەدەنىيىتىنىڭ كەشمىرگە ياركەنتتىن كەلگەنلىكىنى يېزىپتۇ.

تورداىن نانچاينىڭ دەملىنىش ئۇسۇلىنى كۆرۈپ باقتىم، سۈنى ۋىللىدە بىر ئۆرلىتىپ ئۇستىگە چاينى سېلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇستىگە باشقا خۇرۇچلارنى سالىدىكەن. خۇرۇچلار بىلەن قوچۇلۇپ ھال رەڭلىك بىر ئىچىملىك ھاسىل بولىدىكەن. دېمەك، بىز ئۇ ئۇسۇلدا چاي دەملەشنى كەشمىرگە تارقىتىپ بولۇپ ئۇنتۇپ قالغان بولۇشىمىز مۇمكىن، ياكى بىز ئىسلاھ قىلىپ ئىچىۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن.

گەپ چاينىڭ ئەسلى كامبودژادىن تاڭ دەۋرىدە خىتايغا ۋە دۇنياغا تارقالغانلىقى، ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ چاينى جاھانغا يېيىشتا ياراتقان تۆھپىلىرى ھەققىدە بولدى. سۆھبەت نانچايدىن ئۆتۈپ بىزدە بار ئەتكەن چاي، پەمىل چاي، سۈت چاي، قايماق چاي، ياڭاق چاي دېگەن مەزمۇنلارغا كۆچكەندە ئورتاقلىق تېخىمۇ كۆپ چىقتى. كەشمىرلىكلەرمۇ بىزدەك سۈتچاي، قايماق چاي، ئەتكەن چايلارنى ئىچىدىكەن. ئەمما بۇ سۆزلەرنىڭ ۋە بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىكەن.

ئۇيغۇر ھەققىدىكى پاراڭلار ئۇنىڭ ماقالىسىنى بېيىتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنگلىزچە ماقالىسىدە چاينىڭ ئۇيغۇردىن تارالغانلىقى قەشقەر بىلەن كەشمىرنىڭ تارىخى، دىنىي ۋە مەدەنىيەت باغلىنىشى يورۇتۇلدى.

چاي ھەققىدە پاراڭلىشىپ چايدىن باشقا نۇرغۇن ئورتاقلىقلار چىقىپ قالدى. ئۇلارغا چاينى يايغانلارلا ئەمەس ئىسلامنى يايغانلارمۇ ئۇيغۇرلار ئىكەن.

كەشمىرلىكلەر سۇلتان سەدرۇددىن زامانىدا ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغان بولۇپ قەشقەردىن بارغان سوپى بۇلبۇلشاھ دېگەن كىشى كەشمىرگە كېلىپ ئىسىل پەزىلەتلىرى بىلەن ئىناۋەت قازانغان ۋە ھىدايەت يولىنى كېڭەيتىشتە زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىكەن. ئۇ كەشمىردە يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىغا سەۋەبكار بولۇپ شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى مۇسۇلمانلىق شاراپىتىگە باشلىغان ئىكەن.

بۇلبۇل شاھنىڭ ئىسمى ئەسلى سەيىد شەرىفىددىن ئابدۇرەھمان بولۇپ 14 - ئەسىرلەردە كەشمىرگە كەلگەن ۋە ئۇزاققا قالماي يۇقۇرى ئىناۋەت قازانغان. كەشمىرلىك تونۇشۇمنىڭ ئابدۇراخمان دېمەي ئابدۇرەھمان تەلەپپۇز قىلىشى دىققىتىمنى تارتتى. بىزدە راخمان بەزىدە رەخمان تەلەپپۇز قىلىناتتى. ئابدۇراخمان دېگەننى ئابدۇرەخمان دەيدىغان كىشىلەرمۇ ئۇچرايتتى. قارىغاندا ئىسلامچە ئىسىملاردىكى بۇ ئورتاقلىق شۇ ئىسىملارنى قويۇپ بەرگەن بۇلبۇل شاھ ھەزرەتلىرىدىن قالغان بولسا كېرەك.

كەشمىرلىك بۇرادەردىن نېمىشقا بۇ كىشىنىڭ بۇلبۇل شاھ دەپ ئاتالغانلىقىنى سورۇدۇم. ئۇنىڭ چۈشەندۇرۇشلىرىنىڭ ھېچ بىرى چەك باسمىدى. شۇئان ئېسىمگە ئۇيغۇرلاردا ئوغۇللارغا قويۇلىدىغان بۇلبۇل دېگەن ئىسىم ۋە قىرائىتى چىرايلىق قارىلارغا بۇلبۇل قارىم دەپ ئاتايدىغان ئادەتنىڭ بارلىقى كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ بابانىڭ كۆزلىرى ئۇزاقتىن بېرى ئىچىلمىغان سىر ئېچىلغاندەك چاقناپ كەتتى.

يۇقارقى تارىختىن قارىغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازى چىرايلىق كىشىلەرنى بۇلبۇلغا ئوخشىتىشى، قىرائەتنى ئاھاڭلىق ئوقۇغان كىشىنى بۇلبۇل دېيىشى يېقىنقى گەپ ئەمەس ئىكەن. غۇلجىدا تەمبۇرچى ئۇستا بولسا تەمبۇرنىڭ قۇلىقىغا بۇلبۇل قونىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلار بار. بۇلبۇلنىڭ ئىنسان چالغان كۈينى بىلىشى ناتايىن ئەمما بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈيگە خۇشتار بۇلبۇلغا بولغان ئامراقلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك.

كەشمىر بىلەن قەشقەرنىڭ، كەشمىرلىكلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ باغلىنىشى ئىككى رايون خەلقىنى ئورتاق چاي مەدەنىيىتى ۋە مۇقام ئەنئەنىسىگە ئىگە قىلغان. كەشمىردە ھېلىمۇ قەشقەرى دېگەن جەمەتتىكى كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ھىندىستانغا تەۋە كەشمىردە ھېلىمۇ بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار ياشاپ تۇرماقتا. گەرچە

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇيغۇرلۇق مەدەنىيىتى ساقلىنىپ قالغان.

ئۇيغۇرلار بىلەن كەشمىرلىكلەرنىڭ ئالاقىسى يېقىنلاردىمۇ داۋام قىلغان. بۇ ئىككى رايون خەلقى كوشان ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە باشلانغان ئالاقىسىنى لاداق يولى ئارقىلىق ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە باشلاپ كىرگەن بولۇپ تا 1950 - يىللارغا قەدەر ئۈزۈپ قويمىغان.

1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي زۇلمىدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇر مۇساپىرلار كەشمىرگە توپلانغان. ئۇلار كېيىنچە ئۇ يەردىن ئايرىلىپ داۋا قىلغىلى باشقا ئەللەرگە كەتكەن بولسىمۇ كەشمىردە ھېلىمۇ ئۇيغۇر بىلەن باغلىنىشلىق بىر داۋا داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بۈگۈن ھىندىستانغا تەۋە كەشمىردىكى ئاقسايچىن مەسىلىسى. خىتاي داۋاسىنى قىلىۋاتقان بۇ يەردە ئەسلى خىتاينىڭ ئەمەس ئۇيغۇرنىڭ ھەققى بار، ئەلۋەتتە.

كەشمىردە قالغان ئاقسايچىننى خىتاي بىزگە تەۋە دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاق ساي دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرچە دەپ داۋا قىلىدۇ. ئەگەر شۇ داۋا بويىچە بولسا ئەتكەن چاي، نان چاي، قايماق چاي ئىچىدىغان، مۇزىكا ۋە دىن مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار بىلەن باغلىنىدىغان كەشمىرلىكلەرمۇ خىتايغا تەۋە بولامدۇ؟ ئۇلار ئاقسايچىن دېگەن سۆزدىكى چىننى خىتاي دەپ تونۇۋالىدۇ. ئەگەر خىتاي تارىخنى ئېتىراپ قىلغان بولسا ئىدى ئۆتمۈش زامانلاردا قەشقەرنىڭ چىن، خوتەننىڭ ماچىن دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. ئاقسايچىنغا چاينى تارقاتقان، يەپ ئىچىپلا قويۇپ كەتمەي ئىمان، ئىنساپ، خەير-ئېھسان بىلەن ياشاپ ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىنى يايغان ئۇيغۇرنىڭ زېمىندارلىقىنى خىتاي ۋە نامەرت دۇنيا ئېتىراپ قىلغان بولسا تۇگمەس پىتنىگە ئوت كەتمىگەن بولاتتى.

## كەلگۈندى سۆزلەر ۋە ئۆزلۈكمىز

2012 -يىلى سىنتەبىردە مىسرانىم توردا مېنى زىيارەت قىلغان سىن قويۇلدى. ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتىن كېيىنكى ئىنكاسلاردا مەزمۇن بىر يەردە قېلىپ، ئامېرىكا ھەققىدە مۇنازىرە بولدى. سەۋەبى مەن شۇ خەتلىك بىر مايكا كىيگەن ئىكەنمەن. ئەگەر تورداشلار تالاش - تارتىش قىلمىغان بولسا، ئۇ خەتكە دىققەتمۇ قىلمىغان ئىكەنمەن. بۇ تارتىشمىدا ئامېرىكىغا قارىتىلغان «تاغۇت» دېگەن سۆز بەك كۆپ ئىشلىتىلدى. مەن ئۇيغۇر تىلىنى كەسىپ قىلىپ تۆت يىل تولۇق كۇرستا، ئۈچ يىل ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان بولساممۇ،تىلىمىزدا بۇنداق بىر سۆزنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئۇنداق بىر سۆز قەدىمدە يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن باشلاپ موللا بىلالنىڭ، موللا مۇسا سايرامىنىڭ، ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ، ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئىشلىتىلمىگەن ئىدى.

مىسرانىمدىكى گەپ مايكا بىلەنلا تۈگىمىدى، ئايالىمنىڭ مەن بىلەن يالاڭباش ئولتۇرۇپ چۈشكەن بىر رەسىممۇ مۇنازىرىنى قىزىتتى. بۇ رەسىم بىزنىڭ ئۆيدە تارتىلغان ئىدى. بۇ ئىدىئولوگىيەلەر بازىرىنى قىزىتقان بولدى. كىشىلەرنىڭ تەسەتتۇر، ئابايى، جىلباپ، بۇرقا، ھىجاب...دېگەن سۆزلىرىنى چۈشىنەلمىدىم. مەندەك قەدىمكى، يېقىنقى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىنى مەخسۇس كەسىپ قىلىپ ئوقۇغان بىر ئادەم چۈشەنمەيدىغان، چۈشىنەي دېسىمۇ ئاڭقىرالمايدىغان بۇ سۆزلەر نەدىن پەيدا بولدى؟

مەن ئامېرىكىنى "شەيتان"، "جاھانگىر"، "تاجاۋۇزچى" دېگەنلەرنى ئاڭلىغان، ئەمما "تاغۇت" دېگەننى ھېچ ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن. بۇرۇن مەن «ئامېرىكا شەيتانمۇ» دەپ يازما يازغان. شۇ چاغدا ئامېرىكىنى "شەيتان" دېگەنلەر بار ئىدى. ئەمدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

"تاغۇت" دەيدىغانلار چىقىپتۇ. ئۇندىن باشقا دىپلوماتقان "جاھىلىيەت، رەببىيەت، بەيئەت، ئۇلۇھىيەت، رۇبۇبىيەت، خىلافەت، تەكفىر، جىھادىي ئەمەلىيەت" دېگەن سۆزلەرمۇ قارىسام، مەن بىلىدىغان سۆزلەر ئەمەس ئىكەن. بۇ سۆزلەر ئىچىدە "بۇرقا" تالىبان ئافغانىستانغا ھاكىم بولغان دەۋردە ئاياللاردا ئەك ئومۇملاشقان كىيىم ئىكەن.

مۇنازىرىدە دىندار كۆرۈنگەن تورداشلار تىلغا ئالغان ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ئىچىدە "جىھادىي ئەمەلىيەت، نىقاب" دېگەن سۆزلەر ماڭا تونۇشتەك بىلىندى. ئەمما "نىقاب" دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى مەن بىلىدىغان نىقاب ئەمەسكەن. "جىھادىي ئەمەلىيەت" دېگەن ئىبارىدىكى "ئەمەلىيەت" بىز بىلىدىغان "چىنلىق" مەنىسىدىكى ئەمەلىيەت ئەمەس ئىكەن. نىقاب - ئاياللارنىڭ كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ، يۈزنگە تارتىۋالغان قارا لاتا ئىكەن. "جىھادىي ئەمەلىيەت" دېگىنى "ھۇجۇم" دېگەن گەپتەك قىلىدۇ.

بىر قارىسام، بۇ كەيپىيات ماڭا سەل ئىشسىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن، يەنە بىر قارىسام، زۇلۇمغا قارشى بىر كۈچتەك بىلىنگەن ئىدى. ماڭا بۇنىڭ كەينىدىكى مىللەتنى ئىنكار قىلىدىغان، سەنئەتنى، پەننى، زامانىۋىلىقنى رەت قىلىدىغان قارا قويۇن خەتەرلىك تۇيۇلۇپ، تۇسۇشقا ئۇرۇنغان ئىدىم. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىغا يۇقىرىقى سۆزلەرلا يات بولۇپ قالماي، شۇ سۆزلەرنىڭ كەينىدىكى ئەرەب چۆللىرىدىن، ئافغان تاغلىرىدىن گۇركىرەۋاتقان قارا بورانمۇ پۈتۈنلەي يات ۋە تەھدىتلىك ئىدى. مەسىلە بۇ سۆزلەرنى ئۇيغۇرچىغا قوبۇل قىلىش بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، ئەكسىچە شۇ سۆزلەر ئەۋج ئالغان ئەللەردە بازارلىق بولغان ماجىرالار، ئادەتلەر، پىكىرلەر ۋە پەتىۋالارنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، شۇ چاغدا، مەن چۈشىم چىقىپ ئاڭلاپ باقمىغان "ئۇيغۇر شىئەلەر مەسىلىسى" ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ مەسچىدى رەسمىگە تارتىپ يوللاندى. چۈنكى شۇ چاغدا سۈرىيەدە ئۇرۇش پارتىلىغان بولۇپ، شىئەلەردىن بولغان ئەسەتكە قارشى كۆرەش قىلىدىغان بىرلىك ئىسلام دۇنياسىدا ئەۋج ئالغان، شىئە دۈشمەنلىكى يامراپ كەتكەن ئىدى.

2016 -يىلى ئىستانبۇلدا رەھمەتلىك مۇھەممەت سالىھ داموللام تەرجىمە

قىلغان «قۇرئان كەرىم» نى قايتا كۆرۈپ چىقىش توپى قۇرۇلدى. تەرجىمىدە "تاغۇت" دېگەن سۆز يوق ئىدى. قايتا تەھرىرلەنگەندە، شۇ سۆزنى قوشۇش ياكى قوشماسلىق ھەققىدە مۇنازىرە بولۇپ، ئاخىرى قوشۇش قارار قىلىندى. «قۇرئاننىڭ ۋەتەندە نەشر قىلىنغان ئىككى خىل تەرجىمىسىدە "تاغۇت" دېيىلمەي تۇرۇپ ئىزاھلانغان ئايەتلەرنى نېمە ئۈچۈن بىز تاغۇت دېمەي يېشەلمەيمىز؟» دېگەن ئەپسۇسلۇق ھېس ئىچىدە قالدى. داموللام ئىشلەتمىگەن "تاغۇت" سۆزىنى قوبۇل قىلىش ماڭا ئۇيغۇرغا خىتاب قىلىنىۋاتقان تەرجىمە قۇرئانغا بىر يېڭى سۆز قوشۇش، تىلىمىزغا چۈشىنىكسىز بىرەر ئەرەبچە سۆزلەرنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسىلا ئەمەس ئىدى.

تىلىمىزغا غەربتىكى دىنداشلىرىمىز ۋە شەرقتىكى خىتايدىن كىرگەن كەلگۈندى سۆزلەر خەق بىزگە تاقاپ قويغان ياكى بىز خەقتىن ئارىيەت ئالغان كۆزەينەككە ئوخشايدۇ. ئۇلار شۇ سۆزلەر بىلەن دۇنيانى ياكى بىزنى بايان قىلسا، دۇنيا ۋە ئۆزىمىز كۆزىمىزگە شۇنداق كۆرۈنىدۇ. باشقىچە ئېيتساق، خەقنىڭ سۆزلىرى چاپانغا ئوخشايدۇ. خەقنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلغىنىمىز خەق تىككەن چاپاننى كىيىۋالغانغا باراۋەر. خەقنىڭ چاپىنىنى كىيسەك، خەققە ئوخشاپ قالىمىز. خەقنىڭ دۈشمىنى ئۇلارغا بولغان ئاچچىقنى بىزدىن چىقىرىدۇ.

بۇرقا، جىلباپ، نىقاب، ئابايى دېگەندەك سۆزلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى شۇنداق كىينگەن مىللەتلەرنىڭ ئادەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يات سۆزلەرنىڭ كىرىشى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرى قوللىنىپ كەلگەن باشياغلىق، تور رومال، گىجىم رومال، لىچەك، سارىغۇچ، پەلتۇ، تون دېگەن سۆزلەرنى سىقىپ چىقىرىدۇ. بۇ، شۇ سۆزلەرگە باغلانغان مەدەنىيەتنىڭ غايىپ بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەجدادلارغا يات پىكىرلەرنى ئەكس ئەكۇزىدىغان "جىھاد، ھىجرەت، ھىزبۇتتەھرىر، ئىخۋان، خىلافەت، تاغۇت، تەكفىر، بەيئەت" دېگەنگە ئوخشاش يات ئاتالغۇلارنىڭ تىلىمىزغا كىرىشىمۇ مۇشۇ ئاتالغۇلارغا باغلانغان ئىدىيەنىڭ قەلبىمىزگە سىڭىپ كىرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

## مائارىپتىكى يۈك ۋە يۈكلەمچى

بىر كۈنى بىر دوستۇمنىڭ ئېنگىلىزچىگە قىزىقمايۋاتقان قىزلىرىنى كۇرسقا ئېلىپ ماڭدۇق. يولدا قىزلاردىن نېمىشقا بۇ تىلغا بۇ قەدەر قېرىقلىق قىلىدىغانلىقىنى سوراپ، تاڭ قالدىم. قىزلارنىڭ ئېنگىلىز تىلى مۇئەللىمى: «بۇ تىلنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاققا قالمايدۇ، يەنە بەش يىلدىن كېيىن پۈتۈن تۈركىيەدە خىتايچە چەتئەل تىلى بولىدۇ. ئۇ چاغدا كىشىلەر ئېنگىلىزچە ئورنىغا خىتايچە ئۆگىنىشكە باشلايدۇ» دېگەنمىش. شۇڭا ئېنگىلىزچە ئۆگىنىشنىڭ ھېچبىر كېرىكى يوقمىش. ئۇلارنىڭ تۈركىيەدە بەش يىلدىن كېيىن ئۆگىنىشكە باشلايدىغان خىتايچىنى ھازىردىن باشلاپ ئۆگەنگۈسى بار ئىمىش.

بۇنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنىڭ باللىق ھاياتىمغا قايتتىم. مەنمۇ باشلانغۇچتا: «خىتايچە ئۆگەنسەڭ خىتاي بولۇپ قالىمىز،ئۆگەنمەي تۇرۇۋالساق خىتايلار ئۇيغۇرچە ئۆگىنىدۇ» دېگەننى ئاڭلىغان ئىدىم. ناھىيە بازىرىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، ھاياتىمدا ئىككىنچى بىر خىتاينى كۆرگەندە، ئۇيغۇرچە پاراڭلاشقان ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن، يۇقىرىقى گەپكە تېخىمۇ چىن پۈتۈپ، پەقەت خىتايچىغا تىرىشمىغان ئىكەنمەن. ئالى مەكتەپكە چىقىپ، خىتايچىنى ئاران ئۆگەنگەن چېغىمدا، خىتايلارنىڭ ئېنگىلىزچە كىتاپ كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىگە قاراپ ئىچىم قايىنىغان ئىدى.

باللارغا يات بىر تىلنىڭ تاۋۇشلىرىدىن باشلاپ، سۆز - جۈملىلىرىگىچە يات بولۇپ، ئۇلارنى شۇ تىلنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگە قوبۇل قىلدۇرۇش، سىڭدۈرۈش ئاسان ئەمەس. ئىنسانىنىڭ ئۆزى ئەمەس، مېڭىسىمۇ يات نەرسىنى يەكلەيدۇ. باللار شۇنداق ھالەتتە، ئۆگىنىش خوشياقماي ئاران تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىگە خاتا

بىر پىكىرنى سىڭدۈرۈپ قويۇش ئۆمۈرلۈك زىيانكەشلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنداق زىيانكەشلىككە كەچمىشىم بىلەن گۇۋاھ بولغىنىم ئۈچۈن ئىستانبۇلدىكى مەزكۇر ئوقۇتقۇچىدىن يىرگەندىم. قانداق بولۇپ بىر ئوقۇتقۇچى ھېچبىر جازا، مەسئۇلىيەت دېگەنلەرنىڭ بېشىغا كېلىشىدىن قورقماي شۇ گەپلەرنى دەيدۇ؟ نېمىشقا مەن كىچىك چاغلىرىمدا كىچىك بىركەنتتە دېيىلگەن گەپكە ئوخشاش بىر گەپ دۇنيا بويىچە ئەڭ نوپۇسلۇق شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان ئىستانبۇلدا دېيىلىدۇ؟

سەۋەب شۇكى، ئىككىلا ئەلنىڭ مائارىپىدا باللارغا بىلىم، مەلۇمات، ئۈچۈر يەتكۈزۈلۈشتىن، ئۇلارنى ھاياتتا لازىم بولىدىغان ئىقتىدارلارغا ئىگە قىلىشتىن باشقا مەلۇم بىر ئىدىئولوگىيە يۈكلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ رولى باللارغا پىكىرلەرنى تېڭىش ئىددىيە سىڭدۈرۈش، دەرسلا ئۆتۈش ئەمەس. ئىستانبۇلدىكى ختايچىغا خۇمار بولغان ئوقۇتقۇچى دىنچى ياكى كومۇنىست بولۇشى مۇمكىن. تۈركىيەدە ئادەتتە دىنچىلار ۋە كومۇنىستلار ختايغا مايىل، ئۇلار ختاينىڭ تەرەققىي قىلىپ، غەربنىڭ ئەدىپىنى بېرىشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ.

ختاي بىلەن تۈركىيەدە باللارغا مۇئەييەن بىر ئىدىئولوگىيە تېڭىلىدۇ، كامالىزىم تۈركىيە باللىرىغا، ختايچە سوتسىيالىزىم ختايدىكى باللارغا. تۈركىيەدە باللارنىڭ باشلانغۇچ دەرسلىكىدىن تارتىپ، تاكى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگىچە كىتاپلىرىدا مۇستاپا كامالنىڭ رەسىمى،ھەر يىللىق ئەدەبىيات، تارىخ، ئىجتىمائىي بىلىملەر دەرسلىكىدە مۇستاپا كامالغا دائىر تېكىستلەركەم بولمايدۇ. تارىخ كىتابىنىڭ خۇلاسىسى:"مۇستاپا كامال بولمىسا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بولمىغان بولاتتى"دېگەن يەكۈن بىلەن تاماملىنىدۇ. بۇنىڭ ختاي مائارىپىدىكى:"كومپارتىيە رەھبەرلىكى بولمىسا، ختاي ئىنقىلابى غەلىبە قازانمايتتى" دېگەندىن نېمە پەرقى بار؟

بىر كۈنى قىزىم بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ مىللىيەتچى ھەرىكەت پارتىيەسىنى قوللايدىغانلىقنى ئاڭلىدىم. قىزىم ئەمدىلا ئون ياش، بەشىنچى يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. سەۋەبىنى سورىسام، ئوقۇتقۇچىسى شۇ پارتىيەنىڭ دەستەكچىسى ئىكەن. ماڭا قىزىمنىڭ پارتىيە تۇتقىنى ئەمەس، ئوقۇتقۇچىسى تۇتقان پارتىيەنى قوللىشى غەيرى تۇيۇلدى. تەكشۈرۈشىمچە، تۈركىيەدە سىنىپ مەسئۇلى باللارغا ئۆزى ياقتۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل تورىسى

پارتىيە ھەققىدە سۆزلەپ، بالىلارنى شۇ پارتىيەنىڭ تەرەپتارى قىلىپ تەربىيە بېرىدىكەن. مۇشۇ ئىشلىنى ھەرئويلىسام، بىئارام بولىمەن. مەن بۇرۇندىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرىدىغان سەبىي بالىلارغا چوڭلارغا خاس پارتىيە ئىدىئولوگىيەسىنى سىڭدۈرۈشنى ئەسلا قوبۇل قىلالمايمەن.

سۈرۈشتە قىلسام، ئۇنداق قىلىش خاتا ئىكەن. بىر كۈنى مەكتەپكە كىرىپ ئىنكاس قىلدىم، ئەممائۇلاردىن ھەيران قالغان، چۆچىگەن ياكى جىددىيلەشكەن ھېچبىر ئالامەتنى بايقىمىغاچقا، بولدى قىلدىم. مائارىپ تارماقلىرىغا شىكايەت قىلغان تەقدىردىمۇ ئېجرا قىلىدىغىنى مۇشۇ كىشىلەر ئىدى. ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆيگە قايتىش يولىدا بىر دادا بىلەن بۇ ھەقتە مۇڭداشتىم.

مەھەللىمىزدىكى ساقچىخانىدا ئىشلەيدىغان بۇ كىشى مېنىڭ دېگەن سۆزلىرىمگە قاراپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭچە بۇ ئاتايىن مەكتەپنى ئىزدەپ بارغىدەك ئىش ئەمەس ئىكەن. ئوقۇتقۇچىلار ھۆكۈمەت تۈتۈپ سولاۋاتقان گۇلەنچىلەرنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلمىسىلا، قالغان پارتىيەلەرنى مەدھىيىلەش ھېچگەپ ئەمەس ئىكەن.شۇئان قىزىمنىڭ 3 -يىللىقتىكى ئوقۇتقۇچىسى ئەلى سارىئەخمەتنى ئويلاپ قالدىم. ئۇمۇ ئايالى بىلەن "گۇلەنچى" دېيىلىپ قوغلانغان ئىدى.

مەن ھەرقانداق پارتىيىنىڭ مەكتەپكە كىرىشنى، بالىلارغا ئىدىيە سىڭدۈرىشنى قوللىمايتتىم. چۈنكى 18 ياشتىن تۆۋەن بالىلار مەلۇم بىر پارتىيەگە خاس ئىدىيەنى قوبۇل قىلىشقا ئەمەس، بىلىم قوبۇل قىلىشقا، ھۈنەرلىك، مەلۇماتلىق بولۇشقا، ئەتراپتىكى ئىنسانلارغا، ئىجتىمائى ۋە تەبىئي موھىتقا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش، مۇشكۇلنى قانداق بىرتەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىشكە موھتاج ئىدى.

مەن تۈركىيەگە بالىلارغا مەنىۋىي يۆلەر تېگىلىدىغان، كىشىلەر ئىدىيە بويىچە سەپلەرگە زورلىنىدىغان، بىر ئادەمنىڭ مىللىتى، ئىدىيەسى ۋە نەسەبى شۇ كىشىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان زۇلمەتلىك خىتايچە تۇزۇمدىن قېچىپ كەلگەن ئىدىم. مەن بالىلارنىڭ چوڭلارغا خاس يەكۈنلەرنى، پىكىرلەرنى ۋە ئىدىئولوگىيەنى دەرس ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈپ، يادىلىتىپ كىملەرنىڭدۇر نىشانىغا ئىتتىرىلمەسلىكى ئۈچۈن بۇ يات تۇپراقتا سەرسان ئىدىم.

بۇ ئەلگە كېلىپ ئۈچ يىلدىن ئارتۇق تۇرۇش جەريانىدا مەن يىرگەنگەن تۈزۈمگە مەن تەلپۈنگەن بۇ دۆلەتنىڭ نەقەدر يېقىنلىقى نامايەن بولۇشقا باشلىدى. مەن قىزىمغا ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىم ئاتالغان ئاچقۇچتىن باشقا ھەر قانداق ئىدىئولوگىيەنى بېرىشىنى قوبۇل قىلمايتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە ئوقۇتقۇچى ئىددىيە سىڭدۈرگۈچى، مەنئۆيى يۈك تاڭغۇچى بولۇپ قالسا بولمايتتى. ماڭا بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ باللارغا ئىددىيە-پىكىر تاڭمىغانلا بولسا، ئۆزىگە مەنسۇپ، ئۆزى سۆيۈنگەن ئىددىيەسى سەۋەبلىك مۇنبەردىن قوغلىنىشى قوبۇل قىلغۇسىز ئىدى. ئەگەر قوغلاشقا توغرا كەلسە، قىزىمغا كامالىزىمنى تاڭغان، دوستۇمنىڭ قىزىغا خىتايپەرەسلىكنى سىڭدۈرگەن ئوقۇتقۇچىمۇ ئوخشاشلا قوغلىنىشى كېرەك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇساپىر ئەدەبىيات

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا غېرىبلىق، مۇساپىرلىق ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر كۆپ. ئۇيغۇر قوشاقلىرىمۇ غېرىبلىقنى كۈيلىگەن قۇرلىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر. «غېرىب - ئاۋارەدۇر بۇ كۆڭلۇم» دەپ باشلانغان خەلق ناخشىسىدىكى «غېرىب» مۇساپىر دېگەن سۆز. «ئاۋارە» دېگەن سۆزمۇ سەرگەردانغا قارىتىلغان. شۇڭا ھىندىستان كىنوسى «سەرگەردان»دا «ئاۋاراھۇم» دەپ ناخشا تولۇلايدۇ راجى. سەۋەبى ئۇيغۇرچىدىكى ئاۋارە دېگەن سۆز بىلەن ھىندى تىلىدىكى ئاۋارا دېگەن بىر گەپ، مەنىسى سەرگەردان. سۈرگۈندە، مۇھاجىرەتتە ياشىغانلاردىن يەپ - ئىچىپ ئۇنتۇلغانلار كۆپ، ئەمما يېزىپ ئۇنتۇلمىغان كىشىلەر سەرسان ئەدىبلەردۇر.

ئۇيغۇرلار ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىنكى تۆت يۈز يىلغا يېقىن ۋاقىت تەرەققىياتتا يول ئاچقان دەۋر بولغان. مەھمۇت قەشقەرى ئۇيغۇر تىلىنى ئەرەب تىلى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ، سائادەت يۇلتۇزىنىڭ تۈركلەرنىڭ ئاسمىنىدا پارلىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئۇ ئىلىم ئۈچۈن باغداتتا سەرگەردان بولغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەت يۈكنەكى، ئەھمەت يەسەۋىي ئۇيغۇر تىلىدا «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ۋە «دىۋانى ھېكمەت» دېگەندەك ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەقىقەتەن شۇ دەۋرنىڭ پەن تىلى بولغان ئەرەبچە بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرالىشىنى كاپالەتلەندۈرگەن. بۇلارمۇ ئىلىم، تەتقىقات ئۈچۈن جاھان كەزگەن، مۇساپىر بولغان كىشىلەر ئىدى.

تۆرپانلىق غىياسىدىن باخشىنىڭ ئوغلى ئەلىشىر نەۋايى ھىراتتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغانلىقى ھەققىدە كىتاب يازغان. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ پارس

تىلدىن قېلىشمايدىغان گۈزەللىكنى ئەسەرلىرى بىلەن ئىسپاتلىسا، مىرزا ئۇلۇغ بەگ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىدىغان رەسەتخانا قۇرغان. ئەمما ئۇندىن كېيىنكى يىللاردا يىپەك يولى خارابلىشىپ، ئۇيغۇرلار تاغلاردىن ئېشىپ ئېچىلىپ ياشاشنى ئەمەس، بېكىنىپ ياشاشنى تاللىغان. ئىسلام دۇنياسىدا پەن ۋە سەنئەتنىڭ چۈكۈشى، دۇنياۋىي تەرەققىياتنىڭ دېڭىز بويلىرىغا يۆتكىلىشى، ئۇيغۇرلارنى روھانىي تۇيغۇ، خۇراپىي ئېتىقاد ۋە تەركىدۇنيالىق كەيپىياتىغا چۆمكەپ قويغان. شۇڭا تىلىمىزدا تۈزۈك ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلمىگەن.

ئۇيغۇرلار ئاساسەن دۇنيا كەزمىگەن، سەرسان بولمىغان، جاھانغا ئېچىلمىغان 400 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، بىزگە ئوتتۇرا شەرقتىن كەلگەن سەييالارنىڭ ئاغزى بىلەن «مىڭ بىر كېچە» قىسسىلىرى، «شاھنامە» داستانلىرى ۋە پەيغەمبەرلەر ئۈستىدىن توقۇلغان ساختا رىۋايەتلەر يېتىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار خۇراپاتلار، رىۋايەتلەر ۋە رىۋايەت بىلەن ئېلىشىپ كەتكەن دىندىن باشقا ھەممىگە بىپەرۋا قارىغان. يۇرتىمىزنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىزى ۋە تۇلپارى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار. ھەتتا دىيارىمىزغا كېلىپمۇ باقمىغان ئىمام ئاسىم، ئىمام جەفەرى سادىق، ئىمام مۇسا كازىملار ھەققىدە ھىكايىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئەمما تارىخىمىزدا ئۆتكەن نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىمۇ ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن، مەھمۇت قەشقەرى قەبرىسىنىڭ ئوپالدا، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسىنىڭ قەشقەردە ئىكەنلىكى 1980 - يىللاردا ئىسپاتلانغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئۈزىدەك ئۇنتۇلۇپ كەتكەن.

جاھان كەزمىگەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى خەقنىڭ داستانلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇرغا قايتا يېزىپ بەرگەن. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئەگەر ئابدۇرەھىم نىزارى «رابىيە سەئىدى»نى، موللا بىلال «نازۇگۇم»نى يازمىغان بولسا، تارىخىمىزدا ئۇيغۇر ئەرلەردىن ئاشىق، پالۋان چىققانغا، قىزلاردىن قەھرىمان چىققانغا ئىشىنىشكە ئامالسىز قالاتتۇق. چۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا تولا چاينالغان يۇسۇپ-زۆلەيخا، لەيلى-مەجنۇن، ۋامۇق-ئۈزرا دېگەن مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ ھېچبىرىدە ئۇيغۇر يوق، چۈنكى ئۇيغۇرنىڭ ئەمەس.

قۇرئان سەۋەبلىك ئەرەبچىگە، مەدرىس سەۋەبلىك پارسچىغا دۇم چۈشكەن

خەلقىمىزدە ئانا تىلدا ئەسەر ئاز يېزىلغانلىقى، ئانا يېرىمىز، تارىخىمىز ئەدەبىياتىمىزدا يېزىلمىغانلىقى، ئەدەبىياتقا ئايلانمىغانلىقى سەۋەب بولغاچ، دىيارىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرىنى، تارىخىمىزنىڭ نۇرغۇن بوش سەھىپىلىرىنى، ئالىم، قەھرىمان ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ نامىنى يات تىللاردىن ئۆزلەشتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. مىسال، سۇجۇپ، كومراجىۋا، كوئىنلۇن، تيانشان، شىڭشىڭشا دېگەنلەرنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى تېخى يېقىندىلا ئۆگىنىۋالدۇق.

بىر مىللەتنىڭ جاھان كۆرگەن، دۇنيانى چۆشەنگەن ئەدىبلىرى يېزىپ چىققان، ياتنى دورىمىغان، ئۆزىگە خاس داستانلىرى، ئۆز ئەۋلادلىرىغا ئېيتىپ بېرەلەيدىغان ھېكايە، رىۋايەتلىرى بولۇشى كېرەك. بولمىسا، ھېلى ئەرەبنىڭ «مىڭ بىر كېچە» سىدە ئېزىقىپ، ھېلى پارسنىڭ رۇستەم پالۋانلىرىغا شەيدا بولىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. ئەگەر تارىختىكى ئەجدادلار ئەدەبىيلەشتۈرۈلمىسە، ئۇلارنىڭ سىماسى ئەۋلاد قەلبىدە ئەبەدىيلەشمەيدۇ. ئەگەر كۆز ئالدىمىزدىكى پاجىئە ئەستىن چىقماس شەكىلدە سۈرەتلەنمىسە، شۇنداق پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

ھاياتتا ھەممە كىشى ياشىغان بىلەن تۇرمۇش چەمبىرىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئۇنى كۆزىتىش، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ باھا بېرىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن بىلىم، ماھارەت ۋە جاسارەت كېتىدۇ. بۈگۈن ئۆتۈلۈۋاتقان خاتالىقلار كۆز ئالدىمىزدا سۈرەتلەردەك لىپىلداپ ئۆزگىرىپ تۇرغان بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ماھىيەت ئەدەبىي تىل بىلەن يېشىپ بېرىلمىگەن ئەھۋالدا خاتالىقلاردىن ساۋاق ئېلىنمايدۇ، ئىبرەت يەكۈنلەنمەيدۇ، نەتىجىدە ئوخشاش خاتالىقلار توختىماي سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ خاتىرىسىدۇر. بۇ خاتىرە ئەجدادتىن قالغان ۋەسىيەت، رېئاللىقتىن ئېلىنغان ئىبرەت، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن پەرەز ۋە نەزەرلەر بىلەن تولغان بولسا، ئەۋلاد ئۈچۈن ئەينەك، ئەڭگۈشتەر بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئەدىبلىرى ئۆز خەلقىگە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىنى دۇنيا ئاڭلىغۇدەك سەۋىيەدە ئېيتالىسا، شۇ مىللەتنىڭ پاجىئەسى دۇنيانىڭ پاجىئەسىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، دۇنيادا يەھۇدىيلارنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە كۆرگەن خورلۇقلىرىنى بىلمەيدىغان ساۋاتلىق ئادەم ئاز. ئەمما شىڭ شىسەينىڭ ئۇيغۇرنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەۋھەرلىرى بولغان بايلار ۋە زىيالىلارنى 1933 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە ئون يىلدەك توختىماي قىرغىن قىلغانلىقىدىن خەۋەردار كىشىلەرنى تاپماق ئاسان ئەمەس. سەۋەب، بۇئىلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەر ئەدىپلىرىمىزنىڭ قەلىمىدە، زامانىۋى ئۇسلۇپتا دۇنياغا ئەمەس، ئۆزىمىزگىمۇ تونۇشلۇق سۆزلەنمىگەچكە، دۇنيا ئاڭلاپ ھەيران قالغۇدەكلىرىمۇ چىقىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇساپىرلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىمۇ مۇساپىر قىلدى. تۇتقۇندىن ئامان قالغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئېقلىملىرىغا تارالدى. ۋەتەندە ئىجادىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان ئەركىنلىكنىڭ قىسلىقى ئەدىبلەرنى نۇرغۇن پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قويغان، نۇرغۇن سۆزلەر بوغۇزغا كەپلەشكەن پېتى قالغان ئىدى. ۋەتەننى تەرك ئېتىپ ئېرىشكىنىمىز شۇ بوغۇلغان ئۈنلەرنىڭ ياڭرىشى، قىسىلغان سۆزلەرنىڭ پارتىلىشىغا بېرىلگەن پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن.

مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئەگەر ئۇيغۇرنىڭ ھاياتىنى پۈتۈن ئۇيغۇرلار مەپتۇن بولغىدەك، پۈتكۈل دۇنيا جەلپ بولغىدەك يازالىسا، ئۇيغۇر كۆرۈۋاتقان پاجىئەنى ئىنسانىيەتنىڭ دەردىگە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن. نەتىجىدە، مەسىلىمىز دۇنيادا ئىنسانىيەت ئورتاق پەخەس بولۇشى، ساقلىنىشى كېرەك بولغان مەسىلە بولۇشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئەقلى ۋە ۋىجدانى بۇ مەسىلىگە مەركەزلىشىپ چارىلەر تېپىلىشى مۇمكىن.

زۇلۇم بىزنىلا ئەمەس، ئەدەبىياتىمىزنىمۇ سەرسان قىلدى. مۇساپىر ئەدەبىيات ئۇيغۇرنى قانداق تەسۋىرلەيدۇ، ئۇيغۇر ئۈچۈن قانداق يازىدۇ؟ نېمىلەرنى يازىدۇ؟ سەرگەردان بوۋىلار يەتكەن پەللىگە يېتەلەمدۇق؟ ئۆزىمىز غىياسىدىن بولامدۇق ياكى ئارىمىزدىن ناۋايىلارنى تەربىيەلەمدۇق؟ سەرسانلىق ئەدىبلەر ۋە ئەدەبىيات ئۈچۈن پۇرسەتمۇ ياكى پۇرقەتمۇ، بوۋىلار غېرىبلىقتا ئۇيغۇرغا «دىۋان» ۋە «بىلىك»نى مىراس قىلىپتۇ، بىزچۇ، مەنچۇ؟ مانا بۇ، مەن دائىم ئويلايدىغان مەسىلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھامىمال قىزىم

قىزىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئىستانبۇلنىڭ فاتىھ رايونىدا باشلىدى. مەكتەپكە تىزىمغا ئالدۇرغان كۈنى ئۇنىڭغا بىر يۈرۈش مەشق كىتابلىرىنى ئېلىشقا توغرا كەلدى. كىتابقا تۆلەنگەن پۇلغا تالون بېرىلمىدى، سەۋەبىمۇ كۆرسىتىلمىدى. شۇئان ئېسىمگە: «ھەقسىز دەرسلىك، ھەقلىق قوللانما» دېگەن بىر ماقالە كەلدى. ماقالىدە خىتايدا دەرسلىك كىتابلار ھەقسىز تارقىتىلغان بىلەن پايدىلانما كىتابلارغا ھەق ئېلىنىدىغانلىقى، نەشرىياتچىلارنىڭ مەكتەپلەر بىلەن بىرلىشىپ، قانۇنسىز بېيىپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلىنغان ئىدى.

ئوقۇش باشلاپ، ئۈچىنچى ئېيىغىچە قىزىم يازىدىغان تاپشۇرۇقلار بىلەن مەشغۇل بولدى. تاپشۇرۇقلارنىڭ ھەممىسى خىتايدىكىگە ئوخشاش ئايرىم كىتاپلار ئىدى. ئوقۇتقۇچى تاپشۇرۇق بېرىپ ئاۋارە بولماي تەييار پايدىلانمىلارنى ئىشلەپ كېلىشكە بۇيرۇپ ئىشنى ئاسانلاشتۇرغان ئىدى. دەرسلەرنىڭ نەتىجىسى چىقماي تۇرۇپ، كۆز دوختۇرى بىر نەتىجىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. قىزىم مەندەكلا كۆزەينەك تاقىمىسا بولمايدىكەن. ئۇنىڭدىن دەرسلەردە قانداق ئوقۇۋاتقانلىقىنى سوراشتىن ئاۋال قايسى ئوقۇتقۇچىنىڭ سىنىپتا ئىسمىنى چاقىرغانلىقى، قانچە دوستىنىڭ بارلىقىنى سورىدىم. ھېچ بىر مۇئەللىم قىزىمنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى سىنىپتا: «يېڭى كەلگەن يابانجى قىز (چەتئەللىك دېمەكچى)» ئىكەن. ئىچىم ئاچچىق بولۇپ سۈكۈت قىلدىم. ئېنگلىز تىلىنى راۋان سۆزلەيدىغان، بۇرۇنقى باشلانغۇچ مەكتەپتە بىرىنچى بولۇپ ئوقۇغان قىزىمنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارغا ھەيران قالدىم.

توردىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەرجىمھالىغا قاراپ باقتىم. ئاللا كارامەت، تۈركىيەدە ھەر قانداق كەسىپتە ئوقۇغان ئادەم ئوقۇتقۇچى بولالايدىكەن ئەمەسمۇ؟ خۇددى خىتايدىكىگە ئوخشاش بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىنىپ، ئوقۇتقۇچى تاللىنىدىكەن. ئەسلىدە نېمىشقا قىزىمنىڭ ئېنگلىزچە دەرسلەردە ئالاھىدىلىكىنىڭ بايقالمىغانلىقى، ماتېماتىكا كىتابىنى يازلىق تەتىلدىلا ئىشلەپ بولسىمۇ ئېتىراپقا ئېرىشەلمىگەنلىكى، ئۈچ ئاي ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ تەجرىبە ئىشلەشكە بۇيرۇلمىغانلىقى، مۇزىكا دەرسىدە بىرەر ئۈيغۇرچە ناخشا ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىنمىغانلىقىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلغان ئىكەنمەن. ئەسلى قىزىمنى ئوقۇتىۋاتقانلار ئوقۇتقۇچىلىقنى ئەمەس، بىر كىشىلىك خىزمەتنى، جان باقىدىغان مائاشنى تاللىغان كىشىلەر ئىكەن ئەمەسمۇ!

يېڭى مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، قىزىمنىڭ قىزغىنلىقى سۇسلاپ كەتتى. ئېغىر سومكىنى يۈدۈپ، بەزىدە قاپاقلىرىنى تۈرگەن پېتى كەتكەن قىزىم، بەزىدە خۇشال، بەزىدە باش ئېگىك، چىرايى سوغۇق قايتىپ كېلەتتى. ھەر بىر دەرسلىك كىتابنىڭ بىردىن پايدىلانما كىتابى بولغىنى ئۈچۈن قىزىمنىڭ سومكىسى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. قىزىمنىڭ سومكىنى يۈدۈپ مۈكچەيگەن ھالىتىگە قاراپ: «مەكتەپتە ۋە ئوقۇتقۇچىلاردا كىتابتىن باشقا ئوقۇتقىدەك، ئۆگەتكىدەك بىر نەرسە يوقمىدۇ؟ ئەگەر سىنىپتا مەشق كىتابلىرى ئىشلەنسە، ئوقۇتقۇچىنىڭ رولى توغرا - خاتاغا باھا بېرىش ۋە ئىنتىزام ساقلاش بولسا، باللار مەكتەپكە بېرىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۇ كىتابلارنىڭ ئاخىرىدا سوئاللارنىڭ جاۋابى بار تۇرسا، ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرىپ، مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا ئىشلىگەندىن ئۆيدە ئىشلىسىمۇ بولىدىغۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم.

ئىزدىنىپ قارىسام، تۈركىيەدە دۆلەت مائارىپى زەئىپ بولغاچقا، خۇسۇسىي دەرسخانا مائارىپى تەرەققى قىلغان ئىكەن. ئوقۇغۇچىلار شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى ھەر قايسى پەنلەر بويىچە كۇرسلارغا بارىدىكەن، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسلار بىلەن مەشغۇل ئىكەن.

توۋا خۇدايىم! بۇ ئىشلار خىتايدا شۇنداق ئىدى. باللار دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە مەكتەپتە ئوقۇسا، ئارام ئېلىش كۈنلىرىنى كۇرسلاردا ئۆتكۈزەتتى. مەكتەپنىڭ ئوقۇش كىتاب يادلاش، بىلىم يۈكلەش، ئىمتىھان ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىشتىنلا ئىبارەت بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باللار ئادەم بولۇش، تەبىئەتنى بايقاش، شەكىللەردىن، ھەرىكەتتىن، مۇزىكىدىن زوق ئېلىش دېگەن ماھارەتلەرنى قەيەردە ئۆگىنىدۇ؟

تۈركىيە ئاساسى مائارىپىدا باللارنىڭ ئىقتىدارى تۈركىيە مانچىنچىسى، ۋىلايەت مانچىنچىسى، مەكتەپ مانچىنچىسى دېگەنلەر بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ كىشىلىك، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدۇ؟ مەكتەپلەردە نە مۇزىكا زالى، نە سۇ ئۈزۈش كۆلى، نە تۈرلۈك توپ مەيدانى يوق. شۇڭا تۈركىيە دۆلەت مەكتەپلىرىدىن سۇ ئۈزەلەيدىغان، رەسىم سىزالايدىغان، مۇزىكا ئەسۋاپلىرىنى چالالايدىغان قابىلىيەتلىكلەرنى يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش توخۇدىن سۈت ساغماقچى بولغانەك بىر ئىش - ئەلۋەتتە.

قىزىمنىڭ سومكىسى ئېغىرلاپ يادا يازىدىغان، قېتىملاپ كۆچۈرىدىغان ۋە پايدىلانما كىتابلارنى ئىشلەپ تۈگىتىدىغان ۋاقتى ئۇزارغانچە، كىتاب ئوقۇشتىن زېرىكىدىغان بولۇۋالدى. قىزىم ئانىسىنىڭ تېلېفونى بىكار بولغان ھامان قولىدىن چۈشۈرمەيتتى، ئۆيدىكى ئايپەتنى سىگلىسى بىلەن تالىشاتتى. ھەپتە بۇرۇن باشلىغان كىتابلارنى شۇ پېتى تاشلاپ ناخشا، كىنو ۋە ئويۇنچۇق ئەپلەر دۇنياسىغا غەرق بولۇشقا باشلىدى. مائارىپ كىشىلەرنى كىچىكىدىن شۇنداق يېتىشتۈرگەچكە، تۈركىيەدە جامائەت سورۇنىدا كىتاب ئوقۇۋاتقان ئادەمنى كۆرۈش تەس ئىدى. باللارنى كىتابتىن زېرىكتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بۇنداق مائارىپتىن ھاممال، بېدىك، دەللاللار ئاسان يېتىشىپ چىقاتتى.

مەكتەپلەر يېتەرسىزبولغان بىلەن تۇرمىسى يېتەرلىك كۆپ بولغان بۇ ئەلدىكى رېئاللىققا قاراپ، تىرناق ئالغۇچتىن تارتىپ سىرتما ۋە يىپ – يىڭنىگىچە ئادەتتىكى نەرسىلەرنىمۇ ئۆزلىرى لايىھەلەپ باقماي، سىرتتىن سېتىۋالىدىغان بۇ خەلقنىڭ ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بوغۇز ۋە كۆۋرۈككە مىنىپ ئولتۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر قاتتىقچىلىق ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى ئاڭقارغاندەك بولدۇم.

قىزىمغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. خۇددى تۈرك سودىگەرلەر شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا بېدىكلىك قىلىپ مال توشۇغاندەك، قىزىم بىچارە مەكتەپ بىلەن ئۆي ئارىسىدا كىتاب توشۇيدۇ. خۇددى تۈرك سودىگەرلەر تاۋارلارنى توشۇپ سېتىشنى

بىلگەن بىلەن شۇ مالنىڭ قانداق ئىشلىنىدىغانلىقى، نېمىلەرنى ماتېرىيال قىلىدىغانلىقى، قانچە يىلدا لاھىيەلەنگەنلىكى، لاھىيەنىڭ كەينىگە قانداق تەسەۋۋۇر، پىلان ۋە ئىجادىيەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىغا قىزىقمىغاندەك، قىزىىمۇ توشۇپ يۈرگەن كىتابلىرىنىڭ ئىچىدە زادى نېمىنىڭ بارلىقىغا ۋە نېمە ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىغا قىزىقمايتتى.

كىتاب توشۇۋاتقان هاممال قىزىم بىلەن هامىال تۈرك سودىگەرنىڭ پەنگە، كىتابقا، ئىجاتقا قىزىقماسلىقىنىڭ سەۋەبى - ئىككىلىسىدە مەجبۇرىيەت ھېسسى ۋە زورلىنىش بار، ھۇزۇر ۋە زوق يوق. قىزىم بىلەن سودىگەرنىڭ توشۇمچىلىقىنى ياكى هامماللىقىنى پۈتۈنلەي ئوخشاتقىلىمۇ بولمايتتى. چۈنكى تۈرك هاممال تاۋارلارنى پۇلغا توشۇيتتى، ھەققىنى ئالاتتى، ئالتۇن قازىناتتى، ئەمما بىچارە قىزىم ھەق ئېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەقسىز مۇئامىلىسى، سۈپەتسىز تەربىيەسى، مەسئۇلىيەتسىز پوزىتسىيەسى سەۋەبلىك مىليونلىغان ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش ئالتۇندەك ۋاقتىنى ئىسراپ ۋە زايا قىلماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھەر قاچان ئويغان

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان» دېگەن شېئىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇنتۇلماس بىر مارشقا ئايلانغان ئەسەردۇر. شائىر ۋاپات بولغانغا سەكسەن يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، مەرھۇم ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە قوزغاتقان ئويغىنىش ۋە ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلماقتا. 80 -يىللاردا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى تاللانغان ئەسەرلەر توپلىمىغا «ئويغاق ئەۋلاد» دەپ نام قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدىكى نەسىل ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن. مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئويغانغان زېمىن» نامىدا ئىككى قىسىملىق رومان يېزىشتىمۇ مىللەتنىڭ ئەسىرلىكتىن تويغانلىقى، كۆزىنى ئاچقانلىقى ۋە قۇتۇلۇش ئۈچۈن قوزغالغانلىقىنى قەيت قىلماقچى بولغان بولسا كېرەك.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئويغىنىش چاقىرىقىغا يۈز يىل بولاي دېدى. بۇ چاقىرىققا ئۆزىنى ۋە سۆزىنى ئاتىغان كىشىلەر ھەر ۋاقىت ئارىمىزدا كەم بولمىدى. ئۇيغۇرلار ئىنتېرنېت دەۋرىگە كىرگەندىن تارتىپ «ئويغان» ساداسى تورلارنى تىترەتتى. توردىكى پىكىر ئەركىنلىكىدە «ئويغان» ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر قايناشقا باشلىدى. ئويغاق ئۇيغۇر ياشلىرى «ئويغان» ناملىق توربەت قۇرۇپ چىقتى. «ئويغان» دېگەن بۇ شېئىر8 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىندى، ھەتتا دىيارىمىزدا ئېچىلغان ئېنگلىزچە كۇرسلاردا «ئويغان» نىڭ ئېنگلىزچە نۇسخىسى ئۇيغۇرچە بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ ئوقۇتۇلدى.

«ئويغان» ساداسىغا جۆر بولغانلارنىڭ بېشىغا كۈلپەت ۋە مۇسىبەتلەرتاش بولۇپ ياغسىمۇ، جۆر بولمىغانلارنىڭ يۈرىكى چارەسىزلىكتە تىنىمسىز ئۆرتەنسىمۇ، بۇ يولدا يولۇچى ئازلىمىدى، ئازلىمىدىلا ئەمەس، ئاللىقاچان كارۋان ئاتالدى. يۈز

يىلدىن بۇيان غەپلەت، زۇلمەت ۋە جاھالەتنى تىترەتكەن ئويغىنىش خىتابىغا ئۇن قوشقانلارنىڭ پاجىئەسى ئويغىنىشنىڭ خاتالىقى ئەمەس، ئويغىتىش ۋە ئويغىنىش چاقىرىقىنىڭ زىيىنىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇخلاتماقچى بولغانلارنىڭ خاتالىقىنى ئىزچىل داۋام قىلىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن بولماقتا.

بۇندىن بىر ئەسىر بۇرۇن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياڭراتقان ئويغان ساداسى تارىم ۋادىسىدىلا ياڭرىغان ئەمەس، پەقەتلا بىر ئۇيغۇر شائىرىنىڭ يەككە چاقىرىقىمۇئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىنىڭ چۇقانى ئىدى. تۈرك ئورتاق ئەدەبىياتىنىڭ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئەينى دەۋردە تۈرك تۇپراقلىرى يېتىشتۈرگەن ئۈچ شائىرنىڭ «ئويغان» ماۋزۇسىدا نەزمە يازغانلىقى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بۇلار تۈركىيە مىللىي مارشىنىڭ ئاپتورى، شائىر مەھمەت ئاكىف ئەرسوي، قازاقىستانلىق جەدىدچى ئەدىب مىرجاقىپ داۋلاتئوغلى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىق مارشىنى يازغان مەھمەت ئاكىف ئەرسوي «ئويغان» ناملىق شېئىرىنى 1915 ـ يىلى يازغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئويغىنىشقا چاقىرىق قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ سەلدە بىخۇتلۇقتا چۆكۈپ كەتمەستىن، مەردانە ئۇزۇشى كېرەكلىكىنى ئەسكەرتكەن. چۈنكى ئەسەر يېزىلغان ۋاقىت ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، مۇسۇلمانلار دۇنياسى خورلىنىش ۋە خارلىنىشقا پاتقان چاغلار ئىدى. شېئىرنىڭ ئالدىنقى كۇپلېتلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىسى مۇنداق:

ئويغان!
باقىنا كىم بويىنى پۈكۈك يىغلىغان
ھەق ھوقۇقۇڭ چەيلىنەر ئەھلى ئىمان
قۇتقاز ئۇ بىچارەنى ئاللاھ ئۈچۈن
چارە قىلماي ھۆر بولۇپتۇ قايسى جان.

ئۆتتى يىللار ئۇخلىدىڭ ھېچ قانمىدىڭ،
تارىخىڭ بولدى قارا ئاقلانمىدىڭ.
پېتىقلاندى ۋەتىنىڭ باشتىن بۇيان،
تاغ بولۇپ كەتتى ساۋاق ساقلانمىدىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قازاق باغىرلىرىمىزغا «ئويغان» دەپ خىتاب قىلغان مىرجاقىپ داۋلاتئوغلى 1885 -يىلى قازاقىستاندا تۇغۇلغان. ئۇھاياتىنى قازاق كىملىكىنى قوغداش ۋە قازاق يېڭى مائارىپى ئۈچۈن ئاتىغان. 1928 -يىلى كوممۇنىستلارغا تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگىلى قىل قالغان. شائىر شۇندىن بۇيان كۆپ خارلىنىپ،1935 -يىلى كېسەل سەۋەبىدىن تۈرمىدە ۋاپات بولغان. ئۇھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى رومانىنىڭ ئاپتورى بولۇپ، ئۇنىڭ 1905 -يىلى يازغان «ئويغان قازاق» دېگەن شېئىرى قازاق مىللىي روھىنىڭ چاقنىغان نۇرىدۇر. مەزكۇر شېئىرنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچىغا ئوخشاش بولۇپ، دەسلەپكى كۇپلېتنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدىن باشقىنى چۈشىنىشتە ئىزاھات كەتمەيدۇ. بىرىنچى كۇپلېت مۇنداق باشلانغان:

ئويغان قازاق!
كۆزۈڭنى ئاچ، ئويغان قازاق، كۆتەر باشنى،
ئاققۇزمىغىن قاراڭغۇدا بىكار ياشنى،
زېمىن كەتتى، دىن ناچارلاپ، ھال خاراب بوپ،
قوپ قازاغىم ، كۆزلە ئەمدى ھۆر ياشاشنى.

20 -ئەسىردە تۈرك دۇنياسىدا ئويغان ساداسىنى ياڭراتقان بۇ ئۈچ ئەدىب ھاياتىدا مۈشكۈل كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن، كۆپ ئۆۋالغا قالغان ۋە رىيازەت چەككەن ئىدى. ئەمما بۈگۈن مەھمەت ئاكىف ئەرسوينىڭ ئىزى تۈركىيەدە، مىرجاقىپ داۋلاتئوغلىنىڭ مىراسلىرى قازاقىستاندا ئۇلۇغلانماقتا، ئۇلار ھازىر ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئىپتىخارى. ئۇلارنىڭ نامىغا ئاتالغان مۇزېيلار، كوچىلار ۋە مەكتەپلەر ۋەتەنسۆيەرلەرنى جەلپ قىلىپ تۇرۇپتۇ. پەقەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭلا قەبرىسى غېرىب، ئىزى غۇۋالاشقان بولۇپ، خاتىرە كۈنلىرى سۈكۈت بىلەن ئەسلەنمەكتە. ھازىرغىچە ئۇنىڭ نامى بىلەن بىرەر يەر ئاتالمىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر خاتىرە ئۆيى ياكى مۇزېي بەرپا قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرنىڭ سۈكۈتلۈك تىلى ۋە مۇھەببەتلىك دىلىدا ئۇنىڭ ئىسمى «ئويغان» قاتارلىق ئويغاتقۇچى نەزمىلىرىگە قوشۇلۇپ دائىم يادلانماقتا.

## يادىمىزغا يۆكلەنگەن سالتاڭ شوئارلار

2017 - يىلىدىن باشلاپ تۈركىيەدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، تۈركىيەدىكى نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچى قىيىنچىلىقتا قالدى. تۈركىيەدىكى جامائەت بۇ ئىشقا ئىگە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا مۇكاپات ۋە ياردەملەرنى تەسىس قىلىشتى. مەن ئۇيغۇرىيار مۇكاپاتىغا ئۈچ نۆۋەت باھالىغۇچى بولۇپ قالدىم. بۇ جەرياندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇنغان ئىلتىماسىدىكى شوئارسىمان جۈملىلەرنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ:«زېھنىمىزغا كىرىۋالغىنى خىتاينىڭ ئۆزى، تىلىمىزغا كىرىۋالغىنى خىتاينىڭ سۆزىلا ئەمەس، زېھنىمىزگە كىرىۋالغىنى خىتايچە شوئارۋازلىق، خىتايچە تەپەككۇر ئىكەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلدىم.

ئىلتىماس جەدۋىلىدە ئوقۇغۇچىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن نېمىلەرنى بايقىغانلىقى، قانداق مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدىگەنلىكى، كىشىلەرگە، مەھەللىسىگە نېمىلەرنى قىلغانلىقى ۋە قانداق قىلىشنى پىلانلاۋاتقانلىقى سورىلاتتى. ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزى تاللىغان كەسپىنى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى كىشىلىك مۇۋەپپەقىيەت پىلانى ۋە جەمئىيەت، مىللەت ۋەتەرەققىيات بىلەن قانداق باغلايدىغانلىقى ئېنىقلىناتتى.

كەلگۈسى پىلانلارنى بىلىش ئۈچۈن سورالغان سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارىسام، كۆپىنچە ئوقۇغۇچى بۇ ھەقتە ئېنىق بىر پىلان يازماي، ھەدېسىلا: «مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئوقۇيمەن، ۋەتەننى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيمەن، مىللەتكە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيمەن، دىنىمىزنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئوقۇيمەن، دىنىمىزنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوقۇيمەن» دېگەندەك جاۋابلارنى ھەر خىل سۆز

www.uyghurkitap.com

ۋە جۈملىلەر بىلەن تەكرارلاپتۇ. مانا بۇ سۆزلەر خىتاي كىچىكىمىزدىن يادلاتقان: «ۋەتەننى گۈللەندۈرۈپ، ئىقتىساتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كوممۇنىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن» دېگەندەكلا ئاڭلاندى.

مەن ئىلتىماسچىلارنىڭ ئاغزىدىن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان: «ئوقۇۋاتقىنىم ئادۋوكاتلىق، دوختۇرلۇق، بوغالتىرلىق، چۈنكى تۈركىيەدە مۇشۇ كەسىپتە ئىش تېپىش ئاسانراق ئىكەن، شۇڭا بۇ كەسىپلەردە ئوقۇشنى تاللىغان؛ مەھەللىمىزدە يوللار ئاسان بۇزۇلىدۇ، شۇڭا يول-كۆۋرۈك ياساش كەسپىدە ئوقۇي دېگەن؛ مىللىتىمىز ئېغىر كىرزىستا، روھىي ساراسىمىگە دۇچار بولۇپ قالدى، شۇڭا پسىخولوگىيە ئوقۇي دېگەن» دېگەندەك جاۋابلارنى كۈتكەنىدىم. چۈنكى جەمئىيەتنى ئوبدان ئانالىز قىلىپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتتە نېمىنىڭ كەمچىل، نېمىنىڭ ئەتىۋار ئىكەنلىكىنى، ئۆزى تەۋە مىللەتنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىنى بىلمىگەن ئادەم دېنىغا، مىللەتكە قانداق خىزمەت قىلالىسۇن؟

ئۇيغۇريارغا ئىلتىماس سۇنغان بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇئارغا ئۇستىلىقى، ئۇلۇغۋار تۇتۇق گەپلەرگە بەكرەك ماھىرلىقى خىتايچە تۈزۈمنىڭ مەھسۇلاتى، مۇستەبىت ئەلدە يېتىشكەن ئادەتنىڭ نەتىجىسى ئىدى. چۈنكى خىتاي ئىددىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەچقا، ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئېشىش - ئاشماسلىقى بىلەن كارى يوق، خىيالىي نىشاننىڭ بىردەكلىكىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئاۋامغا ياقىدىغان، قىلغىلى بولمىسىمۇ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان ياڭراق شۇئارغا ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. يامان يېرى، ئۇلار بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا كۆندۈرىۋەتكەن.

خىتايچە مائارىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىگە خاس تەپەككۇر قىلىشنى، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشنى، باشقىلار بىلەن پەرقلىق پىكىرلىرىنى قورقماي دېيىشنى، ئۆزىنى ئىپادە قىلىشنى ۋە تەشكىللىنىشنى ئۆگەتمەيدۇ. خىتاي يولغا قويۇۋاتقان مائارىپتا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىلىدىغىنى ئۆتۈلگەن مەزمۇنلارنى تاسقاپ بېقىپ، كاللىسىدىن ئۆتكەندە ئۆزلەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاغزىدىن چىققاننى يادلاشتۇر. ئوقۇتقۇچى ئادەتتە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئۇقۇملارنى يادلىتىپ بولدى قىلىدۇ. شۇ ئۇقۇملارنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان تەرىپى ھەققىدە توختالمايدۇ.

شۇڭا بىزمۇ شۇنىڭغا كۆنگەن.

ئەسلىدە خىتايلار مائارىپتا شۇئارلار ئارقىلىق بىزگە سىڭدۈرۈلمەكچى بولغان ئۇقۇملار پۈتۈنلەي خاتامۇ ئەمەس. مەسىلەن، ۋەتەننى سۆيۈش، خەلققە خىزمەت قىلىش دېگەن ياخشى بىر ئۇقۇم. بۇنى ئۆگەتكەندە ۋەتەننى سۆيۈش كېرەكلىكى ھەققىدە شۇئار توۋلىتىپ، نەسىر يادلىتىپ، بايراق پۇلاڭلىتىپ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى سىڭدۈرگەندىن بەكرەك ۋەتەننى قانداق قىلغاندا سۆيگەن بولىدىغانلىقنى قىلىپ كۆرسىتىش، قىلدۇرۇپ مۇكاپاتلاش ئۈنۈملۈك. مەسىلەن، بۈگۈنكى ئۇرۇشسىز زاماندا باج تۆلەش، مۇھىتنى ئاسراش، ئىشىك ئالدىدا يېشىللىق بەرپا قىلىش دېگەنلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بولىدىغانلىقنى ئۆگىتىش، بايراقنىڭ ئالدىدا مىڭ قېتىم قەسەم قىلدۇرغاندىن ئۈنۈملۈك بولۇشى مۇمكىن.

خىتاي سىڭدۈرگەن شۇئارۋازلىق ئىچىمىزغا شۇ قەدەر ئومۇملاشقان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئىلتىماس جەدۋىلىدە ئۆزىگە قانداق خىزمەت قىلىشنى بىلمەي، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرغىدەك، تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلغۇدەك، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە خىزمەت قىلغۇدەك كەسپىي قابىلىيەت ئىگىلىمەي تۇرۇپ،ھە دېگەندە ۋەتەن، مىللەت ۋە دىنغا خىزمەت قىلىش ئىرادىسىنى جاكارلايدۇ. خىتايچە ئاتاشقا ئۇلۇغ، ئەمما ئىچى قۇرۇق گەپلەر ئىچىمىزنى ئىشغال قىلىۋالغاچقا، نامايىشلاردىمۇ ھېچبىر دۆلەت ۋە دۇنيانىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان، ئەمەلگە ئاشماس شۇئارلار توختىماي توۋلىنىدۇ. ئارىمىزدىن شۇنداق ئاقماس شۇئارلارنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ۋارقىرىغانلار قەھرىمان سانىلىپ ئويلىنىپ گەپ قىلغانلار قورقۇنچاق دېيىلىدۇ. مەسىلەن: خىتايغا قارشى ئۇرۇش ئاچايلى، ۋەتەننى قوراللىق ئازات قىلايلى، خىتايغا قارشى جىھاتقا ئاتلىنايلى...دېگەندەك. بۇ شۇئارلارنىڭ توغرىلىقىدىن ھېچ كىم گۇمان قىلمايدۇ. ئەمما قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ مىڭ ۋارقىرىسىمۇ بىكار.

خىتايدا سىڭگەن شۇئارۋازلىقنىڭ، مۇھاجىرەتتە يادىمىزغا، ئىچىمىزغا يۇكلەپ ئېلىپ كەلگەن ئەخمىقانىلىقنىڭ ئەڭ خەتەرلىك يېرى جامائەتنىڭ شۇئارۋازلىققا شۇ قەدەر كۆنۈپ كەتكەنلىكىدۇر. ھېچكىم: «نامايىشلاردا بۇنى نېمە ئۈچۈن توۋلايمىز؟ بۇنىڭ بىزگە نېمە پايدىسى بار؟ بۇنىڭ ئاتا-ئانىمىز، قەۋمى-قېرىنداشلىرىمىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هاياتى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ نامايىشتا نېمىشقا ئېنىق گەپ قىلمايمىز، نېمىشقا ئەمەلىي سۆزلىمەيمىز؟ نېمىشقا قولىمىزدىن كېلىدىغان، بىز تۇرۇۋاتقان دۆلەت قىلىپ بېرەلەيدىغان، دۇنيانىڭ قولىدىن كېلىدىغان شۇئار ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويمايمىز؟» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ ياكى قويالمايدۇ. 70 يىلدىن بېرى توۋلانغان شۇئارلار خۇددى بىز دەپ كۆنگەن: «خۇدايىم ساقلايدۇ، خۇدايىم ئامان قىلار، خۇدايىم بۇيرىماپتىكەن» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش ئويلىمايلا دېسىمۇ بولىدىغان هالغا كېلىپ بولغان.

ئەلۋەتتە، كۆنگەن مەھەللە، كۆلگەن يۇرت ۋە كۆيگەن سۆيۈملۈكلىرىمىزدىن مەھرۇم قېلىپ تۇرۇۋېمۇ، خىتاي سىگدۈرگەن ئىللەتلەردىن قۇتۇلالمىدۇق دەپ ئېتىراپ قىلىش ئاسان ئەمەس. بولۇپمۇ، بۇ قۇتۇلالماسلىق ئويچان كىشىلەرگە ئېغىر كېلىدۇ. خىتايدىن يىراق ياشاپمۇ خىتايچە ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەرنى قىلىشتىن، خىتايدىن شىكايەت قىلىپ تۇرۇۋېمۇ خىتايدەك ئاقماس شۇئارلارنى توۋلاشتىن ساقلىنىش خىيالچان كىشىلەرنى ئازابلايدۇ. خىتايدەك قۇرۇق گەپ قىلىۋاتقىنىمىز، خىتايدەك ئۆزىمىزنى ئالداۋاتقىنىمىز بىزنى بىئارام قىلىدۇ.

مەنچە خىتايچە تەپەككۇر، شەكىلۋازلىق ۋە شۇئارۋازلىقتىن قۇتۇلۇش يولى - بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئويلايدىغان، توۋلايدىغان بولۇپ قالغىنىمىزنىڭ ئىلمىي سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىقىش، ياشاۋاتقان ئەلدىكى مائارىپتىن ئۆزلەشتۈرۈش ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىش بولۇشى مۇمكىن.

## ئانىلارغا بايرام شۇ كۈنى

بۈگۈندىن بەش يىل بۇرۇنقى ئانىلار بايرىمى كۈنىدىن ھېيتگاھ بىخەۋەر، ۋالىي مەھكىمىسى بىپەرۋا ئىدى. جانان كوچىسىدىن چىقماي "بالام، ئېرىم، ئۆيۈم" دەپ شامدەك كۆيۈپ تۈگەپ كېتىدىغان جانان ئانىلار بۈنداق بىر كۈننى بىلىشمۇ، بىلدۈرۈشكە ئامالسىز ئىدى. بۇ بىر كۈندە قەشقەردە ئەرلەر ئايالنىڭ ئالدىغا داستىخان سالمايتتى، ھاكىمىيەت سەھنىلەردە كارناي چالمايتتى.

كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا بايرام، تەبرىكلەش، خاتىرىلەش، تەنتەنە دېسە، تېلېۋىزور ياكى سەھنىلەر كېلەتتى. بايرام بولسىلا، جاراھەتنىڭ ئاغزىدەك، يالماۋۇزنىڭ تىلىدەك قىزارغان بايراقلار سەھنىلەردە لەپىلدەيتتى. ھاكىمىيەتنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بايراملار ئازابنىڭ نىقابىغا ئايلانغان ئۇسۇللار بىلەن قۇتلىناتتى، تەشۋىقاتنىڭ جاكارىغا ئايلانغان ناخشىلار بىلەن تەبرىكلىنەتتى، ئەمما ئۇيغۇرنى ئىچىدىن قېنىپ كۈلدۈرەلمەيتتى.

بۈگۈندىن بەش يىل بۇرۇنقى ئانىلار كۈنىدە غېرىب ھېيتگاھنىڭ كۆڭلىنى كۈلدۈرىدىغان، مۇڭلۇق ئارتۇچنىڭ پىغانىنى ئالىدىغان، مىسكىن ياركەنتكە جان كىرگۈزىدىغان بىر تەنتەنە داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇ كۈندە ئەزىزانە قەشقەر ۋە باھادىرانە ئارتۇچقا يۇلتۇزدەك تارالغان بوستان ۋە گۈلىستانلارنىڭ پىنھان باغۋەنلىرى، مورىلىق ۋە مورىسىز ئۆيلەرنىڭ ئۈنسىز پاسىبانلىرى بولۇپ 300دىن ئارتۇق ئانا بۇ تەنتەنىدە ھەمداستىخان ئىدى.تارىختا تەۋەرۈك بوۋىلىرىمىز ھەسەن-ھۈسەندەك گۈللەر، ياقۇتتەك، زۇمرەتتەك، كەھرىۋادەك مېۋىلەر بىلەن تولدۇرغان چىنىدەك

پاكىز چىنباغدا ئانىلارنىڭ چىھرىدە تەبەسسۇم، كۆزلىرىدە ھاياجان پارلايتتى. بۇ مېھرىبانلاردىن 147 ئانا ئالقىشلار بىلەن سەھنىگە چىقتى.

مۇكاپاتلانغان ئانىلار قاتارىدا قەشقەر شەھىرى قارقى دەرۋازىسىدا ئەجدادتىن ئەۋلادقا ياشاپ كېلىۋاتقان، ئەسلى خان جەمەتى، ئاقسۆڭەك پۇشتىدىن بولغان، بۈگۈنكى بىر ئاددىي ئانا سەھنىدە ئىدى. ئۇ 11 بالىنى تىرناقلىقتا تاتلاتماي، تۇمشۇلۇقتا چوقۇلاتماي ساق - سالامەت چوڭ قىلغان، مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ پېشانىسىنى ئوڭ قىلغان ئىدى. شەھەرنىڭ ئېتىكىدە ئارامغا چىققان بىر ئوقۇتقۇچى ئانا 20 يىلدىن بېرى مەھەللىسىنى ئۆزى يالغۇز تازىلاپ كەلگەچكە، ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ ساۋاتسىز دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە تاپشۇرۇق ئىشلەتكەچكە شەرەپ بىلەن تۆردە ئىدى.

ئارتۇچتىن كەلگەن بىر ئانا شۇ كۈنى مۇكاپات ئالغان، ئەمما ئۇنىڭ تەرىپىنى147 نۇرلۇق سىما ئۈچۈن ھاكىمىيەتتىن ئالغان ئىككى سائەتلىك ئىجازەتتە سۆزلەپ بولغىلى بولمىغاچقا ئارىمىزدا سىر پېتى قالدى. بۇ ئانىمىز پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، يېزىدىكى ئاتا مىراس جايىغا ئۆي سالدۇرۇپ يېنىپ چىققان. مەھەللىدە دېھقان باللىرىنىڭ ئەخلەت يېمەكلىكلەرنى يەۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان. لېكىن ئاتا - ئانىلارغا چۈشەندۈرۈپمۇ، باللارنى توسۇپمۇ، تىجارەتچىلەرگە دىن ۋە پەندىن نەسىھەت قىلىپمۇ ئاڭلىتالمىغان. ئاخىرى ئۆزى بوتكا ئېچىپ سۈپەتلىك، ساغلام يېمەكلىكلەرنى زىيىنىغا سېتىشقا باشلىغان. بۇ ئانا بوتكىسىغا كىتاب تىزىپ، كىتابخۇمار بوغۇنلارنى سۈپەتلىك شاكىلاتلار بىلەن تارتۇقلىغان (بۇ ئانىمىز ھەققىدىكى تەسىرلىك ئۇچۇرنى ئاڭلاپ، 2012 -يىلى يوقلاپ بارغان ئىدىم. شۇ سەپەردە ئەخلەت يېمەكلىكلەرنىڭ يېزىلارنى قاپلىغانلىقىنى بايقىدىم. كېيىن دوستلار بىلەن باللارغا پاكىز ۋە ھالال يېمەكلىك ئىشلەش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزگەن، يېزىلاردا زەنجىرسىمان دۇككان ئېچىپ بوغۇزىدىن بۇلغىنىۋاتقان باللارنى قۇتقازماقچى بولغان ئىدۇق، ئەمما تەتۈر قويۇن ھەممە ئارمانلارنى قۇمغا كۆمگەن بولدى).

ئانىلار كۈنىدە ئىككى ئانىنى مۇكاپاتقا تەۋسىيە قىلغان ئىدىم. بىرى، مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى رەھمەتلىك ئۇستازىم نۇرنىسا ئوسمان، يەنە بىرى، ماڭا

ۋە ناھىيە بازىرىدا ئوقۇغان يۈزلىگەن بالىغا كىتاب، ئوقۇش ئادىتىنى سىڭدۈرگەن، كىتابنىڭ ھۇزۇرىنى ھېس قىلدۇرغان، كىتابخۇمارلارنىڭ باشپاناھى مەرەجخان ئانا ئىدى. بۇ ئىككى ئانامنىڭ بىرى مېنى مەكتەپكە قولۇمدىن يېتىلەپ ئەكىرگەن بولسا، يەنە بىرى كونىشەھەر ناھىيىلىك باللار كۇتۇپخانىسىغا، بىلىملەر قەسرىگە بېشىمنى سىلاپ ئەكىرىپ قويغان ئىدى.

شۇ كۈنى، قەلب تۆرىمىزدىكى غەمگۈزارلىرىمىز، ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدا پورەكلىگەن «مېھرىبان ئانىلار» كوللېكتىپىنىڭ قەشقەر ۋە قىزىلسۇدىكى پىداكارلىرى مۇكاپاتلانغان ئىدى. كۈندىلىك خىراجەتلەردىن قىسىنىپ باشقىلارنىلا تارتۇقلاپ، باشقىلارغىلا بېرىپ، خالىس ياردەملەر بىلەن ھاياتىنى زىننەتلەۋاتقان بۇ ئانىلار ئىچىدە ھاياتىنىڭ باھار پەسلىدە تۇرۇۋاتقان جۇۋان ئانىلار، ئەقىل ۋە جاسارەتكە تولغان ئوتتۇرا ياش ئوت يۈرەك خانىملار ۋە چاچلىرى سۇتتەك ئاقارغان تەۋەررۈك موملىرىمىز بار ئىدى. بۇلارنىڭ قوغلاشقىنى سەھنىلەردىكى مەشھۇرلۇق، غالىبلىقنىڭ تاماسى ئەمەس، بەلكى بېرىش، بېغىشلاش، ئاتا قىلىشنىڭ خۇشاللىقى ئىدى. ئۇلار ئاددىي، تولىمۇ ئاددىي ئانىلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھاياتى ئوچاق بېشى، خىزمەت شىرەسىدىكى ئالدىراشلىق ۋە كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا قىستىلىشلار بىلەن ئۆتەتتى.

ھاياجانلىق تارتۇقلاش مىنۇتلىرىدىن كېيىن، ياشتا چوڭ ئانىلارنى ئۇزۇتۇپ قويدۇق. بارلىق غەملىرىنى ھەپتە ئاخىرىدىكى ئارام كۈنىگە يىغىپ قويغان ئانىلارمۇ رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىپ خوشلاشتى. پائالىيىتىمىزنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا لېكسىيە سۆزلەش، پىشقەدەم ۋە ياش ئانىلار ئارا پەرزەنت تەربىيەسى ھەققىدە باش قوشۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشلار بولۇپ ئۆتتى.

بارلىق ئانىلارنى ئۇزۇتۇپ، ئەمدى تاماقلىنايلى دەپ تۇرساق، بىر تېلېفون كەلدى. قەشقەرنىڭ بىر يېزىسىدىن تەۋسىيە قىلىنغان بىر ئانىمىز ئۈنتۇلۇپ قاپتۇ. سەھرادىن ئاتايىن كەلگەن ئانىمىز مۇكاپاتسىز قايتىپ قاپتۇ. بىللە تاماقلىنىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرغان، شۇ كۈنكى پائالىيەتكە ۋاقىت، ئىقتىساد ۋە زېھىن سەرپ قىلغان دوستلارنىڭ بىر قىسمى يېنىمدا ئىدى. مۇكاپات دېگەننى بىرسىدىن ئەۋەتكىلى بولمايتتى، بىرىگە ھاۋالە قىلىشقا تېخىمۇ بولمايتتى. مەن بۇ ئانىمىزغا تېلېفون

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ، مۇكاپاتقا تاللانغانلىقىنى ئۇقتۇرغان ئىدىم.

راستىمنى ئېيتسام، سەل خۇشياقمىغاندەك بىر تۇيغۇدىمۇ بولغان ئىدىم. ئەمما بۇ كۈن ئانىلار كۈنى، ئانىلار ئۈچۈن باشقا ھەرقانداق مۇھىم ئىشلارمۇ مۇھىملىقىنى يوقىتىدىغان كۈن ئىدى. تەۋسىيە قىلىنغان ھەممە ئانا مۇكاپاتنى مەندىن ئالغان، تىزىملىكنى ئوقۇغاندا، ئىسمىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەن سەۋەنلىك مەندە ئىدى. تاماققا ساقلاپ تۇرغانلار مۇشۇ پائالىيەتنى ۋۇجۇدقا چىقارغان كۆچىنىڭ سىمۋولى، ئۇنتۇلغان ئانىچۇ؟ پارالىچ بولۇپ قالغان قېيىن ئانىسىنى 20 يىلدىن بېرى گۈلدەك كىيىندۈرۈپ، پاكىز يۇيۇپ تاراپ، ئېپار پۇرىتىپ بېقىپ كەلگەن بىر ئاددىي ئانا. كۆچ بىلەن كۆڭۈل سىنىشىۋاتقان شۇ دەمدە سەل ئىككىلەنگەندىن كېيىن، ئىشلىرىمغا پايدىلىق تەرەپنى ئەمەس، بىر ئۆمۈر سۆيگەن ئېرىنىڭلا ئەمەس،ئېرى سۆيگەن قېيىن ئانىسىنىڭمۇ خىزمىتىدە بولغان، بۇنىڭ بەدىلىگە ھاياتىدا بىر دەستە گۈلگىمۇ ئېرىشىپ باقمايدىغان ناتىۋان ئانا ياشاۋاتقان تەرەپنى-توپلىق سەھراغا بېرىپ، مۇكاپاتنى ئۆز قولۇم بىلەن تۇتقۇزۇشنى تاللىغان ئىدىم.

مانا بۈگۈن ماڭا ياخشىلىق يولىدىكى ھەر قەدەمدە ھەمراھ بولغان، مېنى ھەر ئىشتا يۆلىگەن، قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولغان ئانىلاردىن يىراقتىمەن. بۈگۈنكى ئانىلار كۈنىدە بارلىق ئانىلارنى گۈلدەك ئېچىلدۇرىدىغان، پەرىشتىدەك ھۆر قىلىدىغان؛ ئۇيغۇر ئۈچۈن ئىززەتنىڭ، ئىناۋەتنىڭ ۋە ئىنسانلىق قىممەتنىڭ مەنبەسى بولغان ۋەتەندىن ئايرىلىپ ياشاۋاتىمەن. شۇ كۈنى ئانىلارنى قۇتلاشنى "بىدئەت" دەپ رەت قىلغان بىر دوستۇم ۋە شۇ كۈندە مىسكىن دىللارنى شاد قىلىشنى توغرا دەپ، ئىقتىساد چىقارغان بىر سەبدىشىم بىلەن تۈركىيەدە مۇساپىرمىز. مىڭ ئەپسۇس، شۇ كۈنگە "جايىز" دەپ پەتىۋا بەرگەن، مۇھاجىرەتنى رەت قىلغان ئۆلىما دوستۇم قاراڭغۇ زىنداندا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟! - بىلمەيمەن.

2018 -يىلى ماي، ئانىلار كۈنى. ئەنقەرە

ئىلاۋە: شۇ كۈنكى ئانىلار بايرىمىنى قۇتلاشقا ئۆزتۈرك شىركىتى ياغلىق ۋە شارپىلارنى ئەرزان باھادا بەرگەنىنىڭ ئۈستىگە، ئامباردا كېچىلەپ مال تاللىۋېلىشقا ئىجازەت بەرگەن ئىدى. بەش يىل بۇرۇنقى ئانىلارنى ئەسلىگەندە، شۇ كۈنكى

پائالىيەتتە رەسىملەرنى سۈپەتلىك تارتىپ بەرگەن، كومپيۇتېر ئىشلىرىدا ياردەمدە بولغان، پائالىيەتكە ۋاقىت، مەبلەغ ۋە زېھىن چىقارغان، ئەمما ئانىلار كۈنى بولغاچقا مۆكاپاتلانمىغان دوستلار، دادىلار ۋە دادا بولىدىغان ئىنىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن. شۇ كۈنى ئوقۇغۇچىلىرىم ئۆزلىرى سائەتلەپ ئىشلەپ، شەھەردە سەييارە كىتاب سېتىپ، كىرگەن كىرىم بىلەن ئانىلارغا ھەدىيە ئالغان ئىدى. شۇ ئۈمىدلىك كۆچەتلىرىمگىمۇ غايىبانە سالام يوللايمەن.

www.uyghurkitap.com

## ياۋا كەپتەرنىڭ ئۆلۈمى

سائەت چۈشتىن كېيىن تۆت يېرىم بولۇشى بىلەن سائەتلەپ دىققەتتە تىك ئولتۇرۇپ بەللىرى تالغان، پۇتلىرى قولاشقان مەھبۇسلار ئۆزىنى ئولتۇرغان يېرىگە تاشلىۋېتەتتى. ئۇيغۇر مەھبۇسلار پەگاھتا ئۇيان - بۇيان قارىشىپ، يا خىتايلار ۋە تۇڭگانلاردەك ئەركىن ۋىچىرلىشالماي، پەقەت گەپلەشمەي تېخى تۇرالماي، بىر - بىرىگە ئىما - ئىشارەتلەرنى قىلىشاتتى. ئۇيغۇرچە گەپنى كامىر باشلىقى غېنى باشلىغان چاغدىلا، خاتىرجەم قىلغىلى بولاتتى. غېنى كۆپىنچە خىتايچە گەپ قىلىدىغان تۇڭگانلار بىلەن ئاسانراق تىل تېپىشاتتى.

مەن بولسام، ئاق تام ۋە كۆلەرەڭ ئىشىك - دېرىزىلەردىن باشقىنى كۆرۈشكە قادىر بولالمايۋاتقان كۆزلىرىمدىن ئەنسىرەيتتىم. كۆز ئالدىمنى قورشاپ تۇرغان تۆت تام قاماقتا ئېلىپ كەلگەندە، بېشىمغا كىيدۇرۈلگەن قارا خالتىدەك ئىچىمنى سىقاتتى. تامدىكى قاماقخانا قائىدىسىنىمۇ ئېنىق كۆرەلمەيۋاتقان كۆزۈمنىڭ سىقىلىشلار ئىچىدە تېخىمۇ زەئىپلىشىپ كېتىشىنى خالىمايتتىم.

كۆزەينەكسىز كۆزۈمنىڭ ئاجىزلاپ كاردىن چىقماسلىقى ئۈچۈن يىراقراق بىر يەرگە قارىغۇم كېلەتتى. پەقەت تۈڭلۈككە قارايدىغان، دائىم تاقاق تۇرىدىغان كەينى ئىشىكنىڭ يىگنە پاتقىدەك يوچۇقلىرىدىنلا ئاسمانغا قارىغىلى بولاتتى. بەزىدە قۇيرۇقىغا غوڭقاپاق ئېسىلغان كەپتەرلەر تۈڭلۈك ئۈستىدىن ئۈچۈپ ئۆتسە كېرەك، «غوڭ، غوڭ، غوڭ» قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. مەن كەپتەرلەرنى كۆرەلمەيتتىم. بۇ چاغدا، رەھمەتلىك دادامنىڭ كەپتەرۋازلار توغرۇلۇق ئېيتقانلىرى ئېسىمگە كېلەتتى. ئۇ: "كەپتەرۋازلارنىڭ كۆزى ئاجىزلىمايدۇ" دەيتتى. بەلكىم مۇشۇنداق ئاسمان ئەركىلىرىگە قاراپ،كەپتەرلەرنىڭ غوڭۇلداپ ئاۋاز چىقىرىپ مولاق ئېتىشلىرىنى ھۇزۇر بىلەن تاماشا قىلغانكەپتەرۋازنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، كۆڭۈللىرى كۆكلەردە

پەرۋاز قىلسا كېرەك. بەلكىم توغرىدۇ، ئەركىنلىكتە ياشىسا، ئۆزى ئۈچالمايدىغان بوشلۇقتا، ئۆزى يېتەلمەيدىغان ئەركىنلىكتە ساما سېلىۋاتقان ھۆر قاناتلارنى كۆرۈشنىڭ ھۇزۇرى كۆزلەرنى ياشارتسا، ئەجەپ ئەمەس.

كەپتەرلەرنى خىيال قىلىپ، ئېسىمگە نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشىنىڭ «ياۋا كەپتەر» دېگەن ھېكايىسى كېلەتتى. ئۆزۈمنى خىتايچە سۆزلەيدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بارغانچە ياۋا كەپتەردەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. قاماقتىكى خىتاي ۋە تۇڭگان مەھبۇسلار خىروئىنكەشلىك ۋە پارىخورلۇق بىلەن تۇتۇلغانلار بولۇپ، ئۇلار قاماقتىمۇ تور ھاسىل قىلىشقان، بۇلاردىن ئەڭ تەلەيلىكى پارىخورلار ئىدى. ئۇلار ئانچە - مۇنچە ئۆيلىرىدىن كىرگۈزۈلگەن مېۋە-چېۋىلەرگە ئېغىز تېگىدۇ. ئارام كۈنلىرى يېڭىدىن ئەۋەتىلگەن كىيىملەرنى كىيىشىدۇ. پار ياكى سۇ تورۇبىلىرىنى چېكىپ قوشنا كامېرلارغا خەۋەر يەتكۈزۈشىدۇ. بۇنداق ئالاقە قىلىشنى ئۇلار "چاقىرغۇ قىلىش" دېيىشىدۇ. چاقىرىلغۇچىنىڭ كىملىكى، نېمە دېيىشكەنلىكى ئۆزلىرىگە ئايان. پارىخورمۇ، ئوغرىمۇ، خىروئىنكەشمۇ ھەممىسى بۇنى چۈشىنىدۇ، قىلالايدۇ. مەن بولسام، بەئەينى ياۋا كەپتەردەك ئۇلارنىڭ ھېچ ئىشىنى ئۆگەنمەيمەن، قوبۇل قىلالمايمەن، چۈشىنەلمەيمەن، ھەممە قىلىقلىرىغا ئەجەپلىنىپ قاراپ قالىمەن.

بېيجىڭدا ئوقۇغان، لەنجۇدا ئىشلىگەن چاغلىرىمدا،دائىم ئۆزۈمنىڭ يەرلىك خىتايلار ئالدىدا ياۋا ئىكەنلىكىمنى، ھېچ يېرىمنىڭ ئۇلارغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. دائىما ئۆزۈمنى ياۋا كەپتەردەك ھېس قىلاتتىم. كامېردىكى خىتايلار، تۇڭگانلارنىڭ بىر - بىرىگە ئارتىلىشلىرىغا، بىر - بىرىنىڭ خۇپپىيانە ئەزالىرىنى ئوينىشىپ، ئەپسانە گەپلەرنى قىلىشلىرىغا ئۆزلىشىپ بولالماي، ئۆزۈمنى تېخىمۇ ياۋايىلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ قالغان ئىدىم.

قاماقتىن چىققىنىمغا خېلى ۋاقىت بولۇپتۇ. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتۈپتۇ، قاماقتىن قويۇپ بېرىلگەن بۇ كۈنلەردە يەنىلا ئۆزۈمنى ياۋا كەپتەردەك ھېس قىلىشتىن قۇتۇلالمىدىم. نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى يازغان ياۋا كەپتەرنى "ئۆلمىگەن بولسا" دەپ ئويلاپ قالىدىغان بولۇپ قالدىم بەزىدە. قەپەزدىكى قۇللۇقتا كۈنۈپ قالغان ياۋا كەپتەرنى ئانىسى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئىدى. "ياۋا كەپتەر ئۆلمىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بولسا، ئۇنى قەپەزنىڭ ئالدىغا يوقلاپ كەلگەن ئانىسى زەھەرلىك بۆلجۈرگەن بېرىپ ئۆلتۈرۈپ قويىمىغان بولسا، نېمە بولار بولغىيدى؟" دېگەنلەرنى ئويلايمەن. ياۋا كەپتەر ئۆلمىگەن بولسا، قۇللۇقمۇ كۈنىمگەن بولسا، ئۇنىڭ دان يېمەسلىكى، كۈنمەسلىكى، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ھالىتى كەپتەرۋازنى زېرىكتۈرۈپ، قويۇپ بېرەر بولغىيدى.

شۇ قويۇپ بېرىلىش بىلەن دۈشمەننىڭ رەزىللىك قەپىزىدىن قۇتۇلغان ياۋا كەپتەر ئەركىن بولارمىدى؟ مەنچە ئۇنداق بولمايتتى. ياۋا كەپتەرلەر توپى ئىچىدىن قۇللۇق قەپىزىدىن قۇتۇلغان بۇ كەپتەرنى رىقابەت قەپىزىگە لايىق كۆرىدىغانلار، گۇمان قەپىزىگە بەنت قىلىدىغانلار، ئارزۇ قەپىزىگە قامايدىغانلار چىقاتتى.

گۇمان قەپىزىگە سولايدىغانلار ئۇنىڭ قانداقسىگە مىڭلىغان ياۋا كەپتەر سولانغان، ساق كىرىپ كېسەل ياكى ئۆلۈك چىقىدىغان يەردىن، ئاتىسى ئۆلگەن قەپەزدىن ساغلام چىققانلىقى ھەققىدە ئەقلىي يەكۈنلىرىنى بازارغا سالاتتى. ئۇنىڭ كەپتەرلەر توپى ھەققىدە دۈشمەنگە مەلۇمات يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالاھىدە مەقسەت بىلەن قويۇۋېتىلگەنلىكى ھەققىدە سۆز-چۆچەكلەر ئۇچۇپ يۈرۈشكە باشلايتتى. ئۇلار بۇ كەپتەرنىڭ زادى كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى، دىندارلىق ياكى مىللەتچىلىك يولىدا ماڭىدىغانلىقى ھەققىدە توختاۋسىز پەرەزلەرنى قىلىشاتتى. بەزى كاداڭ كەپتەرلەر ئۇنىڭ سەرسان كەپتەرلەر داۋاسىدا باشقىلارنىڭ پىكرىنى، ئېتىقادىنى قالايمىقان قىلىش، ياش كەپتەرلەرنىڭ ئىددىيەسىنى بۇراش ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى تەخمىن قىلىشاتتى.

تۇتقۇندىن قۇتۇلغان ياۋا كەپتەرنىڭ قەيەرگە بارسا، شۇ يەرگە ھەر خىل گۇمانلار ئەگىشىپ باراتتى. ھەتتا بەزىلەر گۇمانلىرىنى ھەقلىق چىقىرىش ئۈچۈن قەستەن يەمچۈك تاشلايتتى، ئالدىنى تورايتتى، ئۇۋىسىغا باراتتى. بىر ئاماللار بىلەن ئۇنىڭ ئۇستىدىن تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىراتتى. چۈنكى ياۋا كەپتەرلەر توپىدا ئۆلگەنلەرنى ئۇلۇغلاش، ئۆلۈكلەرگە چوقۇنۇش، ئۆلمىگەن قەھرىماننى قەھرىمان دېمەسلىك ئومۇملاشقان ئىدى.

تۇتقۇندىن قۇتۇلغان ياۋا كەپتەرنى رىقابەت قەپىزىگە لايىق كۆرگەنلەر ياۋا

كەپتەرلەر توپىغا ئۆزىنىڭلا يېتەكچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭلا توپنى سۆيۈش ھوقۇقى ۋە سۆيۈلۈش ئىمتىيازى بارلىقىغا، ئۆزى باشلىغان پىكىرنىڭ يېگانە ھەقىقەت ۋە ئۆزىنىڭلا ھەقىقەتچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇلار بۇ سابىق مەھبۇس كەپتەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ۋە يىللاردىن بېرى تىكلىگەن كەپتەرلەر ئارىسىدىكى نوپۇزىغا خىرىس ئېلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ نورمال تەۋسىيەلىرىنى ھۇجۇم دەپ بىلەتتى، ئادەتتىكى مۇنازىرىلىرىنى قارشىلىق دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭ سەمىمىي تەشەببۇس ۋە تەنقىدلىرىگە دۈشمەنلىك تاشلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى.

مەھبۇسلۇقتىن قۇتۇلغان بۇ ياۋا كەپتەرنى ئارزۇ قەپىزىگە كۆندۈرمەكچى بولغانلار تولىمۇ ئاقكۆڭۈل كەپتەرلەر ئىدى. ئۇلار تۇتقۇن كەپتەرنى ئىچ - ئىچىدىن ياخشى كۆرەتتى، كەپتەرلەرنىڭ تەقدىرىگە يۈرەكتىن كۆيۈنۈپ بولەتتى. ئەمما ئۇلار ياۋا كەپتەرنىڭ ھەر زامان، ھەر قاچان ئۆزى ياقتۇرغان يولدا، ئۆزى تاللىغان سورۇندا، ئۆزى كۆتكەن پىكىرلەردە بولماي ۋاتقانلىقىنى بايقىغان ھامان تېگىرقاشقا باشلايتتى. ئۆزى ئىشەنگەن دوستىنىڭ، تاللىغان سەبدىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ قالاتتى. بەزىدە تونۇيالمىغاندەك تۈيغۇدا بولۇپ ئازابلىناتتى. ئۇلار ئەتراپىدىكى گۇمانچى، رىقابەتچىلەرنى سابىق تۇتقۇننىڭ پەيداكارلىقىغا، سەمىمىيىتىگە ۋە ئىقتىدارىغا قايىل قىلالماي تۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزى كۈتكەندەك، ئارزۇ قىلغاندەك ئىشلارنى قىلمىغانلىقىنى قوبۇل قىلالمايتتى.

ياۋا كەپتەر قەپەزنى چېقىپ ئۆلىشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ھۆرلۈكتەسەرسان بولغىنىدىن، يولقۇنۇشلىرىدىن، تېگىرقاشلىرىدىن قۇللۇق قەپىزىنى چېقىش يولىدائۆلۈشى ئەۋزەل ئىدى. ئۆلۈم ئۇنى كەپتەرلەر قەلبىدە شېھىدلەر ئارسلانىغا ئايلاندۇراتتى. كەپتەرلەرنىڭ قەلبىدىكى قۇسۇرسىز قەھرىمان ئۆلگەن قەھرىمان ئىدى. ياۋا كەپتەرنىڭ ئۆلۈمى گۇمانچىلارنىڭ شۈبھىلىك كۆزلىرىنى پاكلايتتى. بۇ ئۆلۈم رىقابەتچىلەرنىڭ نىمجان روھىغا دېمىدە بولاتتى. بۇنداق ئۆلۈم ھاياتلىق مەجبۇرىيەتلىرى ئاستىدا چەيلىنىپ، تىرىكلىك قىيالىرىغا سانگىلاپ قالغانلار ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە ئىدى.

2018 - يىل 13 -مارت، ئەنقەرە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۆلار بىزدىن قورقىدۇ

قاماقتا گۇندىپايلار بىزنىڭ قانداق ياشىشىمىز بىلەن كارى بولمىغان بىلەن ئۆلۈش ئېھتىمالىمىز بولغان ھەر قانداق ئىشنى چەكلەيتتى. يوتقانتى چۈمكەپ ئۇخلىيالمايتتۇق، چىش چوتكىسىمۇ ئالاھىدە ياسالغان يۇمشاق ساپلىق ئىدى. يېڭنە چاغلىق مېتاللارنى ئەمەس، تاماق قاچىلىرىمىزغا چاغانلاردا بىرەر قېتىم چىقىپ قالىدىغان توخۇ ئۇستىخانلىرىنىمۇ يىغىۋالاتتى. يېقىندىن بېرى چىقىۋاتقان خەۋەرلەرگە قارىسام، ۋەتەندە تەربىيىلەش نامىدىكى جازا لاگېرلىرىدىمۇ ئۆلۈش چەكلىنىدىكەن.

2014 - يىلى مايدىن كېيىن تەسىس قىلىنغانجازا لاگېرلىرى دۇنيادا بۈگۈن ھېچبىر ئەلدە مەۋجۇد بولمىغان پەۋقۇلئاددە بىر ئورگان بولغاچقا، دۇنيانىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلاندى. مۇخبىرلار ئانا تۇپراقلىرىمىزنى كېزىپ، ھېچبىر شاھىدقا ئېرىشەلمەي، تۈركىيەگە كېلىپ توختايدۇ. ئۆلار قەشقەر، خوتەن، غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىلەردە ئۆرۈلگەن مەسجىدلەر، تاقالغان خارابە جامەلەر، پېچەتلەنگەن ھويلىلار، تاشلاندۇق مەھەللىلەر، كەينىگە چۈشۈۋالغان ساقچىلار، ماشىنىلار ۋە پايلاقچىلاردىن شىكايەت قىلىدۇ. ئۆلار تارتىپ كەلگەن رەسىملەر بىز چوڭ بولغان قايناق بازارلارنىڭ ئادەمسىز كۆرۈنۈشى، قىستاڭ كوچىلارنىڭ پىنھان مەنزىرىسى، كومپارتىيەنىڭ مەھەللىمىزگە قادىغان، قەلبىمىزگە سانجىغان قىزىل بايراقلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ.

ۋەتەندە ھېچبىر ئۇيغۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا، يۈرەك ساداسىغا قۇلاق سېلىشقا قادىر بولالمىغان مۇخبىرلار تۈركىيەدە زۇلۇمغا شاھىد ئۇيغۇرنى ئىزدەپ كۆرۈشىدۇ. ۋەتەن تۇپراقلىرىدىن بىرەر چىمدىم توپا ئېلىپ كېلەلمىگەن قۇپقۇرۇق قوللار تۈركىيەدە "ئانام، بالام، جان-جىگەرلىرىم" دەپ دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن قوللار

بلەن كۆرۈشىدۇ. كۆزلەر قوللارغا تىكىلىدۇ، قوللاردا بىر - بىرىنى قايىل قىلغۇدەك، بىر - بىرىگە مەدەت بەرگۇدەك كۈچ يوق، ئېچىلغان ئالقانلاردا دەرتلەرگە مەلھەم بولغۇدەك ھېچنېمە يوق. دەرت ئېيتقانمۇ، ئاڭلىغانمۇ كۆلۈپ كۆرۈشۈپ، يىغلاپ خەيرلىشىدۇ.

ۋەتەننىڭ يادىكارى بولغان كۆرۈنۈشلەردە نە بىر ئۇيغۇرنىڭ كۈلكە ئاۋازى، نە بىر بالىنىڭ يىغا ساداسى، نە بىر بوۋاينىڭ يۆتىلى، ئاھۇ پەريادى يوق. مېنىڭ ئەڭ كۆپ ئويلايدىغىنىم، بىر كۈنلۈك ياشاش ئۈن كۈنلۈك خورلۇققا بەدەل بولۇۋاتقان، تىرىكلىكنىڭ تېزەكچىلىك تايىنى قالمايۋاتقان، ھاياتتا ھاماقەتلەرچە يەپ - ئىچىشنىڭمۇ خەتىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان زېمىندا ئۆلۈمنىڭ قەدرى. ماڭا ھېچبىر ھۆكۈمەت، پارتىيە ۋە پادىشاھنىڭ رۇخسىتىسىز كېلىدىغان ئۆلۈمنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە قانداق كۈتۈۋېلىنىپ، قانداق ئۇزىتىلىۋاتقانلىقى، ئۆلۈمنىڭ قانچىلىك كىشىنىڭ ئارزۇسىغا، تاللىشىغا ئايلانغانلىقى گۇمانلىق تۇيۇلىدۇ. مەن تويىنى خىتايچە، خىتاي بىلەن قىلدۇرۇۋاتقان ۋە شۇنداق تويلارنى تەشۋىق قىلىۋاتقان زالىمنىڭ نېمىشقا ئۆلۈمنى خىتايچە ئۆتكۈزگەن، خىتايچە ئۇزاتقان كۆرۈنۈشنى تەشۋىق قىلمايدىغانلىقىغا ھەيران.

ۋەتەندە ئۇيغۇر كۆرۈۋاتقان زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە خەۋەرلەر ئىشلەندى، ئەمما مۇشۇ كۈنگە كەلگىچە خورلۇققا قارشى ئۆلۈۋالغانلار ھەققىدە غەربىلىك بىرەر مۇخبىر تېخى بىر نەرسە دېمىدى. ھېچبىر ئاخبارات ۋەتەندىكى ھاياتنىڭ ياشىغىلى بولماس ھالغا كېلىپ، ئۆلۈمنىڭ مودا بولغان بىر مەنزىرىسىنى سىزمىدى. خورلۇق شەلۋەرەپ، ئازابلار يىرىڭلاپ كەتكەندىن بېرى، ئۇيغۇرچە خەۋەرلەردە پەقەت ئىككى كىشىنىڭ ئۆلۈۋالغانلىقى ھەققىدەئۇچۇر تارقالدى. بىرى، ئۇرۇمچىدىكى بىر زىيالىي، يەنە بىرى، ياركەنتتىكى بىر دېھقان. خىتاينىڭ زۇۋانىدا ئاشكارە تويىنىڭ خەۋىرى ھەممە يەرنى كېزىپ يۈرگەن بىلەن، خۇپىيانە ئۆلۈمنىڭ خەۋىرى ئۇيغۇرنىڭ ئارىسىدا، ئاغزىدا ۋە تاراتقۇلاردا سىر پېتى تۇرۇۋاتىدۇ.

مۇخبىرلاردىن سورايمەن، ۋەتەندىن ناگان - ناگاندا كېلىپ قالىدىغان سەييياھ ۋە تەتقىقاتچىلارغا مۇراجىئەت قىلىمەن. ئۇلار خورلۇق، قورقۇنچ ۋە خاتىرجەمسىزلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېچىدىكى ھاياتتىن خەۋەردار، ئەمما ئۆلۈمدىن بىخەۋەر ئىكەن. ئۆلۈم غېرىب، ئۈنسىز، ئۆزىدىن خەۋەر بېرىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. ئاخىرى ۋەتەندىن يىگىرمە كەلگەن بىر تەتقىقاتچى بۇ ھەقتە تىلغا كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئۇيغۇرلار ياشاشتىن ئەمەس، ئۆلۈشتىن ئەنسىرەيدىكەن. سەۋەبى قورقۇنچاقلىق ئەمەس، ئىززەتسىز ئۆلۈش ئەمەس، ئۈنسىز كۆمۈلۈش تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆلگەندە كۆل بولۇشنىڭ ۋەھىمىسى ئىكەن.

ئۇ تەتقىقاتچىنىڭ ئېيتىشىچە، ۋەتەندە ئۇيغۇرلار قانداق ياشاشنىلا ئەمەس، قانداق ئۆلۈشنى ئويلىسىمۇ، ئۈنسىز قىينىلىدىكەن. مۇسىبەت كەلگەندە مېيىتنى يۇيىدىغان ئادەم يوق، نامازنى چۈشۈرىدىغان ئىمام يوق، كېلىدىغان نامازخانمۇ يوق. «دادام، ئانام، مۇرەببىيىم» دەپ يىغلاپ ماڭىدىغانلاردىن ياشلار تۈرمىگە، ئەرلەر قاماققا، ئاياللار لاگېرلارغا قامالغان.

«ئۇيغۇردا ھايات ھەممە ئادەمگە يوق ئەمەس، تۈرمۇشنىڭ نورمال تەرتىپىدە ياشاۋاتقانلار يوقمۇ ئەمەس، ئەمما ئۆلۈم ھەممە كىشى ئۈچۈن بىنورمال، تەتۈر ۋە ۋەھىمىلىك. كەنت - مەھەللىلەرگە قۇرۇلغان جەھەننەمدەك لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان جەسەتخانىلار خۇددى دەم تارتىدىغان ئەجدەرھادەك ئۆلۈكنى شۈركەندۈرىدۇ. جەسەت كۆيىدۇرۇش دېگەن سۆز ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكىنى سىقىپ، بېشىنى قاتۇرىدۇ. كومپارتىيەگە سادىق ياشاۋاتقان باشلىقلاردىن تارتىپ، قورال كۆتۈرۈپ ئادەم تۇتۇۋاتقان ساقچىلارغىچە ھەممىسى ئۆلسە كۆيدۈرۈلۈشتىن قورقىدۇ». بۇ كىشىنىڭ ئېيتقانلىرىغا قاراپ ئويغا چۆكمەن، كۆرۈنمەس بىر پىچاق يۈرەكنى تىلغايدۇ، ئويىدۇ، ئويلىغانچە يۈرەك تېخىمۇ چوڭقۇر ئويۇلىدۇ. شۇ نەرسە ئاپتاپتەك ئايان، ياشىساڭ قۇل بولىسەن، ئۆلسەڭ كۆل. ئەرك ئۈچۈن، ئىنسانلىق ھەققىڭ ئۈچۈن ئۆلۈپ كۆل بولامسەن ياكى ياشاپ قۇل بولامسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئىشى.

بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى تويدىلا ئەمەس، ئۆلۈمدە ئىكەن دېگەننى ئويلىدىم. خىتاي ئۆلۈمنى "ئاق" دەپ تەسۋىرلەپ مۇسىبەتتە ئاق كىيىنسە، ئۇيغۇر "قارا" دەپ تەرىپلەپ قارا كىيىنىدۇ. كوممۇنىست خىتايلار ئۆلۈمنى "بەرباتلىق" دەپ قورقسا، ئۇيغۇر ئۆلۈمدە ھاياتلىق

بارلىقىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. خىتاي ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈم نەزىرىسىدە، پەتىدە قىرائەت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. زالىملار ئۆلۈمدە ئارتىلغان ياغلىقتىن ئادالەتنىڭ بايرىقى لەپىلدەپ كەتكەندەك قورقىدۇ. زالىملار ئۆلۈمدىنلا ئەمەس، ئۆلۈم بىلەن دىلى ئېرىگەن ئۇيغۇرنىڭ ئاللاھنىڭ ئاۋازىدىن، ئىمانىنىڭ جاكاسىدىن روھلىنىپ، قەلبلەرنى بىرلەشتۈرگۈچى ئايەتلەر بىلەن كۈچلىنىشىدىن قورقىدۇ. شۇڭا زالىم خىتاي ئۇيغۇرنىڭ ياشاشنى ئەمەس، ئۆلۈشنى تاللىشىدىن قورقىدۇ، شۇڭا ئۆلۈملەرنى يوشۇرىدۇ، تويلاردەك تەشۋىق قىلمايدۇ.

خىتاي بىزدىن ھۆرلۈك، ئىنسانلىق داۋاسى قىلماي، مەھەللىمىزدە ئۇيغۇرچە سۆزلەپ مېڭىپ يۈرسەكمۇ قورقۇپ كەتتى، شۇڭا قاماپ قويۇشتى. ئۇلار بىزدىن قورقىدۇ. ۋەتەندە تىرىكمىزلا ئەمەس، ئۆلۈكمىزمۇ ئۇلارنى قورقۇتىدۇ. بىزنىڭ جانلىق قەددىمىز ئەمەس، جانسىز تېنىمىزمۇ ئۇلارغا ۋەھىملىك تۇيۇلىدۇ، شۇڭا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلمىغىچە ئارام تاپمايدۇ. بىز مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار سۈرگۈننى تاللىغان، زېمىننى تاشلاپ بەرگەن تۈرۈپمۇ ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى يوقۇتالمايمىز. شۇڭا ئۇلار بىزنى مەڭگۈ قايتىپ كەلمىسۇن دەپ، پاسپورتسىز قويدۇ، بارغان يېرىگە سىڭىپ كەتسۇن، پۈتۈن دۇنياغا تېزىپ كەتسۇن دەيدۇ.

ئۇلار بىزنىڭ سۈرگۈندە ياشاپ قېلىشىمىزدىن ئەمەس قايتىپ بېرىشىمىزدىن قورقىدۇ. چۈنكى بىز بارساق، ھەق ئۈچۈن ھەققانىيەت داۋاسى قىلغىلى، ھەققىمىزگە ھاقارەت قىلغان زالىمغا قارشى تۇرغىلى، قامالغان قەدىردانلىرىمىزنى قۇتقازغىلى، يا ئۇلار بىلەن بىللە ياغىشىلى، يا ئۇلارنىڭ ياششى ئۈچۈن ئۆلگىلى بارىمىز. بىز ۋەتەندە بىر قېتىملىق ئۆلۈش بەدىلىگە مەڭگۈلۈك ياشىغىلى، ياشاتقىلى بارىمىز، ھەر مىنۇتتا مىڭ قېتىم ئۆلۈۋاتقان، تىرىكلىكتە نومۇسى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا، ئادالەتكە زار بولغان يۇرەك پارىمىزغا ھۆرلۈك ئاتا قىلغىلى بارىمىز.

مەيلى ۋەتەندە تەشۋىشتە بولايلى ياكى مۇساپىرەتتە تەھدىتتە بولايلى، مەيلى قاماقتا خار بولايلى ياكى ھۆرلۈكتە زار بولايلى، خىتاي بىزنىڭ سۈكۈتتە ياشاشنى ئەمەس، ھەرىكەتتە ئۆلۈمنى تاللىشىمىزدىن قورقىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ

ئۆلۈمگە زەيپانلەرچە تەسلىم بولىدىغان ئەمەس، مەردانىلەرچە يۈزلىنىدىغان مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ سۈرگۈندە ياشاپ قېرىپ كېتىشىمىزنى، قاماقتا يىغلاپ قۇرۇپ كېتىشىمىزنى كۈتىدۇ.

ئۇلار باللىرىمىزغا ئەگىشىپ، يات تۇپراقلارغا تېزىپ كېتىشىمىزنى ياكى پەرزەنتلەر بىلەن مۇساپىرچىلىقتا ئېرىپ كېتىشىمىزنى ساقلاۋاتىدۇ. بىز ۋەتەننى تاشلاپ بېرىپ ئۇلارنى خۇرسەن قىلدۇق، شۇڭا سۈرگۈندە ساداسىز ياشاپ ئالاقزادە قىلالمايمىز. خىتاي چەتئەلدە خاتىرجەم ياشاۋاتقانلاردىن قورقمايدۇ، قايتىشنى تىنىمسىز قارار قىلغانلاردىن قورقىدۇ، خىتاي مۇھاجىرەتتە ياشاشنى تاللىغانلاردىن ئەمەس، ۋەتەندە ئۆلۈشنى، ۋەتەن ئۈچۈن ، ھۆرلۈك ئۈچۈن ئۆلۈشنى تاللىغانلاردىن كېچە - كۈندۈز ۋەھىمە يەيدۇ.

## ئۇيغۇر سادام

90 -يىللىرى پارس قولتۇقى ئۇرۇشى بولغان مەزگىل ئىدى. مەھەللە دوقمۇشلىرىدا، كىشىلەر يىغىلغان سورۇندا سادامنىڭ باتۇرلۇقى، كاپىرلار بىلەن تىز پۈكمەي جەڭ قىلىۋاتقانلىقى ھېكايە قىلىناتتى. ئازراق دىنىي ساۋادى بولغانلار ۋە گەپدانلار بۇ ھېكايىگە ئايەت-ھەدىسلەرنى قوشۇپ جانلاندۇراتتى. قۇلاق مولۇسى بولۇپ كۆنگەن جامائەت ئوتتۇرا شەرقتىكى بايلىق تالىشىش، كۈچ سىنىشىش ۋە تاجاۋۇزچىلىق تېپىدىكى ئۇرۇشنى ئاددىيلا قىلىپ، مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئوتتۇرىسىدا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان ئۇرۇشلىرىنىڭ بىرى دەپ خۇلاسىلىشەتتى. شۇڭلاشقا سادام تەبىئىيلا مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرىگە ئايلىنىپ تەرىپلىنەتتى. ھەتتا باللارغا "سادام" دەپ ئىسىممۇ قويۇلغان ئىدى. شۇ يىلى ناھىيىدىكى بەزى جامائەت ئىراققا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاشلىق توپلىغان بولۇپ، يەرلىك ھۆكۈمەتتىن رۇخسەت ئالالماي ئەۋەتەلمىگەن ئىكەن. شۇ يىللاردا ناھىيىدىكى ئازنا مەسجىدتە پار يوق ئىدى (ھازىرغىچە يوق ئىكەن). ياتاقتا يېتىپ ئوقۇۋاتقان تالىپ قۇرداشلار دائىم ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالمىدۇ، قىشىچە ئۇلارنىڭ ھەر جۈمە نامىزىدا بەس-بەستە يۆتەلگىنىنى ئاڭلايتتىم. مەسجىدكە ئوت قالانمىغاچقا، جۈمە خۇتبىسىدە پۇتلار مۇزلاپ كېتەتتى. شۇ سوغۇقنىڭ ئاچچىقىغا پايلىماي "سادامغا ئاشلىق يىغقاندىن، مەسجىدكە كۆمۈر يىغساقچۇ" دەپ غۇدۇرىغىنىم ئېسىمدە.

1998 -يىلى ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئوقۇش جەريانىدا كوچىلاردىكى توپ - توپ مايلامچى باللارغا دىققەت قىلدىم. تەكشۈرۈپ بايقىدىمكى، بىر قانچىسىنىڭ ئىسمى مەسلىھەتلىشىپ قويغاندەك "سادام" ئىكەن. بۇ مايلامچى سەبىيلەر كوچىلاردا ساندۇقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ خېرىدار چاقىرىشاتتى. بەزىدە خېرىدار تالىشىپ،بىر -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىنى ئىغىزغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن سەتلىشەتتى. بىر كۈنى ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇراتتىم، بىرى چوڭراق، يەنە بىرى ئەمدىلا يەتتە - سەككىز ياش ئەتراپىدا ئىككى مايىلامچى بالا تىللىشىپ كەتتى. چوڭراقى كىچىكىنىڭ ساندۇقىنى ئېلىپلا يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئاتتى. بالا ساندۇقىغا قاراپ يۈگۈرۈشى بىلەن قارشى تەرەپتىن ئوقتەك كەلگەن بىر ماشىنىنىڭ قاتتىق تورمۇزلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. «ئاپلا!» دەپ قوزۇقتەك قېتىپلا قاپتىمەن. ئېسىمگە كەلسەم، بالا قان ئىچىدە يېتىپتۇ. نەلەردىندۇ يېتىپ كەلگەن دادا بالىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ، خۇددى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن يۈرەك پارىسىنى ئويغاتماقچى بولغاندەك: «سادام! سادام!» دەپ ھۆركىرەپ يىغلايتتى، جەسەتكە قاراپ پەرياد ئۇراتتى.

شۇندىن كېيىن، بىر مەسۇم ئاتىنىڭ: «سادام! سادام» دېگەنپەريادى قۇلاقلىرىمدىن، قان ئىچىدە ياتقان بالىنىڭ ئاق پىشماق غۇبارسىز يۈزى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. 2006 - يىلىنىڭ ئاخىرقى كۈنى سادام دارغا ئېسىلدى، ئۇيغۇرچە مۇنازىرە مۇنبەرلىرى ئىراق ئۇرۇشىنىڭ جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى. بىر تەرەپ سادامنى "مۇسۇلمانلارنىڭ قەھرىمانى، سۈننىيلەرنىڭ ھامىيسى" دەپ ھمايە قىلسا، يەنە بىر تەرەپ ئۇنى "مۇستەبىت، قانخور" دەپ ئەيىبلەيتتى. مۇنبەردىكى ئۇرۇشنىڭ ھەقىقي ئۇرۇشتىن پەرقى ئىككىلا تەرەپ قورالسىز، ئامالسىز ئىدى. «ئەگەر ئۇلارنىڭ قولىدا كومپيۇتېر بىلەن كونترول قىلىنىدىغان ئۇچقۇچىسىز ئايرۇپىلان، تانكا ۋە سىنارەتلەر بولغان بولسا ئىدى...» دەپ ئويلاپ ئاخىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ئىدىم.

مېنىڭ ھەيران قالغىنىم، يىگىرمە يىل بۇرۇن مەھەللىمىزدە ساۋاتسىز دېھقانلار پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنى «كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان ئۇرۇش» دەپ قانداق خۇلاسە قىلغان بولسا، ئىنتېرنېت دەۋرىدىكى ئىلىملىك ياشلارمۇ مۇنازىرىدە ئۇرۇشتىن ئوخشاش يەكۈن چىقىرىپ ئولتۇرىشاتتى. مەنچە پەرقلىق دەۋردىكى كىشىلەر مەسىلىگە زامان، ماكان ۋە پاكىتلارنى نەزەرگە ئالماستىن، پەقەت ئەقىدە نۇقتىسىدىن قارىغاچقا، خۇلاسە ئەمەلىيەتكە ئەمەس، «ئەقىدە» گە ئۇيغۇن چىقىۋاتاتتى. چۈنكى مەسىلىگە ئەقىدە نۇقتىسىدىن قاراۋاتقانلار ئۇرۇشقا سەۋەب بولۇۋاتقان بايلىق تالىشىش، مىللىي مەنپەئەت توقۇنۇشى، ئېنىرگىيە بىخەتەرلىكى، رايون زومىگەرلىكى، مەزھەب زىددىيىتى قاتارلىق ئامىللارنى تەھلىل

قىلمايتتى ۋە ھېسابقا ئالمايتتى. مۇنازىرىگە ئارىلاشقۇم كەلمەيتتى، سادامنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسىلا، ھېلىقى سادام دەپ ئىسىم قويۇلغان ئۇيغۇر بالىنىڭ قان ئىچىدە ياتقان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى.

2014 -يىلى كۈزدە مەھبۇس مىنۇتلارنى كۆكتاغ قاماقخانىسىدا ساناشقا مەجبۇر بولدۇم. كامېردىكى ئېكراننى بىر قەۋەت قېلىن چاڭ قاپلىغان تېلېۋىزور ماڭا ئەڭ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. چۈنكى خىتاي مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىرلا قانىلى چىقىدىغان بۇ كۆرۈمسىز «ساندۇق» تىن «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر» دېگەن خەت كۆرۈنگەن ھامان ەخەئەتدىن كەچكىچە قېتىپ ئولتۇرۇشتىن قۇتۇلاتتۇق. شۇ چاغلاردا «شام ئىسلام دۆلىتى» سۈرىيە ۋە ئىراقتا راسا كېڭىيىۋاتقان بولۇپ، ھەر كۈنى پارتىلاش، ھەر كۈنى قان ئېكراندىن نېرى بولمايتتى.

كامېردىكى خىتايلار تېلېۋىزوردىن تېرورلۇققا دائىر كۆرۈنۈش چىقىپ بولغۇچە، ئۇيغۇر مەھبۇسلارغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قارىشاتتى. بىر كۈنى، بىر خىتاي ئوغرى: "سىلەر ئىراقلىقلار بىلەن بىر مىللەتمۇ، سادام قەھرىمانمۇ؟" دەپ سورىدى. شۇئان كامېردىكى چىرىيەلىك بىر ئاكىمىز: "ھەئە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت، سادام دېگەن مۇشۇنداق ئادەم" دەپ باشمالتىقىنى چىقاردى. قالغان خىتايلار خۇددى چىرىيەلىك ئاكىمىزنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقسىز، قالاق، ياۋۇز دېيىشىپ كەتتى. بەزىلىرى سادامنىڭ خىمىيەلىك، بىئولوگىيەلىك قوراللار بىلەن قىلغان كورتلار ۋە شىئەلەرگە قىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى مىسال قىلىپ قايناپ كەتتى.

ئاكىمىز خىتايچىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق، خىمىيەلىك قورال، بىئولوگىيەلىك قورال دېگەنلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەچكە، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئۇقالمىدى. چۈشەنگەن بولسا، بەلكىم سادامنى ئاقلاپ بىر قەپەس مۇنازىرە قىلىۋەتكەن بولاتتى. سادامنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن قان ئىچىدە ياتقان ھېلىقى بالا يەنە كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. خىتايلارغا سادامنىڭ ئۇيغۇر ئەمەسلىكىنى دېيىمىكىن دەپ بولدى قىلدىم. چۈنكى سادامنىڭ بىز بىلەن بىر مىللەت ئەمەسلىكىنى خىتايلارغا چۈشەندۈرەلىگەن بىلەن،

كامىردىكى ئۇيغۇرلارغا، بولۇپمۇ چىرىيەلىك ئاكىمىزغا ئۇقتۇرالمايتتىم. ئۇقتۇراي دېسەم، كامىرداسادامىنىڭ بىز بىلەن بىر مىللەت ياكى ئەمەسلىكى مۇنازىرە قىلىناتتى -دە، ئۇيغۇرچە گەپ قىلىشقانلىقىمىز ئۈچۈن ئازار يەيتتۇق. بۇ ئاكىمىزدەك تۇتۇلغانلار ئۇيغۇرنىڭمۇ بىر مۇستەقىل مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايتتى، ئۇلار:"دۇنيادا كاپىر ۋە مۇسۇلمان دەپ ئىككىلا مىللەت بار" دەپ قارايتتى.

ختاي مەھبۇسلار سادامىنىڭ ئۇيغۇرلۇقى ھەققىدىكى پاراڭدىن كېيىن، سۆز-ھەرىكىتىمىزگە تېخىمۇ قاتتىق نازارەت قىلىشقا باشلىدى. تېلېۋىزوردا ئىراق، ئافغانىستان، سۇرىيەلەردىكى ئۆلۈش-ئۆلتۈرۈشلەرگە ئائىت خەۋەرلەر قانچە كۆپەيسە، ختاي مەھبۇسلارنىڭ بىزگە بولغان مۇئامىلىسى شۇنچە يامانلىشاتتى. مەندىن باشقا ئۇيغۇر مەھبۇسلار ختايلارنىڭ مۇسۇلمانلار ھەققىدە دېيىشىۋاتقان ناتوغرا باھالىرى، ئەپسانىۋي گەپلىرى ۋە تۆھمەتلىرىنى ئۇقالمىغاچقا ئازابلانمايتتى. ئۇلار پەقەت خەۋەردىكى ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ قانچىسىنىڭ مۇسۇلمان، قانچىسىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى سورايتتى. مەن بۇنداق سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيتتىم. چۈنكى سۇرىيە ۋە ئىراقتىكى ئۇرۇشتا ئۆلگەنمۇ - ئۆلتۈرگەنمۇ «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەيتتى. ئۇرۇشىۋاتقانلار ئىچىدە كورتلار، تۈركمەنلەر، ئەرەبلەر دېگەندەك مىللەتلەر؛ سۈننىي، شىئە، يەزىدى قاتارلىق مەزھەپلەر بار ئىدى. كامىردىكى ئۇيغۇرلارغا بۇنداق كۆپ قۇتۇپلۇق ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى. چۈنكى ئۇلارغا دۇنيا مۇسۇلمان ۋە كاپىردىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپلۇق كۆرۈنەتتى. بۇ ھالدا بىزدىن بولمىغان كىشى چوقۇم كاپىر بولۇشى، كاپىر بولمىغان ئادەم بىزدىن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ مەنتىقىسى بويىچە سادامنى ئۇيغۇر دېمەي بولمايتتى.

## ئۇيغۇر كۆۋرۈكمۇ، يەمچۈكمۇ؟

2006 -يىلى تۈركىيەدە بولغان كۈنلىرىمدە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە دوستلۇق كۆۋرۈكى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقۇغان ئىدىم. بۇ مەيلى تۈرك سىياسەتچىلىرى بولسۇن ياكى زىيالىيلىرى بولسۇن، كۆپ تىلغا ئالىدىغان گەپ ئىدى. كېيىنچە بۇنداق بايانلارنى تۈرك سىياسەتچىلىرىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىدە داۋاملىق تەكىتلەپ كەلگەنلىكىگە شاھىت بولدۇم. ئەمما خىتاي تۈركلەرنىڭ بۇ گېپىنى رەسمىي دىپلوماتىك سورۇندا بىرەر قېتىممۇ دەپ تاشلىمىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ توغرا ئېيتىلغان گەپ، ئەمما ئەمەلگە ئاشماس رومانتىك بىر تەسەۋۋۇر ئىدى، خالاس.

توغرا ئېيتىلغان گەپ دېگەندە، ئۇيغۇرلار راستىنلا خىتاي بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئارىسىدا، بولۇپمۇ خىتاي ۋەكىللىك قىلىدىغان كونفۇزىچىلىق مەدەنىيىتى ۋە كوممۇنىستىك تۈزۈم بىلەن مۇسۇلمان خەلقى ياشاۋاتقان مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ئارىسىدا كۆۋرۈك بولالايدۇ. ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى ۋە مۇستەبىت ئەلدە ياشاۋاتقان بىر پۇقرا بولۇش خاسلىقى بىلەن ئىككىلا تەرەپنى ياخشى چۈشىنىدۇ ۋە ئوبدان چۈشەندۈرەلەيدۇ. پارىخورلۇق ئادەتكە ئايلانغان ئوتتۇرا شەرق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ۋەياكى قانۇن بار، ئىجرا يوق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە ئۇيغۇرلار سۇغا كىرگەن بېلىقتەك سىڭىشىپ كېتىدۇ ۋە خىتاي مەنپەئەتى ئۈچۈن لاياقەتلىك خىزمەت قىلالايدۇ. ئاساسەن مۇستەبىت تۈزۈمدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمان دۇنياسى بىلەن مۇستەبىت خىتاي ئارىسىدا ئۇيغۇرلار ئەڭ مۇۋاپىق كۆۋرۈك.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولى تارىختا ۋايىغا يەتكەن. تارىختا ئۇيغۇرلار غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. ئۇ تارىخلارنى سۆزلەپ بەك ئۇزاققا كەتمىسەكمۇ، 1940 -يىللارنىڭ بېشىدا ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىغا قويغان ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۆمەك باشلاپ، مۇسۇلمان ئەللەرگە زىيارەتكە بارغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە كابۇلدا مەتىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشكەن. 1950 - يىللاردىن كېيىن ئەخمەت ۋاجىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمايىل ئەمەت، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىقلار خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى بىلەن مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولى 1990 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ يوقاشقا باشلىدى. 2000 - يىللاردىن كېيىن بۇ كۆۋرۈك پۈتۈنلەي چۈۋۈلۈپ، ئالاقىلەر ۋاستىسىز يۈرۈشۈپ كەتتى. خىتاي كۆچەيگەنچە پۇلىنىڭ تىلى خىتايچە ئۆقمايدىغان ۋە خىتاي مەدەنىيىتىدىن بىخەۋەر مۇسۇلمان ئەللەرنى ۋە ئىسلامىي تەشكىلاتلارنى خىتايشۇناس قىلىۋەتتى.

تۈركىيەنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتتە كۆۋرۈك قىلماقچى بولۇشى تارىخىي نۇقتىدىن توغرا بولغان بىلەن، شۇ چاغدىكى رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان رومانتىك تەسەۋۋۇر ئىدى. چۈنكى تۈركىيە بۇ تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا،خىتاي ھاكىمىيىتى ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان دۆلەتكە ئۇيغۇرنى ئارىچى قويماي، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، تىلى ۋە مىجەزى ھەققىدە بەك ئويلىشىپمۇ كەتمەي مۇناسىۋەت ئورنىتىدىغان ھالغا كېلىپ بولغان ئىدى. خىتاينىڭ بۇ چاغدىكى ئورنى، قارشى تەرەپنى قانداق چۈشىنىشنى ئويلاشماي، قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان ھالدا بولغاچقا، ئۇيغۇردەك كۆۋرۈككە ھاجىتى قالمىغان ئىدى.

ئارىدىن ئون يىلدەك ئۆتۈپ، 2015 - يىلى تۈركىيەگە كەلگىنىمدە، كۆۋرۈك دېگەن گەپلەر ئاڭلانماس ھالغا كەپتۇ. ئۇيغۇرلار ئايروپىلان - ئايروپىلانلاپ تۈركىيەگە كەلگىلى ۋە بۇ يەردىن ماشىنا بىلەن سۈرىيە ئۇرۇشىغا ئاتلانغىلى تۇرۇپتۇ. قارىغاندا، شورلۇق بۇ مىللەت كۆۋرۈك بولالماي، يەمچۈك بولۇشقا باشلىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى بۇ سەپەردىن توسقانلار ئۆتۈلۈپ، يوللىغانلار گىدىيىپ يۈرۈپتۇ. سۈرىيەدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەرەبچە، تۈركچە، رۇسچە، خىتايچە ۋە ئىنگلىزچە تاراتقۇلار خەۋەر بېرىشكە باشلاپتۇ. ئۇيغۇرلارنى زوراۋانلىققا ئۈندەيدىغان كىتاب، رىساللەر ۋە ھەتتا ئېلىپبە، ماتېماتىكا كىتابلىرى نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇرچە ئاشكارە تارقىلىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا كىتابخانىلاردىن سورىسام، جىھادقا دائىر كىتابلار ئۇيغۇرچە باشقا كىتابلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ سېتىلغان ئىكەن. ئۇ چاغلاردا توردا، سورۇندا ھەتتا توي-تۆكۈن ۋە ئۆلۈم-يېتىملەردىمۇ جىھادقا دائىر تەبلىغلەر

قاينىغان ئىدى. چۈنكى سۈرىيە ئۇرۇشىغا ئادەم لازىم ئىدى. خىتاينىڭ پاسپورتنى قويۇپ بېرىشى بىلەن سۈرىيەگە يولنىڭ ئېچىلىپ كېتىشى ئاجايىپ توغرا كەلدىكى، مىڭلىغان قىرانلار دۈشمەن ئىزدەپ يات جەڭگاھلاردا كۆلدەك سورۇلۇپ كەتتى.

ئۇيغۇرچىدا «ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتكىچە» دېگەن بىر تۇراقلىق ئىبارە بار. ئۇيغۇر تىلىدا يەنە «ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ بولۇپ كۆۋرۈكنى تارتىپتۇ» دەيدىغان بىر ئىبارە قوللىنىلىدۇ. بۇ ئىككى ئىبارىدە كۆۋرۈكنىڭ بىر دەملىك ۋاستە، ۋاقىتلىق قورال دېگەن مەنىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار بەلكىم تۈركىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدا بىر مەزگىل بىلىنمەس مەقسەتلەر ئۈچۈن كۆۋرۈك بولغان، ۋاستە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بازارنى قاپلىغان تۈركىيە ماللىرى، كوچىلاردا ئېچىلغان تۈرك ئاشخانىلىرى، ئېكرانلارنى قاپلىغان تۈرك كىنولىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىچىلىكى بىلەن بولغان، ئەلۋەتتە. تۈركىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىدە تەكلىپ قىلىنمىسىمۇ كۆۋرۈك بولغان، مەنپەئەت ياراتقان بىر مىللەتنىڭ بۈگۈن تۈركىيەدە سادالىسىز قېلىشى، ھەرىكىتى بوغۇلۇشى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى دەپ ئېتىراپ قىلىنماسلىقى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ھادىسە. بولۇپمۇ، تۈركىيەگە بارغان، تۈركىيە بىلەن سودا قىلغان، تۈركىيەگە ئائىت كىيىملەرنى كىيگەن، بۇيۇملارنى ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبلىك تۇمەنلىگەن ئۇيغۇرىيىللاپ زىندانغا قامالغاندا، مەيلى تۈركىيە ئىچىدە ۋە سىرتىدا بولسۇن، تۈزۈك ھېسداشلىققا ئېرىشەلمەسلىكى كىشىلەردە: «ئەجەبا، بىز كۆۋرۈكمۇ، يەمچۈكمۇ؟» دېگەن گۇماننى ئويغاتماقتا.

ئەسلى ئۇيغۇرنىڭ تۈركىيە ۋە خىتاي ئارىسىدا كۆۋرۈك بولۇش - بولماسلىق ئەركى يوق ئىدى. تۈركىيە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولغاندا ئۆز خەلقىگە ۋە دۇنياغا خۇددى ئۇيغۇرلار شۇنى تاللاش پۇرسىتىگە ئىگە مىللەتتەك بىر نوقتىدىن چىقىپ مۇئامىلە قىلدى. تۈركىيە ئۆزىنىڭ ئالقىنىدىكى تۈركىستانچى كۆچلەرگە ۋە دىيارىمىزدىكى مەدەنىيەت ۋە سىياسىي تەسىرىگە ئىشىنىپ، خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىك ۋە سودا مۇناسىۋىتىدە ئۇيغۇرنى يەمچۈك قىلدى. بۇ شۇنداق بىر جەريان بولدىكى، ئايروپىلان بىلەن توشۇلغان كىشىلەر سۈرىيەدە جانلىق بومبىغا ئايلاندى، سەپلەردە ياللانما ئەسكەر، چېگرالاردا قالقان بولدى. تېرورچى سەپلىرىدىن ئورۇن ئالغان ئۇيغۇرلار ئاشقۇنلۇقتا مەشھۇر بولغاندىن كېيىن، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئاشقۇن ئىدىيەلەرنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان» دېيىلىپ، ملىيون - ملىيونلاپ لاگىرلارغا قامالدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرنىڭ كۆرۈك بولۇش - بولماسلىق ئەركى بولمىغان بىلەن، جىھادى يىسەپلەردە يەمچۈك بولۇش - بولماسلىقتا، تۈركىيەدە تۇرۇپ زاپاس مۇجاھىدلىقنى تاللاش – تاللىماسلىقتا، ياللانما جىھاتچى ئاتلىپ پۈتۈن مىللەتنىڭ يۈزىنى قارا قىلىش قىلماسلىقتا مۇستەقىل قارار قىلىش پۇرسىتىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەمما دىنغا زار بولغان ئۇيغۇرلار تۈركىيەگە يىغىلدى.نەپرەت، ئىشسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زاپاس مۇجاھىتلارنى تاۋلىدى، جىھات تەشۋىقاتىغا يارالغان ئازادە موھىت ئاتەشلىك تەبلىغلەرنى جانلاندۇردى. باللارنىڭ دۆلەت مەكتەپلىرىگە كىرىشى تەسلەشتى، يېتىملار كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياشلار ۋە ئۆسمۈر باللارغا مەدرىسلەر تەرەققى قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلاردىن خەلقئارا جىھاد سېپىدە يەنە يەمچۈك بولۇشقا تەييار ۋە ھازىر ھالەتتە تۇرغان باللار كۆپەيدى، تەييارلىقى پۈتكەنلەر ئاتلاندى.

ھازىرقى تۈركىيەدە ئەۋج ئالغان كەسپىسىزلىك، ئىشسىزلىق، پاسپورتسىزلىق، ئۈمىدسىزلىك، ئىشەنچسىزلىك كىشىلەرنى بىر چىقىش يولى تېپىشقا ئۈندىمەكتە. ۋەتەندە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان زۇلۇم ۋە مۇھاجىرەتتىكى چارەسىزلىك كىشىلەرنى ھاياتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئويلاندۇرماقتا. بۇ دۇنيادىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن، كەلگۈسى قاراڭغۇ، ئەتىسىگە ئىشەنچى ئاجىز ئۇيغۇرنىڭ بولۇپمۇ كۆپىنچىسى ئالى مائارىپتا ئوقۇمىغان ئاۋامنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى ئىزدەشتە ئىشەنچلىك مەنبە دىن، جاۋاپلار ئىچىدە ئەڭ ئاممۇۋي جاۋاپ سەۋر ۋە تەسەللىيدۇر. سۇئاللارنىڭ جاۋابكارى بولغان دىنغا ئىشتىياق دىنى كىتاپلارغا بولغان تەشنالىقنى پەيدا قىلدۇ، بۇنداق كىتاپلاردا مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ كۆپ تەكتلىنىدىغان يولى ئۇرۇش يەنى جىھاتتۇر. ئۇيغۇرنىڭ مەسلىسىنى دىن نوقتىسىدىنلا ئويلاشقاندا چىقىش يولى جىھات مەنزىللىرىگە باشلايدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ رېئاللىق ئۇيغۇرنىڭ تۈركىيەدە ئاشقۇنلۇقتا داۋاملىق يەمچۈك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

## ئۇيغۇرچىدا مۇرەب ۋە مەزلۇم

كىچىك چاغلىرىمدا «مەزلۇم» دېگەن گەپنى ياشانغان ئاياللارنى كۆرسەتسە كېرەك دەپ بىلەتتىم. چۈنكى ئانامنىڭ «ئوبدان مەزلۇم ئىدى» دېگەن چاغلىرىدا تىلغا ئالغىنى قاقتەك قورۇلغان مومايلار بولاتتى. كىتاپلارنى ئوقۇغىدەك بولۇپ قارىسام، بۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى، ئېزىلگۈچى دېگەن مەنىدە ئىكەن. بۇ سۆز ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى بىر مۇنازىرىدە قاتتىق زىددىيەتكە سەۋەپ بولغانلىقى ئۈچۈن بەزىدە ئېسىمگە كېلىدۇ. ماڭا ئەسلىمگە ئايلانغان بۇ سۆزنىڭ يېقىندا يەنە ھېكايىسى باشلىنىپ قالدى.

بۇگۈنكى ھاياتتا ياشلار مەزلۇم دېگەن بۇ گەپنى ئىشلەتمەس بولدى، بەلكى ئۇنتۇپ كەتتى دەپ يۈرەتتىم. يېقىندا بىر سۆھبەتتە تۈركىيەدىكى مەزلۇملار تەشكىلاتى ھەققىدە گەپ بولۇۋېدى، بىرەيلەن «تۈركىيەدىمۇ ۋەتەندىكىدەك ئاياللار بىرلەشمىسى بارمىكەن؟» دەپ سوراپ قالدى. دېمەك، كىشىلەر ھېلىمۇ مەزلۇملارنى ئاياللار دەپ قارايدىكەن. دىققەتكە سازاۋەر تۇيۇلغىنى بۇنىڭ ئەسلى ئەرەپچە كەلىمە بولۇشى ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئەرەپچە ئېزىلگۈچى دېگەن سۆز ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ؟ بىز ئاياللارنى مەزلۇم دېيىشنى قانداق بولۇپ قوبۇل قىلدۇق؟

«مەزلۇم» دېگەن بۇ سۆز پەيغەمبىرىمىز باشلىغان ھىدايەت يولى ئېغىر كەلگەن ئىنسانلارنىڭ تىلىدا ئاياللارنى كۆرسەتمەيدىكەن.مېنىڭ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن دېگەن پەرىزىم خاتا چىقتى. بۇگۈنكى ئەرەبچىدە ئاياللارنى مەزلۇم دەپ ئىپادىلەش يوق ئىكەن. ئەرەب دېسە كىشىنىڭ ئېسىگە تەبىئىيلا ئەرەبىستان كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، خۇددى بۇگۈنكى قۇرئاننىڭ يېزىقى قۇرئان نازىل بولغان شۇ دەۋردىكى يېزىقنىڭ ئۆزى بولمىغاندەك، بۇگۈنكى ئەرەپلەرنىڭ تىلىمۇ 1400

يۈز يىل بۇرۇنقى رەسۇلىمىز سۆزلىگەن تىلنىڭ ئۆزى ئەمەس. تىل، يېزىق ۋە چۈشەنچە ھامان دەۋرگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۈگۈنكى ئەرەپ تىلىدىكى «مەزلۇم» سۆزى ناۋادا شۇنداق توغرا كېلىپ ئاياللارنى كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ دىنىدىكى ئەمەس ، تىلدىكى ئۆزگىرىش بولىدۇ. دىنىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللارنى ئەزىزلەشكە بۇيرىغىنى ھەقىقەت. ئۇ سۆزدىكى مەنە ئۆزگىرىشى بۇ ئىلاھى ھەقىقەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

ئىزدىنىشلەرگە قارىغاندا مەزلۇم سۆزى ھەدىسلەردە ئاياللارنى «ئاجىزە» سۈپىتىدە ئاتاشقا ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇر تىلىدا مەزلۇم سۆزىنىڭ ئاياللارنى كۆرسىتىشىدىكى سەۋەپ ھەققىدە بىر ئۆلىما دوستۇم بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ«ھەدىستە ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تەشەببۇس كۆپ بولغان، ئاياللارنىڭ جىسمانى كۈچسىزلىكى تىلغا ئېلىنىشقا توغرا كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن "ئاجىزە" مەنىسىدە مەزلۇم دېيىلگەن، ئۇيغۇر تىلىغا مەزلۇم سۆزى شۇ ئاجىز دىگەن مەنىنى تۇتقا قىلىپ قوبۇل قىلىنغان بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن» دېدى. دېمەك، ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان مەزلۇم سۆزى ئاجىزە دېگەن بىر مەنە بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ، بۈگۈنكى كۈندە ھەممە ئاياللارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغان.

كىچىكىمدە ئۆلۈمدە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار «ۋاي مۇرەببىم، مۇرەببىم» دەپ يىغلايدىغان. بۇ سۆزنىڭ زادى نېمە گەپ ئىكەنلىكى ماڭا سىر ئىدى. ئەقلىمنى بىلسەم، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئىگىدار» ئىكەن. بەزى جايلاردا ئەر كىشى يوق ئۆينىڭ ئىشىكى چېكىلسە، ئۆيدە ئايال كىشى بار تۇرۇپمۇ «ئادەم يوق» دەيدىكەندۇق. بەلكىم بۇ ئاياللار ئۆزىنى ئېرى بىلەن ياشاۋاتقان ئۆينىڭ ئىگىسى دەپ قارىمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بەلكىم شۇ سەۋەپتىن ئۆيدىن يامانلاپ چىقىپ كېتىدىغىنى ئەرلەر ئەمەس، ئاياللار بولسا كېرەك. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ بىلىشىمچە «رەب» ئاللاھنىڭ بىر سۈپىتى، «مۇرەب» دېگەن بۇ سۆز ئەرەبچە «ئىگەم، ساھىبىم، خوجايىنىم » دېگەن مەنىدە ئىكەن.

ئەرلەرنىڭ «مۇرەب» يەنى خوجا بولۇۋېلىشى، ئەلۋەتتە ئاياللارنىڭ مەزلۇم بولۇپ قېلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. چۈنكى خوجايىن، خوجا دېگەن سۆزمۇ ئەسلى

پارسچە "قۇل ئىگىسى، قۇلدار" دېگەن مەنىدە. شۇڭا بۇ يەردە ئەرلەرگە مۇرەب ۋە ئاياللارغا مەزلۇم دېگەن سۆزنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، سۆزلا ئەمەس بەلكى چۈشەنچىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدۇر. ئۇيغۇر تىلىغا مەيلى پارسچىدىن ياكى ئەرەبچىدىن بولسۇن، قوبۇل قىلىنغىنى دىن ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىكى ئىسلام ئىسلاھ قىلىشتىن بۇرۇنقى ئىنسان ئىنسانىي قۇل قىلىدىغان مۇدھىش چۈشەنچە. بۇ چۈشەنچىدە ئەرلەرنى ئىگىلىگۈچى، ئايالالارنى ئىگىلەنگۈچى دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئەرلەر خوجايىن دەپ قارالمىغان بولسا ئىدى، ئايالالار زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى دەپ قارالمىغان بولاتتى.

ئۇيغۇرلاردا 90 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئۆزىگە قايتىش، كىملىكىگە يۈزلىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. نەتىجىدە دىنىمىزغا قايتىش كەيپىياتىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاللىقاچان تارىختا ئايلانغان ئەرلەرنى مۇرەب، ئايالالارنى مەزلۇم دەيدىغان ئايىنغان قاراشقا قايتىپ قالدۇق. خۇددى بىز تارىختا دىنغا قوشۇپ ئەرەبچىدىكى مۇرەب ۋە مەزلۇم دېگەن چۈشەنچىنى ئۆزلەشتۈرگەندەك، بۈگۈنكى ئىسلامغا قايتىش كەيپىياتىدىمۇ ئەرەبستاننىڭ ئايالالارنى كەمستىش ئادىتىنى دىن دەپ قايتىدىن ئۆزلەشتۈرۈشكە باشلىدۇق.

ئەگەر بىز كىملىكىمىزنى قوغدايمىز، ئەسلىمىزگە قايتىمىز، ئۆزلىكىمىزگە يېپىشىمىز دەپ تۇرۇپ، ئايالالارنى ئەرلەرنىڭ مۈلكى، بېقىندىسى دەپ سانايدىغان ئەرەب قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ خاتا قاراشقا قايتساق، بىزدە ئايالالار داۋاملىق بويسۇنغۇچى، زۇلۇم كۆرگۈچى مەزلۇم، ئەرلەر ھەمىشە خوجايىن، ئىگىدارلىق قىلغۇچى بولۇپ كېتىۋېرىدۇ. ئىنسانىيەتكە چۈشكەن دىن ئەرلەرنىڭ دىنىغا، ئۇلارنىڭ ئايالالارنى باشقۇرىشىدىكى قورالىغا ئايلىنىدۇ. مۇشۇندا كېتىۋەرسە ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ ئەرلەرنىڭ ئايالالارنى باشقۇرۇشىدىكى «يۆلىكى» بولۇپ قالىدۇ.

مىللەت مىليۇنلىغان ئائىلىلەردىن ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر بىر ئائىلىدە ئەرمۇرەب، خوجايىن بولۇپ، ئايال بويسۇنغۇچى، مەزلۇم بولسا، بۇنداق مەزلۇم ۋە مۇرەبدىن قۇرۇلغان ئائىلىدە باراۋەرلىك بولامدۇ؟ بىز ئائىلىدە بىر بىرىمىزگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشماي تۇرۇپ، سىرتتا كىشىلەردىن، ئىدارىلەردىن ۋە دۆلەتتىن، جەمئىيەتتىن قانداق باراۋەرلىك تەلەپ قىلالايمىز؟ باراۋەرلىكنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئۇيغۇر

ئائىلىرىدە قانداق قىلىپ جەمئىيەتتىن، خىتايدىن، دۇنيادىن باراۋەرلىك تەلەپ قىلالايدىغان ئەۋلادلار يېتىشىپ چىقىدۇ؟

مەيلى قايسى نۇقتىدىن ئېيتايلى،ھېچكىم ھېچكىمنىڭ ئىگىسى ئەمەس. ھېچبىر ئىنسان باشقا بىرىنىڭ بويسۇنغۇچىسى، مەزلۇمى بولماسلىقى كېرەك. شۇڭا ئەگەر چۈشەنچىدىكى ئۆزىنى خوجايىن، ئۆزگىنى مەزلۇم سانايدىغان قاراش ئۆزگەرمىسە، ئۇيغۇرلارغا دىنغا يېپىشىپ كىرىپ قالغان ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتىكى بۇنداق باشقۇرۇش باشقۇرۇلۇش ئەندىزىسى ئۆزگەرمىسە، بىزدە ھۆرلۈك، ئازاتلىق، باراۋەرلىك، ئادالەت قاتارلىق پىكىرلەر ئۇنىدىغان تۇپراق شەكىللەنمەيدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ تەپەككۇرىغا ئۇچاق بولىدىغان ئائىلىدە ئانا مەزلۇم، دادا مۇرەب بولۇۋالسا بالىلاردا باراۋەرلىك، مۇستەقىللىق، ئادالەت تۇيغۇسى ئەمەس پەقەت يا بويسۇنىدىغان يا بويسۇندۇرىدىغان بىنورماللىق يېتىلىپ قالىدۇ ۋە ئارىمىزدىن باشقىلارغا يا خوجايىن ياكى قۇل بولمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدىغان ئىنسانلار توختىماي كۆپىيىپ،يېتىلىپ چىقىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى ئىزدىشى ئىزىغا سەكرەشتىن ئىبارەت ئەمەس. ئۇيغۇرنىڭ كىملىكگە قايتىشى، كونىلىققا قايتىشقا تەڭ ئەمەس. ئەرلەرنى مۇرەب ئاياللارنى مەزلۇم دەپ قارايدىغان چۈشەنچە خۇددى بۇرۇن ئىشلەتكەن ئۆيلەردىكى مەشكە ئوخشايدۇ. ھەممە ئۆيلەر پار بىلەن ئىسسىتىلىۋاتقان دەۋردە ئاتا بوۋىمىزنى ھەر قانچە سېغىنساقمۇ، ئورۇستىن ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەن مەشنى قايتا ئىشلىتىمىز دېسەك نادانلىق بولىدۇ. شۇڭا تارىختا ئايالنىغان ئەرلەرنى خوجايىن دەپ قارايدىغان ئەبجەق چۈشەنچىدىن، خۇددى ئۆتمۈشنىڭ يادنامىسى بولغان مەشتىن ۋاز كەچكەندەك ۋاز كېچىش ئەقىللىي تاللاشتۇر.

## ئۇيغۇرچە باھالاردا ئىلھام توختى

2015 -يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا سۈرگۈندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلھام توختى ھەققىدىكى باھا ۋە مۇلاھىزىلىرىدىن خەۋەردار بولدۇم. يىغىپ ئېيتقاندا،ئىلھام توختىنىڭ جاسارىتى، قەھرىمانلىقى ۋە پىداكارلىقىغا قايىل بولمايدىغان ئۇيغۇرلار كۆپ ئەمەس ئىكەن. ھالبۇكى، زىيالىيلار ۋە داۋاگەرلەردە پەرقلىق باھالار بار بولۇپ، بىرى غەرب ئىلھام توختىنى بىزگە رەھبەر قىلىپ تىكلىمەكچى دەپ قارايدىكەن، يەنە بىرى خىتاي دېموكراتلىرى ئىلھام توختىنى بىزگە يېتەكچى قىلماقچى دەپ قارايدىكەن، ئۈچىنچى بىرى ئىلھام توختىنىڭ كۆز قاراشلىرى يېيىلسا، ئىلھامىزىم بولۇپ شەكىللىنىپ، ئۇيغۇرنى ئاپتونومىيەچى قىلىۋېتىدۇ دەپ ئويلايدىكەن.

غەرب ئىلھام توختىنى بىزگە رەھبەر قىلىپ تىكلىمەكچى دېگەن باھاغا مەن قوشۇلمايمەن. چۈنكى ھېچ بىر غەرب رەھبىرىنىڭ تىلىغا ئىلھام توختى رەھبەر دەپ چىقىپ باقمىدى. تاراتقۇلاردىمۇ ئىلھام توختىنىڭ سالاھىيىتى رەھبەرلىك ئەمەس، كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن پىداكارلىق قىلغۇچى بولۇپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىلھام توختى بىرەر ئىجتىمائىي، سىياسىي ياكى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە قوزغىغۇچى، تەشكىللىگۈچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقمىغان.

ئەگەر دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئىلھام توختى ئۇيغۇرغا ئائىت مەسىلىلەرگە بىر تەتقىقاتچىنىڭ كۆزى بىلەن ئىلمىي قارىغان، ھەققانىيەتچىنىڭ جاسارىتى بويىچە ئۈچۈق، مەردانە سۆز قىلغان ۋە بىر ئىنسانپەرۋەرنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ كۆڭۈل بۆلگەن. شۇڭا بىرەر پارتىيە قۇرۇپ، بىرەر سىياسىي ھەرىكەتنى باشلاپ يېتەكچىلىك تالانتى بىلەن مەيدانغا چىقمىغان بىر تەتقىقاتچىنى غەرب بىزگە رەھبەر قىلىپ تاللاپ بەردى، دېگەن گەپ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەگەر شۇنداق قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە بولغاندا غەربنىڭ تاللايدىغىنى ئىلھام توختى ئەمەس، ئۆركەش دۆلەت بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئۆركەش دۆلەت 1989 -يىلدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، ئىقتىدارى ئىسپاتلانغان لىدەر.

«خىتاي دېموكراتلىرى ئىلھام توختىنى بىزگە رەھبەر قىلىپ قويماقچى» دېگەن گەپنىڭمۇ ئاساسى يوق. چۈنكى ئىلھام توختىنى خىتاي دېموكراتلىرى تاللىغان ئەمەس ئىلھام توختى شۇلارنى تاللىغان. ئىلھام توختى ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى قوغداش يولىدا خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن ھەمكارلىقنى داۋام قىلغان. ئىلھام توختى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېقىنمايدىغان مۇستەقىل خىتاي قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان.

2009 -يىلى ئىلھام توختى تۇتقۇنغا ئۇچرىغاندا، خىتاي دېموكراتلىرى ئىمزالىق مۇراجىئەت چىقىرىپ قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقان. 2014 -يىلى ئىلھام توختى ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، خىتاي دېموكراتلىرى ئىلھام توختىغا ئادۋوكات تەكلىپ قىلدى، قۇتقۇزۇش ھەققىدە يەنە پائالىيەتلەرگە ئۆتتى. شۇڭا ئىلھام توختىنىڭ خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ھەمكارلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ،ھەمكارلىقتا ئاكتىپ بولغىنى ئىلھام توختى.

ئىلھام توختى 2014 -يىلى قولغا ئېلىنغان ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاي زىيالىيلارنىڭ ۋە غەربتىكى خىتايشۇناسلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئۇچرىدى. بەش خىتايشۇناس زىيالىي ۋە ئەنۋەرجان ئەپەندىدىن تەشكىل تاپقان "ئىلھام توختى گۇرۇپپىسى" قۇرۇلدى. 400 دىن ئارتۇق غەربلىك زىيالىي ئىلھام توختى ھەققىدە ئىمزالىق خەت يازدى. غەرب مەتبۇئاتلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئىلھام توختى ھەققىدە ھەرىكەتتىن توختىغىنى يوق.

ئىلھام توختى گۇرۇپپىسى ئەنۋەرجان ئەپەندى بىلەن پائالىيەت قىلىۋاتقان، پۈتۈنلەي پىدائىيلىق تۈسىنى ئالغان ئورگان بولۇپ،نە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ، نە خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەن ئەمەس.

يۇقىرىدا بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىلارنىڭ باھالىرىدا دېيىلگەندەك، ئەگەر راستىنلا غەربنىڭ ۋە خىتاي دېموكراتلارنىڭ ئىلھام توختىنى «ئۇيغۇرغا رەھبەر قىلىش» مۇددىئاسى بولسا، ئىلھام توختى گۇرۇپپىسى ھېچبولمىغاندا بىر ئىشخانىغا

ۋە مۇقىم فوندقا ئىگە بولغان بولاتتى. شۇڭا غەربنىڭ فوندىغا ئېرىشىۋاتقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى قاتارلىق تەشكىلاتلاردىكى رەھبەرلەر ئۈچرىمىغان گۇمانغا ئىلھام توختى گۇرۇپپىسىنىڭ دۇچ كېلىشى غەلىتە. ئەگەر ئىلھام توختىغا شۇنداق فوندلارنىڭ ياردىمى بولغان بولسا، ئۇ يازغان ماقالىلار تۇرلۇك تىللارغا تەرجىمە قىلىنسا، ئىلھام توختى ھەققىدە تۇرلۇك مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلسا، تونۇلىدىغىنى ئۇيغۇرنىڭ داۋاسى، تىلغا ئېلىنىدىغىنى دىيارىمىزدا كۆنسېرى ئېشىپ بارغان زۇلۇم بولاتتى.

ئىلھامىزمىنىڭ تەھدىتىدىن ئەنسىرەش تۇغۇلمىغان موزايغا قوزۇق قاققاندەك خىيالپەرەستلىك. چۈنكى ئىلھام توختى قانداقتۇر بىر ئىدىئولوگىيە ياراتقان ۋە مەسىلىلەرگە ئەسلا ئىدىئولوگىيە نۇقتىسىدىن باھا بېرىدىغان كىشى ئەمەس. ئىلھام توختىنىڭ يېزىقچىلىقتىكى مەقسىدى مەسىلە ھەل قىلىش بولۇپ، ئۇ مەسىلىنى ئىدىيىۋى نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈشكە ئەمەس، ئىلمىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ باشتىن بۇيان يېزىپ كەلگەنلىرى ئەڭ ئەمەلىي تېمىلار بولغان. مەسىلەن، 1995 - يىلى ئىلھام توختى ئۇيغۇرلاردا ئىشسىزلىق مەسىلىسى ھەققىدە لىكسىيە سۆزلەپ، خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا، نەچچە مىليون ئۇيغۇر دېھقاننى ئىشسىز دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇندىن باشقا، ئۇ ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش ھەققىدە لىكسىيە سۆزلەپ، شۇ چاغلاردا ئاقسۇ شەھرىدە خىتايلارنىڭ 60 پىرسەنتتىن ئاشقانلىقىنى مۇلاھىزە قىلغان ئىدى.

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسە قىلساق، مۇھاجىرەتتىكى بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ ئىلھام توختىنى «غەرب ۋە خىتاي دېموكراتلىرى بىزگە رەھبەر قىلىپ تىكلەپ بەرمەكچى» دېگەن قاراشلىرى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئىلھامىزمىنىڭ يېيىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيەچى بولۇپ كېتىش خەۋپىدىن ئەنسىرەشمۇ ھازىرچە ئارتۇقچە. چۈنكى ئىلھام توختى ياراتقان بىر«ئىزم» تېخى يوق. پەقەت ئىلھام توختىنىڭ بىر خىتاي دېموكراتىغا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مىللەتچىسى ئىكەنلىكىنى دېگەنلىكى راست.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۇيغۇردا دانىشمەنلىك ۋە ھەزىلكەشلىك

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر سالساق، ئىككى تۈرلۈك خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ سايىسى كۆپرەك دىققەت تارتىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوبراز بولۇپ كۆرۈلسە، يەنە بەزىلىرى رېئال شەخسلەردۇر. ئۇلارنىڭ بىرى ئويچان تەپەككۇرچى، يەنە بىرى ئىشچان ئەمەلىيەتچى. بىرى دانىشمەن، يەنە بىرى ھەزىلكەش. بىرى ھېكمەت سۆزلىسە، يەنە بىر لەتىپە ئېيتىدۇ. بىرى مەسجىدتە خۇتبە ئوقۇسا، يەنە بىرى كوچىدا لاپ ئۇرىدۇ. بىرى تەمكىنلىكى بىلەن ئالىم ئاتالسا، يەنە بىرى تەنتەكلىكى بىلەن چاتاقچى دېيىلىدۇ. چاتاقچىلار زالىمنى پۇتلىسا، باتۇر ئاتىلىدۇ. دانىشمەنلەر بەزىدە موللا، شائىر، سوپى، ئالىم بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ھاياتىدىكى ئىككى قاناتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ: دانىشمەنلىك ۋە ھەزىلكەشلىك.

دانىشمەنلىك دۇنيا، ئاخىرەت، شەكىل، ماھىيەت دېگەنلەر ھەققىدە ئويغا چۆمسە، ھەزىلكەشلىك بۇلارنى بىھۇدە تەسەۋۋۇرلار دەپ قاراپ مات قىلىدۇ. ھەزىلكەشلىك ئەمەلىيەتتىن ھالقىغان ھەر قانداق ساماۋىي خىياللارنى مەسخىرە قىلىدۇ. ھەزىلكەشلىك كۆزلەرنى پەردىلەۋاتقان ئويلارنىڭ ئەھمىيىتىنى باشقىچە بىر تەپەككۇردا رەت قىلىپ، ئۇنىڭ كۈلكىلىك تەرىپىنى ئاشكارىلايدۇ. ھەزىلكەشلىك مەيلى قايسى ئۇسۇلدا ئۆزىنى نامايەن قىلسۇن، ئۇلۇغ، مۇقەددەس، دەخلىسىز دېيىلىپ قالغان بارلىق پىكىرلەرنىڭ قىممىتىگە سوئال قويىدۇ، مۇشۇنداق ئويلار پەيدا بولغان چەكلەرگە خىرىس قىلىدۇ.مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» تە ئويچان زاھىت ئۇدغۇرمىش بىلەن ئىشچان ئەمەلىيەتچى ئۆگدۈلمىش بار. تارىخىمىزدا ھەزىلكەش

ۋە دانىشمەن ئەدىبلەر ياشاپ ئۆتكەن بولۇپ، فارابدەك ھەم ھەزىلكەش ھەم دانىشمەن بولغان كىشىلەرمۇ بار بولغان - ئەلۋەتتە.

ھەزىلكەشلىكتىن سۆز ئېچىلغاندا، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى بىلەن داڭلىق بولسا، يەسەۋىي دانىشمەنلىك سۈپىتىدە ھېكمەتلىرى بىلەن مەشھۇر. زاھىت يەسەۋىي بىلەن سەرگەردان نەسىردىن ئۇيغۇردا ئوخشاشلا ئالقىشقا سازاۋەر. بەزىدە «دىۋانى ھېكمەت» كىشىلەرگە ياش تۆككۈزگەن بولسا، بەزىدە ئەپەندى لەتىپىلىرى تىزلىرىنى شاپىلاقلاپىلىتىپ كۈلدۈرگەن. ئەمما لەتىپە بىلەن ھېكمەتنى سېلىشتۇرساق، لەتىپە كۆپرەك بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەن، ئاۋامغا كەڭرى تارالغان. ھېكمەتلەر بولسا، پەقەت بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قالغان، كىتابلارغا كۆمۈلگەن.

تارىخىمىز بىر مەزگىل ئاشقۇن دانىشمەنلىك ۋە خىيالپەرەسلىك تۇتۇنلىرى ئارىسىدا قالغان بولۇپ، ھەزىلكەشلەرگە جاھان تار بولغان. نەۋايى ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 300 يىلدا كىتاب، ئەقىل، ھېكمەت ۋە مەردانە ھەزىلكەشلىك بىزدىن يىراقلاپ، ساپايىچى دانىشمەن، لاپچى ئەۋلىيا، پوچى ئۆلىمالار دەۋر سۈرگەن. 1860 -يىللاردا غۇلجىغا سەمەرقەنتتىن مەخمۇت دېگەن بىرى ئۆزىنى ئۆلىما ئاتاپ پەيدا بولغان. ئۇ ياغاچتىن زەمبىرەك ياساپ، ئايەت ئوقۇپ پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن دۈشمەننى يەڭمەكچى بولغان، ھېكمەتسىز قالغان خەلق بۇنىڭغا ئىشەنگەن ۋە سەپ بويىچە مەغلۇپ بولۇپ قىرىلىپ كەتكەن. ئۇيغۇرچىمىزدا بۇ سۆز پوچى (زەمبىرەكچى) مەخمۇت شەنگە تا بۈگۈنگىچە ئىشلىتىلمەكتە.

ئىلىدىن چىققان سادىر پالۋان بىلەن موللا بىلال دەۋرداش كىشىلەردۇر. موللا بىلالنىڭ مىسرالىرى مۇقاملاردا ياڭراپ «بى، بى» دېگەن بېيىتلىرىدىن مۇڭلانغان كىشىلەر، سادىر پالۋاننىڭ «كەيدىم كېپەنلىك تونىنى» دېگەن قوشاقلىرىغا دۇتتار بىلەن تەڭكەش قىلىنغاندا مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، قوللىرىنى ئىختىيارسىز غىلاپقا سوزغان. بۇلارنىڭ بىرى ئىسيانكار ھەزىلكەش پالۋان، يەنە بىرى ئويچان پەرھىزكار شائىر ئىدى. ھەزىلكەش پالۋاننىڭ قوشاقلىرى بىلەن سۈرلۈك نازىمنىڭ غەزەللىرى مۇقاملاردا ئۇچراشقان. ئىلى مۇقاملىرىدا مۇقەددىمە، مەرغۇلغا غەزەللەر تاللىنىپ، مەشرەپ قىسمىغا قوشاقلار كىرگۈزۈلگەن.

قەشقەردە ئابدۇرەھىم نىزارى «رابىيە - سەئىدىن»نى قەلەمگە ئالغاندا، سەلەي چاققان بازار ئارىلاپ كىشىلەرنى تېلىقتۇرۇپ يۈرەتتى. ھازىر نىزارى غەزەللىرىنى مۇقامچىلاردىن باشقىلار ئېسىگە ئالالمايدۇ، ئەمما سەلەي چاققاننىڭ لەتىپىلىرىنى سۆزلەپ بېرەلەيدىغان كىشىلەر ئاۋامدا ئاز ئەمەس.

مەيلى ئەخمەت يەسەۋىي، موللا بىلال ياكى ئابدۇرەھىم نىزارى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەپەندى لەتىپىلىرى، سادىر پالۋان قوشاقلىرى ۋە سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدەك كەڭرى تارقالمىغان. بەلكىم بۇ چاغدا ئۇيغۇر تىلىمىز بەكرەك سەنئەتلىشىپ، شائىرلار ئەسەرنىڭ شەكلىگە مەزمۇندىن بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەچكە، ئەدەبىي تىل ئاۋامنىڭ تىلىدىن يىراقلاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. نەتىجىدە، ئەدەبىيات دېنغا ئوخشاش مۇقەددەسلىشىپ، ئوقۇرمەن بىلەن ئەدىب ئارىسىدىكى پەرق ۋە ئارىلىق ئۇزىراپ كەتكەن.

ھەزىلكەشلىك ۋە دانىشمەنلىككە ۋەكىل كىشىلەر ئۇيغۇردا توختىماي چىقىپ تۇردى. 20 -ئەسىردە ئىلى ۋادىسىدىن چىققان مۇتائالى خەلپىتىم ۋە غېنى باتۇرمۇ تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلدى. مۇتائالى خەلپەم كىشىلەرنى جەننەت ۋەدە قىلىنىدىغان مۇقەددەس ۋەتەن ئۇچۇن جەڭگە چىللىسا، غېنى باتۇر ئۇيدىن چىقماس زىيالى ۋە ئۆلىمالارنى مەسخىرە قىلغاچ ئۇرۇشنى داۋام قىلدى. بىزدىكى ھەزىلكەشلىك ۋە دانىشمەنلىك ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى زوردۇن سابىر بىلەن ھېسام قۇرباندۇر.

تارىختىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ھەزىلكەش لەتىپچىلەرنىڭ ئاقىل دانىشمەنلەردىن بەكرەك خېرىدارلىق بولىدىغان ئەھۋال يەنىلا مەۋجۇت. بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇشى تەبىئىي، چۈنكى ئويچان كىشىلەرنىڭ ئىشچان كىشىلەردەك ئەمەلىيەتكە سادىق بولالمايدىغانلىقى ئېنىق. ئويچانلىق بىلەن ھېچكىمنىڭ پاراۋان ياشاپ بولالماسلىقىمۇ ئەمەلىيەت. ئەمما بۇمۇ مۇتلەق ئەمەس. قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىدا بۇ ھادىسىمۇ بىر ئاز ئۆزگەردى.

ھەزىلكەش ھېسام قۇربان غۇلجىدىكى چاقچاق دولقۇنىغا قېتىلغان بولسا، دانىشمەن زوردۇن سابىر ئۈچ توملۇق «ئانا يۇرت» ئارقىلىق ئۇيغۇردا بىر كىتاب ئوقۇش دولقۇنى قوزغىدى.شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئاۋام ئارىسىدا تارىخ، رېئاللىق ھەققىدە

ئويچانلىق ئويغاتتى. ئەگەر رەھمەتلىك ھايات بولغان بولسا، يۈز مىڭلاپ بېسىلغان كىتابىنىڭ دۆلەتنى سۆرگەن، ئۇيغۇرنىڭ نەقەدەر سۆيۈملۈك بىر مىللەت ئىكەنلىكنى تېخىمۇ ھېس قىلغان بولاتتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ دانىشمەن ئەدىپىنىمۇ ۋە ھەزىلكەش لەتىپىچىسىنىمۇ ئېھتىرام بىلەن ئەسلەيدىغان، ھەر ئىككىلىسىنىڭ قالدۇرغانلىرىدىن بەھىر ئالىدىغان بولدى. تەرەققىيات نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلار ئۇچۇر، ھېس ـ تۇيغۇ ۋە پىكىر ـ چۈشەنچىلىرىنى سېكونت ئىچىدە بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ھالغا يەتتى. ھېكمەت، نەزم ۋە تەھلىللەر تارىختىكى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭلا ئىشى بولۇشتىن چىقىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. دانىشمەنلىك ئاۋامغا يېقىنلاپ، ئەدەبىي تىلىمىز دانىشمەنلەرنىڭ دىۋانلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ھەممە ئادەم ئوقۇپ چۈشىنىدىغان ھالغا يەتتى. ھەزىلكەشلەر بىلەن دانىشمەنلەر قوللىنىدىغان تىل بىرلىشىپ كەتتى.

ئۇيغۇردا «بەزىدە دۇتار بىلەن ئۇسسۇل، بەزىدە خۇدا بىلەن رەسۇل» دېگەن ماقال بار. بۇنىڭدا ئۇيغۇرنىڭ ھەر قانداق ئىشتا، ھەر قانداق ۋاقىتتا ۋەھەر قانداق جايدا ئەقىل بىلەن ھەزىلنى، ھېكمەت بىلەن چاخچاقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ياشايدىغان مىللىي خاراكتېرى ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بېرى ھاياتتىن بەزىدە ئويلىنىشلىق، بەزىدە كۈلكىلىك ئامىللارنى بايقاپ، بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى بىزدىن توختىماي چىقىپ تۇرۇۋاتقان لەتىپىچى ۋە ھېكمەتچىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىنىپ كەلمەكتە.

تارىخنى ۋاراقلىساق، دانىشمەنلەرنىڭ بەزىسى ئىزچىل پىنھان ياشىغان، يەنە بەزىلىرى رېئاللىقتا، بەزىلىرى ئەسەرلىرى ئىچىدە ياشىغان ياكى بەزىدە ئۇلار ئۆزى يازغان ئەسەرلىرىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن. ئۇلار قازانغان دىنىي، ئەدەبىي ۋە ئىلمىي نوپۇزى بىلەن ئاۋام ئارىسىدا نورمال ئىنساندىن ھالقىغان ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىنغان. ھەزىلكەشلەر بولسا، ئىنسانلىق كەمچىللىكلىرى بىلەن ئاشكارە، ئەخمەقلىقلىرى بىلەنمۇ مەشھۇر بولغان. ئۇلار دانىشمەنلەرنىڭمۇ ئادەتتىكى بىر نۇقسانلىق ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئاۋامغا ئەسكەرتكەن. دانىشمەنلەر پەيدا قىلغان

www.uyghurkitap.com

ئارتۇقچە ئويچانلىق، زاھتلىق ۋە تەركىيدۇنياچىلىقنى ھارغىچە مەسخىرە قىلغان. ئۇلار مۇشۇنداق ئەمەلىيەتچانلىقى، ئاددىيلىقى ۋە ئەركەكلىكى بىلەن خەلق قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن.

دانىشمەنلەرنىڭ ئەسەرلىرى دىۋان قىلىنىپ ساقلانغان بولسا، ھەزىلكەشكەرنىڭ ھەزىللىرى ئاۋامغا تاراپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەتكەن. بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە، بۇ ھالەت ئۇيغۇردا تارىختىكىدىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ،ھەزىلمۇ، ئەقلمۇ، لەتىپىلەرمۇ، ھېكمەتلەرمۇ ئاۋامغا ئوخشاش سۆزئەتتە تارالماقتا.

## «ئۇيغۇرغا تۇغقان بولالمايدىكەنمەن»

تۈركىيەنىڭ قەيسەرى شەھرىدە ئۇيغۇر مەھەللىسى بۇرۇن بىر ئىدى، ھازىر كۆپىيىپ ئۈچ بولدى. بۇرۇن تۈركىستان مەھەللىسى دەپ بىرلا مەھەللە بار بولۇپ ئۇنى 1960 -يىللاردا تۈركىيەگە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار قۇرغان ئىدى. 2014 -يىلدىن كېيىن تۈركۈم تۈركۈملەپ تۈركىيەگە كەلگەن ئۇيغۇرلار قەيسەرىدىكى جەننەت مەھەللىسى ۋە چوڭ بېكەتكە يېقىن ساقچى قوراسىغا يەرلىشىپ بۇ يەرلەرگە سامسا، كاۋاپ ۋە نانلارنىڭ مەزىلىك پۇراقلىرىنى تارقاتتى. ئۇيغۇرلار «لوڭمان» دەپ ئاتايدىغان بۇ قورۇدىكى ئۇيغۇرچە تاماقلار ئۇيغۇرسىراپ كەتكەن كونا مۇساپىرلارنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى.

2018 -يىلى تومۇزنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە قەيسەرىگە يەنە بىر قېتىم كەلدىم. قوراغا كىرىپلا قۇرۇپ كەتكەن ئېتىزلارغا قاراپ ھەيران قالدىم. سۇ ھەققىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار ئورۇنلاشقاندىن بېرى تېرىلىپ كېلىۋاتقان ھويلا قاقشال بولۇپ قۇرۇپ كېتىپتۇ. قىش ئۈچۈن تەييارلانغان كۆمۈرلەر بۇ يىل پار بېرىلمەيدىغانلىقىدىن بىشارەت ئىدى. قورادا چۆجىدەك چۇرقىرىشىپ ئويناپ يۈرگەن باللارغا قاراپ كىچىكىمدە تازا ئىسسىپ كەتمەيدىغان ئۆيىمىزدە تولا مەشكە يېقىلىپ كېتىدىغان قول ۋە بىلەكلىرىمدىكى تارتۇقلارنى ئەسكە ئالدىم. ئادەتتە بىر ئۆيدە بىر قانچە ئائىلە بىللە تۇراتتى. مۇساپىر ئائىلىلەرنىڭ كۆپى بالىجانلىق ئىدى. ئىچىمدە مۇشۇ باللارنىڭ قىشتا مەندەك مەشكە يېقىلىپ كۆيۈك ئازابىنى تارتماسلىقىغا دۇئا قىلدىم.

قورانىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىرەيلەننى ساقلىغاچ كىرگەن چىققانغا قاراپ ئولتۇراتتىم ياغلىقىنى ئېگىكىدىن چىگكەن بىر ئايال كىرىپ كەتتى. بۇ قورادا

ئايالـلار خـۇددى بىرتۇتـاش تارقىتىپ بەرگەنـدەك ياكـى قـارا كىيىملىكلـەر قوشـۇننىغا تىزىملاتقانـدەك قـارا ئابايـى كىيدىغـان بولـۇپ ئىككىدىن ياغلىق ئارتقان بىرمۇ ئايال زاتـى يـوق ئـىدى. پەقەت مۇشـۇ قـورادا ئىشـلەيدىغان، 60 ـ يىللاردا كەلگـەن «كادىر» ئۇيغـۇر ئايالـلارلا قـارا ئابايـى كىيمـەي ياغلـق چىگـەتتـى. «كادىـر» ئـەمـەس تـۇرۇپ قـورادا قـارا كىيىنمەسلىككە جـۈرئەت قىلغـان بـۇ ئايالنى كـۆزىتىپ قـاراپ تـۇردۇم.

ئايـال قورادىكى ناۋايدىـن نـان ئېلىپ قايتتى. كىيىنىشى ۋە يېشى ئاچام بىلەن تـەڭ كېلىدىغـان بۇ ئايالغا كىشـلەرنىڭ خاتا چۈشىنىشـىدىن ئەنسىرەپرەك تۇرسامـۇ قورانىڭ قائىدىسىنى بـۇزۇپ سـالام قىلدىم. ئادەتتـە بـۇ قـورادا ئايالـلار بىلـەن ئەرلـەر تولـۇق ئايرىلغـان بولـۇپ سالاملاشـمايتتى. قـورا قائىدىسـىگە زىـت هالـدا بـۇ ئايـال مۇلايىملىق بىلەن سالامنى ئىلىك ئالدى. ئۇنىڭ سالام قايتۇرغاندا سەل ئېگىشكەن تۇرىقى، ۋاقىتسىز قورۇق چۈشكەن يۈزلىرى، ماڭا تىكىلىپ قارىيالمىغان غەمكىن كۆزلىرى بىردىنلا ئاچامنى ئەسلەتتى.

بارلىق مۇساپىر ئۇيغۇرغا ئوخشاش بـۇ ئاچىمىزمۇ ۋەتەنىدىـن چىققان ئاي ۋە كۈنلەرنـى ئېنىق دەپ بـەردى، 28 يىل بوپتۇ. ئۆزىدىـن چوڭ بىـر تۇغقىنىغا ياتلىق بولـۇپ كەلگـەن ئىكـەن. ئېرى ئۆلـۈپ كېتىپ يالغـۇز قاپتۇ. بويتاق ئىككى ئوغلى بار ئىكـەن. تۈركىيەدىكى بىرىنچى ئەۋلات ئۇيغـۇرلار كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋەتەنىدىن ئۆيلەنگەن بولـۇپ، بـۇ ئايـال ئۆز ئايىقى بىلـەن چىققان بـۇ قېرىنداشلىرى بىلەن قۇدىلاشماق ئۈچۈن شـۇنچە دېيىشمۇ ئوغۇللار بـۇ قورادىكى ئۇيغـۇر قىزلارغا ئۆيلىنىشكە قوشـۇلماپتۇ. سەۋەبى باشتىن بۇيـاق قاپقـارا كىيىنگـەن قىـزلار بىلـەن چىقىشىپ ياشاشقا كـۆزى يەتمەيدىكەن.

-بۇلاردا تويىنىڭ نەزىر بىلەن پەرقى يوق ئىكەن، تويدا ئۇسـۇل ئوينىمايدىكەن، ئۆلۈمـدە هـازا ئاچمايدىكـەن، ئىككىلىسـىدە تەبلىغـلا قىلىدىكـەن، دېـدى ئاچىمىز ئاغرىنغانـدەك قىلىپ. – بىزنىڭ ۋەتەندىكىدەك ناخشا ساز چالماي، قىز يىغلايدىغان، ئوغۇللار ئاللا ـ ئالـلا توۋلايدىغـان ئىشـنىمۇ قىلمـاي تـوي قىلىدىكـەن. تۇزغـا نـان تۇگـۇرۇپ يېيىشـنىڭ گېپـى چىقسـىغۇ جىدەلنىڭ چوڭـى چىقىدىكـەن، شـۇڭا مەنمۇ بالىنىڭ رايىغا قويـدۇم. قارىغاندا ئۇيغۇرغـا قۇدا بولسام تويدىن كېيىنمۇ تۇغقان

بولۇپ چىقىشىپ بولالمايدىغان ئوخشايمەن. ئۇيغۇرلار تامامەن ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، مەن بار چاغدا شەھەرلىك تور رومال ئارتقان بىلەن بىزدەك دېھقان خەق يۈزىنى ياپمايتتى، ئەمدى ئاياللار يۈزىنى ياپمىغانغا سالاممۇ قىلمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. تۆركلەر ھازىرمۇ قوشاق قوشمايتتى، ئەمدى ئۆلسەم مېنى قوشاق قوشۇپ يىغلاپ ئۆزىتىپ قويىدىغان ئۇيغۇرلارمۇ قالمىغان ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازىغا ئەگىشىپ ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋاتقان قوللىرىمۇ تىترەيتتى. ئۇنىڭ «بەك ئوڭلاغ يېتىمكەنلا، بىزنىڭ ئوغۇللار بىلەن تونۇشتۇراي، لەغمەن ئېتىپ بېرەي، ئۆيگە پەتە ئوقۇپ كەتسىلە» دېگەن قويۇق قارغىلىق تەلەپپۇزىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم شۇررىدە ئېرىپ كەتتى. ۋەتەندە ئۇيغۇرلار مۇشۇنداق ئىدى، بىردەمدىلا ئىچ سىرلىرىنى تۆكۈشۇپ ئۇرۇق تۇغقان بولۇشۇپ كېتەتتى. ئۆزىگە بىر ئادەمدىن يامانلىق كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمايتتى.

بۇ قورادا مېنى تۇنجى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان، مەن بىلەن تۇنجى قېتىم يۈزى ئوچۇق پاراڭلاشقان بىر ئايال بىلەن، ۋەتەندىن مىڭلاپ كېلومېتىر يىراقلىقتا تەنھا قالغان، قېرىنداشلاردىن ئەسلىمىسىگە كۆمۈلگەن ئۇيغۇرلۇقنى تاپالماي دىلخەستە بولغان بۇ ئاچمىز بىلەن خوشلاشتىم. گۈللۈك ياغلىق ئارتىپ سۆسۈن پەلتۇ كەيگەن بۇ ئايالنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن بۇغداي ئۆڭ چىرايى ماڭا ۋەتەندىكى بۇغدايلىقلاردا ئېتەكلىرىنى بېلىگە قىستۇرۇپ ئەرلىرىگە ياندىشىپ ئورما ئورۇۋاتقان ئاياللارنى ئەسلەتتى. بىچارە ئايال قاپقارا ئورۇنۇپ ئۆيدىن چىقمايدىغان ئاياللارنىڭ ئارىسىدا يېگانە ئىدى. ئۇنىڭغا بۇ يالغۇزلۇقنىڭ ئېرىدىن ئايرىلىپ، ۋەتەندىن جۇدا بولۇپ ياشاشتىنمۇ ئېغىر كېلىۋاتقانلىقى يىغىسىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئېگىمىزدا سۆز ئىستىلاسى

2012 - يىلى قىش كۈنلىرى ئىدى. بىر دوستۇمنى ئېلىپ ئارتوچنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولدۇق. ئاكا-ئۇكا مۇسابايلار ئېكساقا سالغان مەكتەپنى زىيارەت قىلىشتىن بۇرۇن ئارتۇچ شەھرىدە تاماققا توختىدۇق. ئوخشىغان لەغمەننى يەپ ئولتۇرۇپ: «بەرگەنگە رازى بولۇپ كۆزۈمدىن يىت، بولمىسا سەندەك بارىنلىق بۆلگۈنچى، تېرورچىلارنى رازى قىلىدىغان يەر بار» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم. قارىسام، خوجايىن سۇپەت بىرى 18-17 ياشلاردىكى بىر بالىغا قول شىلتىغىلى تۇرۇپتۇ.

نېمە ئىش بولغاننى ئاڭقىرىپ، گەپ قىلاي دەپ بولغىچە، تاماق يەۋاتقان بىر سودىگەر سۇپەت ئادەم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قويۇق ئارتۇچ تەلەپپۇزىدا: «ئىشلەتكەندىكىن ھەققىنى تولۇق بەرمەمسىناۋا؟!» دەپ گۆركىرىدى. ھېلىقى خوجايىن دەرھال سورۇننى خاتا تاللاپ قالغىنىنى پەملىدىمۇ مۇلازىمىنىڭ قولىغا بىر تۇتام پارچە پۇل تۇتقۇزۇپ: «رازى بولدۇڭمۇ؟» دەپ سورىدى. مۇلازىم بالىمۇ خېرىدارلار ئاڭلىغۇدەك قىلىپ: «رازى!» دەپ چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن يىللار ئۆتتى، ئەمما بۇ ۋەقە پەقەت ئېسىمدىن چىقمىدى. ئويلىسام ئويلىسام، ماڭا بىر ئۇيغۇرنىڭ يەنە بىر ئۇيغۇرنى "تېرورچى، بۆلگۈنچى" دېيىشى قوبۇل قىلغۇسىز ئىدى. 2012 - يىلى يازدا "مىسرانىم تورى" دا سۆھبەتتە بولدۇق. رىياسەتچى قىزنىڭ: «ئاكا، يېقىندىن بېرى ئۇيغۇرلاردا بۆلگۈنچىلىك ئېغىرلاپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟» دېگەن سوئالىغا دۇچ كەلدىم. ئوپېراتورنى توختىتىپ، بۇ سوئالنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتتىم ۋە "بۆلگۈنچى" دېگەننى "ئىتتىپاقسىز" غا ئالماشتۇرۇپ، قايتا سوراتقۇزدۇم. ئۇلارغا "ئىتتىپاقسىز، پېتىشماس"

دېگەن سۆزلەرنىڭ بىرگە خاس، "بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچى" دېگەن سۆزلەرنىڭ ياتلارغا ماس ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتىم. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىغا ياتلاردىن كىرگەن "بۆلگۈنچى" دېگەن ئۇقۇمنى قوبۇل قىلىش ۋە سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىش ئۇيغۇرنى ياتلارنىڭ مەيدانىغا ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. ياتلارنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىش ياتلارنىڭ ئەينىكىدە ئۆزىنى كۆرگەن ياكى خەقنىڭ ئۇيغۇرغا قارىغان كۆزىنى خالاپ ئارىيەت ئالغانغا باراۋەر.

2013 -يىللاردىن كېيىن،خىتايچە تاراتقۇلار "ئاكتىپ ئېنېرگىيە" ۋە "پاسسىپ ئېنېرگىيە" دېگەن بىر سۆزنى پەيدا قىلدى. بۇ سۆز خىتاي مەركىزىي تېلېۋىزىيەسىدە بېرىلگەندىن كېيىن، تەرجىمە ئارقىلىق تىلىمىزغا ئومۇملاشتى. ھەتتا بۇ سۆزنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە ئاۋامدا مۇنازىرە بولغان بولدى. ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ، تۇيۇقسىز بۇ سۆز بىزنىڭ ئۆيدە ياڭرىدى. ئايالىم قىزىمغا: «سەن تولا ئادەمگە پاسسىپ ئېنېرگىيە بەرمە!» دەپ تەربىيە بەردى. ئەگەرئايالىمغا: «بۇ سۆزنى خىتايدىن ئۆگىنىۋاپسىز» دېسەم، بەلكىم ئېتىراز بىلدۈرۈپ، قوبۇل قىلمايتتى، ئەمما بۇ ھەققەت ئىدى.

ۋەتەندىن ئايرىلغان ئۇيغۇر نەگە كەتسۇن، قەيەردە ياشىسۇن، خىتايدىن ئۆزلەشكەن، تىلىمىزنى ئىستىلا قىلغانسۆزلەر بىلەن بارىدۇ. خىتايدا بىر سۆز خاتا كەتسە، كاللا كېتىدۇ. شۇڭا خىتايچىدا: «بىر سۆز بىلەن ئەل تۈزۈلىدۇ، بىر سۆز بىلەن ئەل خاراب بولىدۇ» دېگەن ئەقلىيە بار. خىتاي تىل ئىشلىتىلىدىغان بارلىق ساھەلەرگە چاڭگال سالغاندىن باشقا،كىشىلەرنىڭ قانداق سۆز ئىشلىتىشىنىمۇ بەلگىلەپ بېرىدۇ. ھەر يىلى خىتاي مەركىزىي تېلېۋىزىيەسى چەكلەنگەن سۆزلەرنى ئېلان قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن،خىتاينىڭ زۇلۇمىدا سۆزگە دىققەت قىلىپ كۆنگەن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار بىر سۆز ئۈچۈن يىللاپ مۇنازىرە قىلىشنى راۋا كۆرمەكتە. مەسىلەن، 2018 - يىلى سېنتەبىردە، ئاق سارايىنىڭ تور بېتىگە ئېلان قىلىنغان ئىككى مۇراجىئەتنامىنى خېلى ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇرلار «ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى توختام، ھۆججەت» دەپ ئاتىدى. «بۇ ئىشنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يول قويغان، قوللىغان بىر ھەرىكەت» دەپ تونۇدى. نەتىجىدە، «شەرقىي تۈركىستان» دېيىلمىسە، مۇستەقىللىقىمىز بېرىلمەي قالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ، «شەرقىي تۈركىستان»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەپ يېزىلغان مۇراجىئەتنى داۋراڭ قىلدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۆزى غەربتە ياشاۋاتقان بىلەن تەپەككۇرى خىتايدا ئىستىلا قىلىنىپ بولغان كىشىلەر بۇنىڭ بىر خۇسۇسىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى، ئاق سارايىنىڭ تور بېتىگە ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ مۇراجىئەت چىقىرالايدىغانلىقىنى بىلمەستىن، ئاق سارايىنىڭ تور بېتىنى خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ تور بېتىگە، بۇ تور بەتكە قويۇلغان مۇراجىئەتنى خۇددى خىتاينىڭ قىزىل باشلىق ھۆججىتىگە ئوخشىتىپ قالدى. شۇ ھۆججەتتىكى بىر سۆز سەۋەبلىك ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىغاندەك جىددىيلىشىپ كەتتى. بۇ، ئىستىلا قىلىنىپ بولغان تەپەككۇر مەھسۇلى بولۇپ،تىل تەپەككۇرنىڭ پوستى بولغانلىقى ئۈچۈن، سۆزلەرنىڭ ئىستىلا قىلىنىشى تەپەككۇرنى ئىستىلاغا سۆرەيدۇ. چۈنكى سۆزگە سىڭمىگەن ئوي - تەپەككۇر يا پارتىلىشى ياكى ماسلىشىشى كېرەك.

ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرنى "بۆلگۈنچى" دېيىشى، بۇ سۆزنىڭ سەلبىي سۆزگە ئايلىنىشى ۋە بارا - بارا ئۇيغۇر تىلىدىكى "تەپرىقچىلىك، ئىناقسىزلىق" دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ قېلىشى، تەپەككۇرنىڭ سۆز ئارقىلىق ئىستىلا قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇرۇنقى "ئۈستۈرۈش ۋەچۆكتۈرۈش، قوللاش ۋە پۈتلاش، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۈمىدسىزلەندۈرۈش" دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا "ئاكتىپ ئېنىرگىيە" ۋە "پاسسىپ ئېنىرگىيە" بىرىش دېگەن سۆزلەرنى قوللىنىشقا باشلىشى سۆز ئىستىلاسىنىڭ ئۈنسىز داۋام قىلىشىدىن بېشارەت بېرىدۇ. مۇھاجىرەتتە بىر سۆز ئۈچۈن ئايلاپ مۇنازىرە قىلىشلار خىتاي يۇرگۈزگەن تىل ئىستىلاسىنىڭ ئېكىمىزدا قانچىلىك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئاسارەتلىرىنىڭ خېلى مەزگىلگىچە داۋام قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## ئىستانبۇل موللا قىلدۇ

قۇرداشلىرىمغا، زامانداشلىرىمغا ئاتاپ يازغان ئىككى كىتابىمنى قولۇمغا ئېلىپلا پۇشمان قىلدىم. مۇندەرىجىدىكى بەتلەر بىلەن يازمىلارنىڭ بېتى ئاستىن ئۈستۈن ئىدى. كىتاپ دېيىلگەن مۇددەتتىن بىر ھەپتە كېچىكىپ قولۇمغا تەگكەن ئىدى. ئەسلىدە كىتاپ چىقىشتىن بۇرۇن ماڭا بىر سىناق نۇسخا بېسىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىمۇ قىلماي بەتلىرى بەربات 2000 كىتاپنى چۇشۇرۇپ بېرىپ كېتىپ قالدى. كىتاپنى تۈزىتىپ بېسىشقا ھېچ بىر رايى يوق، ماڭا مۇندەرىجنى قايتا بېسىپ بېرىدىغان بولدى. مەن ھەر بىر كىتاپقا بىردىن قىستۇرۇپ قويسام ھېچ ئىش بولماسمىش. ئەرىز قىلامسەن؟ قۇرۇق گەپ! تۈركىيەدە «ئىشىڭ بولمىسا ئەرىز قىل» دېگەن گەپ ئومۇملاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى «دىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتىمىز» دېگەن نەشرىياتنىڭ قىلىۋاتقان قانۇنسىزلىقىنى ئاتالمىش دىنچى پارتىيە باشقۇرىۋاتقان ھۆكۈمەتكە ئەرىز قىلىپ نەگە باراي؟

ئەسلى كىتاپ ساق چىققان بولسا ئالدىن بېرىلگەن خىراجەتنىڭ قالغان يېرىمى بېرىلەتتى. قىزىق يېرى يېقىن بىر دوستۇم قالغان يېرىم پۇلنى نەشرىياتقا ماڭا ۋاكالىتەن، مەندىن سورىمايلا كىتاپ قولۇمغا تېگىشتىن بۇرۇن بېرىپ بولغان ئىكەن. دېمەك، ئەمدى پۇلنى بەرمەي ئامال يوق. ھازىرقى مەسىلە تۈرك نەشرىياتچى ۋە ئۇيغۇر خېرىدار ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە ئەمەس، ئۇيغۇر دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى. ئارىدا دوستۇمنى خىجىل بولمىسۇن دەپ غۇدۇراپ تۇرساممۇ پۇلنى ئۇنىڭ ھېسابىغا سالدىم،

بۇ نەشرىياتنىڭ ساۋاپلىق كىتاپلارنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى دوستلاردىن ئاڭلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سۆيۈنگەن ئىدىم. شۇڭا تونجى قېتىملىق مۇئامىلىدە مەسىلە چىققان بولسىمۇ كۆز يۇمغان ئىكەنمەن. مەن «ئېلىپبە» نى ئۇلار بىلەن باج قوشۇلغاندىن كېيىنكى باھادا دېيىشكەن، ئەمما كىتاپقا پۇل تۆلەيدىغان چاغدا 1800 لىرانى ئارتۇق تەلەپ قىلدى. سەۋەبى ئۇلار ماڭا بەرگەن باھادا باجنى قوشماي دېگەنمىش، ئەگەر تالون تەلەپ قىلمىسام ھېلىقى ئارتۇق قىسمىنى بەرمىسەممۇ بولارمىش. بۇ كىشىنى باج ئوغۇرلاشقا دەۋەت قىلىشنىڭ ئۆزى ئىدى. توختىماي دىنى كىتاپلارنى نەشر قىلىدىغان نەشرىياتتىن چىققان بۇ گەپكە ئىشەنەلمىدىم. تۈركىيەدىكى بىز ھەۋەس قىلىپ كېتىدىغان، بايراق سەۋداسى بىلەن جەۋلان قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە تىلدىكى شېرىنلىكتە كامالەتكە يېتىدىغان دىندارلىقنىڭ ئەمەلىيىتى مانا كۆز ئالدىمدا ئىسپاتلانغان ئىدى. تۈركىيەدىكى سەممىيەت قەھەتچىلىكى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. دېمەك، جامائەت ۋە ئاخباراتنىڭ نازارىتى بولمىسا، قانۇننىڭ دەخلىسىز ئىجراسى بولمىسا، جازانىڭ مۇرەسسەسىز كۈچى بولمىسا ساختىكارلىقنى دىنى كىتاپ يېزىپ، چىقىرىپ توسۇپ قالغىلى بولمايدىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئىستانبۇلغا كېلىپ ئۆلىما، ئالىملارنىڭ كىتابىنى چىقىرىدىغان نەشرىياتلار بىلەن مۇئامىلە قىلىپ موللا بولدۇم. موللا بولۇشتىن بۇرۇنقى ئەقدەم بويىچە چۈشەنسەم، ئىشىنىڭ بېشى ساختىلىق بىلەن باشلانغاچقا باج تۆلىمەي چىقارغان كىتابىمنىڭ ئىككىنچى بېتى ئەلۋەتتە سەت «ھېجىيىپ» چىقىپ قالاتتى. گەرچە بۇ كىتاپنىڭ سۈپىتىگە تەسىر كۆرسەتمىسىمۇ، مېنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە بولغان سەممىيىتىمگە تەسىر قىلاتتى. «ئېلىپبە» دە پەشۋا يەپمۇ بولدى قىلماي يەنە باجدىن قاچقان ساختىلىققا شېرىك بولغاچقا، بىر ئەمەس ئىككى كىتاپتىن چاتاق چىقتى. خۇددى ئاللاھ نەجىم سۈرىسىدە ئېيتقاندەك ھەممىز قىلغان ئىشىمىزنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەتتۇق. قىلغان ئىشتا ساختىلىق بارلىقنى بىلىپ تۇرۇپ شۇ ساختىلىق بويىچە داۋام قىلغانىكەنمەن سەممىي، ساغلام نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمەن ئەلۋەتتە.

كىتاپ چىقىرىپ ئىلمىلىكلەرنىڭ ئالدىدا موللا بولۇشنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان ئىكەنمەن. ئىستانبۇلغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۆي ئىجارە ئېلىش جەريانىدا ئىلمىسىز كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرمۇش بىلىملىرىنىڭ خەزىنىسىگە ئۇچراپ موللا بولدۇم. مەھەللىدىن ئالغان، بۇيرۇتقان جاھازلار ۋاقتىدا كەلمىدى، «مەن توكچى» دەپ،

ئۆيگە كىرگىنى بۇلاڭچى چىقىپ قالدى، بىر يىللىق كاپالەتكە ئالغان ئەشيالارنى ساتقانلارنى بىر ئايدىن كېيىن تاپقىلى بولمىدى. بامداتتىن كېيىنگە توغرىلاپ كىرگەن ئوغرىدىن قورقۇپ كېتىپ ئوغرىلار سەۋەپلىك قۇلۇپلار ئالماشتۇرۇلدى. ياردەم توپلاش ئورگىنى سىياقىدا پەيدا بولغانلار ئالدامچى چىقتى.

بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى مەھەللەمدىكى ساتىراچقا، باققالغا، تىكىمچىگە سۆزلەپ بېرىپ سىناپ باقتىم. مەقسىدىم ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىشلارغا قانداق تۇتۇملاردا بولىدىغانلىقى، پوزىتسىيەسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىدى. «ئەقىللىق بولۇشۇڭ كېرەك، بىر نەرسە ئالغاندا مەھەللىدىن ئەمەس، چوڭ تىجارەت مەركەزلىرىدىن ئالسەن، ئۆزىنى مەمۇر، ساقچى كۆرسەتكەنلەردىن پەخەس بولۇشۇڭ كېرەك، قۇلۇپنى قۇلۇپچىغا سالدۇرمايسەن، يەنە بىر ئاچقۇچنى ئېلىپ قالدۇ، ياردەم تەلەپ قىلغانلار ئالدامچى پەخەس بولۇشۇڭ كېرەك...» بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى. گەرچە بۇ ئىستانبۇللۇقلار قەشقەر دېگەن گەپنى چۈشەنمىسىمۇ قەشقەردە ياشىغاندەكلا ياشايتتى. ئەسلى بىز باج تۆلەپ ياشاۋاتقاندىكىن بىخەتەرلىكىمىزگە بىز ئەمەس ساقچى ئىگە بولۇشى كېرەك. ئالدامچىدىن ئاخبارات ئارقىلىق مەلۇماتلىق بولۇشىمىز، ساقچىلار ئارقىلىق ساقلىنىشىمىز كېرەك ئىدى. ياردەمنى ھەممە ئادەم ئەمەس، ھەممە ئادەمگە ئاشكارە مەخسۇس خادىملار توپلىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، كىشىلەر تۆلەۋاتقان باجنىڭ ھېسابىنى باجنى يەپ ياتقان ساقچى، مەمۇر، ئەمەلداردىن سورىمايتتى. ئۇلار مەمۇرلارنى ئۆزلىرى تۆلىگەن باجنىڭ ھېسابىغا خىزمەت قىلىدىغان مۇلازىم ئەمەس، ئۆزلىرىنى باشقۇرىدىغان، مەرھەمەت قىلىدىغان، بېشىنى سىلايدىغان ئاقساقال، تۆرە ياكى باشقۇرغۇچى ئورنىدا كۆرەتتى. بەلكىم ئۇلار ئايالىم بۇلاڭچىلىقتىن دىلو مەلۇم قىلىپ ئامالسىز، ئىستىمالچىلارنى قوغداش ئورنىغا تېلېفون قىلىپ جاۋاپسىز قايتىپ چىققاندەك ئەھۋالغا تولا ئۇچراپ موللا بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك.

ئىستانبۇل موللا، ئەۋلىيا شەھرى، بۇ يەردە موللا بولۇشقا پۇرسەت تەييار. ھەر مەھەللىدە قۇرئان كۇرۇسلىرى، قۇرئان ھالقىلىرى، سۆھبەت سورۇنلىرى كۆپ. ئۆيۈمدىن 50 مېتىر نېرىدا بىر ئۆلىمانىڭ نامىغا ئاتالغان تەلىم تەربىيە مەركىزى بار. ئۇ مەھەللىدە مەن ياخشى كۆرىدىغان يەر، جىمجىت ھويلا، يېشىل سەينا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېنىڭ يەسلى ئېچىش ئىشتىياقىمنى غىدىقلاپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى شۇ يەردىكى ئۇستاز بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم. گەپلەر تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرگە كېتىپ قالدى. دەرتلىرىم تۆكۈلگەندىن كېيىن ئۇستازنىڭ ئاغزىدىن ھەقىقەت ۋە ھاقايىقلار سىرغىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بىز ئەرەپ ۋاھابىلىرىغا، سەلەپىلەرگە ئەگىشىپ، ئاللاھنىڭ دوستلىرى، ئەۋلىيالار، ۋەلىلەر ۋە پىر ئۇستازلارنى تەرك ئەتكىنىمىز ئۈچۈن بۇ كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقان ئىكەنمىز. تۈركىيەدە بىزنى بىزدىنمۇ بەك چۈشىنىدىغان بۇنداق دانىشمەنلىكنى پروفېسسورلار، سىياسىيونلاردىن كۆپ كۆرگىنىم ئۈچۈن بۇ پىشۋانىڭ تەلىم تەنبىھلىرىگىمۇ قول باغلاپ قۇلاق موللىسى بولدۇم. بۇرۇن چالا موللا، قۇراق موللا ئىدىم. ئىستانبۇلدا قۇلاق موللا بولدۇم.

ئىستانبۇل 20 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى سىغدۇرغاچقا بىزگە مېھرى ئىسسىق تۇيۇلىدىغان شەھەر. بۇ يەردە ھوزۇرلۇقى ئۇيغۇرچە ئاۋازلار ۋە بەش قېتىملىق مۇڭلۇق ئەزان . بۇ يەر ھايالىقلارنىڭ خاسىيىتى، ياخشىلارنىڭ ئەجرى ۋە چۈمۈلىدەك تىرىمىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ مېھنىتى بىلەن ئاۋات بولىدۇ. شۇغىنىسى تۇرمۇش تاشتىن قاتتىق، مىليونلىغان كىشى تاشتەك تۇرمۇشقا دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆزىنى ئۇرۇپ كوچىلاردا ئاقىدۇ، مەيدانلارنى، بازارلارنى تولدۇرۇپ يۈرۈشىدۇ. ئىستانبۇل خۇددى كوچىلىرىدىكى ئىت مۇشۇكلەرنى ۋە ئاسماندىكى كەپتەر، پاختەكلەرنى ئاچ قويمىغاندەك ھېچ كىمنى ئاچ قويمايدۇ، ئەمما ئاچ توق قويىدۇ، ئاشۇنىغۇزمايدۇ، تويۇندۇرمايدۇ. ھاۋامۇ، ھالاۋەتمۇ، ھاياجانمۇ ھەممە ئىش ۋاقتلىق، ھەممە ئىش ئېنىقسىز، ھېچ كىمنىڭ يا ھاياتقا، ھاۋاغا، قولىدىكى پۇلغا، يا مېڭىۋاتقان يولىغا ئىشەنچى يوق. بۇنداق موھىت سېنى موڭلۇق قىلىدۇ، مۇشۇكتەك يىگەنگە قانائەتچان مۇلايىم قىلىدۇ. ئىستانبۇل مۇلدۇرلىتىپ موللا قىلالىسا ئەلھەمدۇلىللاھ، ئەمما قويۇپ، قورقۇتۇپ موللا مۇشۇك قىلىپ قويسا بولمايدۇ. بىز موللا مۇشۇك بولۇپ، پەرزەنتلىرىمىز ئىستانبۇلنىڭ ساخاۋەتلىك كوچىلىرىدا خەيرخاھلىققا كۆنگەن ئويۇنچۇق ئاسلان بولۇپ قالسا، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بەدەللەر بىلەن سۈرۈۋاتقان بۇ مۇساپىرلىقنىڭ تەمى قالمايدۇ .

## ئىككى يۈزلىمىچىلىك ۋە ئاپتونومىيە

نۇربەكرىنىڭ تۇتۇلغانلىقى بۈگۈن ئېلان قىلىندى. سەۋەبى «قانۇن ۋە ئىنتىزامغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغان» دېيىلىپتۇ ۋە بۇ خەۋەر يوشۇرۇلمايلا پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا تارقىتىلىپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ ئۇيغۇرلاردىن تۇتۇلغان تۇنجى كىشى ئەمەس، ئەمما ئۇيغۇرلار 1955 -يىلى ئاپتونومىيەگە ئېرىشكەندىن كېيىن تۇتۇلغان تۇنجى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار. بۇنداق ۋەقە كومۇنىستىك خىتاي تارىخىدا يۈز بەرگەن ئەمەس. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك ئۇيغۇرلار مىللەت سۈپىتىدە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا دۇچ كېلىۋاتقان شارائىتتا نۇر بەكرىنىڭ تۇتۇلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى ئەمەل تۇتقان سەرخىل بىر قاتلامنىڭ يىمىرىلىشىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. بۇ ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى ھاڭغا ئىتتىرگەنگە باراۋەر.

ئۇيغۇرلاردىن مۇستەقىللىق تەرەپتارلىرىنىڭ ئاشكارىلانغانلىرى چەتئەلدە. ۋەتەندە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر سەرخىللار ئىچىدە ئىلھام توختى ۋەكىللىكىدىكى ئۆز ئالدىغا مەۋجۇتلۇق، يەنى ئاپتونومىيە تەرەپتارلىرى، خىتايغا ماسلىشىپ بېقىندى مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش تەرەپتارلىرى مەۋجۇت ئىدى. نۇر بەكرىنىڭ تۇتۇلىشى بېقىندى مەۋجۇتلۇق تەرەپتارلىرىنىڭمۇ كەسكىن، ئومۇمىيۈزلۈك سۈپۈرۈپ تاشلىنىدىغانلىقىنى بىشارەتلىمەكتە.

نۇر بەكرىنىڭ تۇتۇلىشى، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى كۆۋرۈكنىڭ تولۇق چۇۋۇلغانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر. ئۇيغۇر زىيالىلىرى ۋە ئەمەلدارلاردىن ساتتار ساۋۇت، ئابدۇرازاق سايىم، ئالىمجان مەمتىمىن، تاشپولات تېيىپ، خالمۇرات غوپۇر، ئازات سۇلتان، گۈلنار ئوبۇللار تۇتۇلغانلىقى ئۇيغۇر خەلقىگە خىتاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرنى ئۆزى يېتىشتۈرگەن ۋەكىلى ئارقىلىق باشقۇرۇشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇ بۈگۈنكى ئۈمىتسىزلىك ۋە ئەتىكى كەسكىن قارشىلىقنىڭ ئۇرۇقى.

خىتاي ئۇيغۇر سەرخىللارغا «ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان بولۇش، پارتىيە ۋە خىتاينى سۆيىدىغان بولۇش» تەلىپىنى قويۇش ئارقىلىق ئۆزىگە سادىق بىر تۈكۈم ئۇيغۇرنى ئۆستۈرگەن. يۇقاردا تۇتۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز كەسپىدە يېتىشكەن تەسىردار زىيالىلار ۋە خىتاينىڭ تۈزۈمىدە نازىر ۋە مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بولۇپ خىتاينىڭ نەزىرىدە «مۇنەۋۋەر ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى» سانىلاتتى.

نۇر بەكرى ۋەكىللىك قىلىدىغان قاتلامنىڭ تۇتقۇن قىلىنىش سەۋەبىنىڭ سىياسىيغا باغلىنىشى خىتاي ئەقىل ئامبىرىنىڭ دانىشمەنلىرىدىن ۋىكتور گاۋنىڭ «قامالغانلار ئۈچ خىل كۈچلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى» دېگەن سۆزىگە تامامەن زىت. ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى دىنغا يېقىن كېلىدىغان كىشىلەر ئەمەس، كۆپىنچىسى كىچىكىدىن خىتايچە ئوقۇغانلار، ھەتتا ئارىسىدا ئۇيغۇرچە ئوقۇپ چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرمۇ بار. ئۇلار مىللەتچى ئەمەس، ئەكسىنچە خىتايپەرۋەر ئىدى، قوش تىللىق مائارىپ سىياسىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرى ئىدى. بولۇپمۇ ئازات سۇلتاننىڭ «خىتايچىنى ئۆگەنمەسلىك ئۇيغۇرنى سۆيمەسلىكتۇر» دېگەن شوئارى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بوران چىقارغانلىقى بىلەن مەشھۇر.

ئىلھام توختى نۇربەكرى تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنى ئەڭ كەسكىن، ئەڭ ئاشكارە ۋە ئەڭ قاتتىق ئىبارىلەر تەنقىت قىلغان ئۇيغۇر زىيالىسى. 2009 -يىلى مارتتا ئىلھام توختى فرانسىيەگە قىلغان زىيارىتىدە نۇر بەكرىنى تەنقىت قىلغان. ئۇ نۇر بەكرىنى ئىقتىدارسىز دەپ قاراپ ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. 2009 -يىلدىكى «5 - ئىيۇل پاجىئەسى» دە نۇر بەكرى ئىلھام توختى باشقۇرغان «ئۇيغۇر بىز» تورىنى قۇتراتقۇلۇق بىلەن ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئەيىپلىگەن.

نۇر بەكرى 2000 - يىللاردا ئۇيغۇرلاردىكى قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئاۋانگارتى بولغان. ئۇنىڭ «تىل مىللەتنىڭ بەلگىسى، ئەمما بىردىنبىر بەلگىسى ئەمەس،

تۇڭگانلارمۇ بىر مىللەت، جەنۇپتىكى مىللەتلەرنىڭمۇ تىلى يوق، ئەمما ئايرىم مىللەت، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئۇيغۇرنىڭ بارلىقى ئەمەس» دېگەن ئىددىيەسى ئوخشىمىغان شارائىتتا، ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە يەتكۈزۈلگەن. شۇ چاغلاردا بۇ قاراش يىغىنلار ۋە تەتقىقاتلاردا مۇھەببەت قاسىم، خالىق نىياز، دىلمۇرات ئۆمەر قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ زەربىدارلىق بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن.

ئىلھام توختى ۋەكىللىكىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قوش تىللىق مائارىپقا تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتقان. ئۇلار نۇتۇقلار، ماقالىلەر ئارقىلىق بۇ سىياسەتنىڭ قانۇنىي ئاساسى، ئىلمىي ئاساسى ۋە ئىجرا قىلىنىشتىكى مەسىلىلەر ھەققىدە كۆز قاراشلارنى بايان قىلىشقان. 2005 -يىلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە توردا تەلەپنامە سۇنۇش پائالىيىتى كۆتۈرۈلگەن. ئەپسۇس، بۇ پائالىيەت يېتەكچىلەرنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن باستۇرۇلغان. بۇ چاغدا ئازات سۇلتان ۋەكىللىكىدىكى زىيالىيلار تىل سىياسىتىنىڭ ئىجراچىلىرىغا ئايلىنىپ بولغان بولۇپ بىگۇناھ زىيالىيلارنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشىگە ۋە قوش تىللىق مائارىپنىڭ يەككە تىللىق مائارىپقا قاراپ ئۆزگىرىشلىرىگە سۈكۈت قىلغان.

نۇر بەكرىنىڭ قولىدا، ھېچ بولمىغاندا سۈكۈت قىلىشىدا ئىلھام توختىنىڭ قاماققا ئېلىنىشى ئۇيغۇرلاردىكى خىتاي قانۇنى بويىچە ئۇيغۇرلۇق كىملىكىنى- مىللىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش تەرەپدارلىرىنىڭ زەربىگە ئۇچرىشىدىن ۋە پۈتۈنلەي تۈنجۇقتۇرۇلۇشىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىللەت سۈپىتىدە ئاپتونومىيەلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشىنىڭ ئىمكانسىزلاشقانلىقىنىڭ ئىسپاتلايتتى. شۇنداقلا بۇ خىتايدا قانۇنلار بويىچە ئۇيغۇرلۇق ھوقۇقىنى قوغداشمۇ سىياسىيلاشتۇرۇلۇپ بۆلگۈنچىلىك سانالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. خىتاي ئىلھام توختىنى تۇتقان شۇ خاتالىقىنىڭ بەدىلىنى مەلۇم مەنىدە 2013، 2014 -يىللاردىكى ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگەن پارتلاشلار بىلەن ئۆتىدى.

نۇر بەكرىگە ياندىشقان ئازات سۇلتانغا ئوخشاش زىيالىيلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى، خىتاي سىياسىتىگە بوي سۇنۇپ ئۇيغۇرلارغا بىر كىشىلىك ياشاش ھوقۇقى، پۇقرالىق ھوقۇقىغا بېرىلگەنگە شۈكۈر قىلىپ، باراۋەرسىز مۇئامىلىگە تەن

بىرىپ مىللەتنىڭ توقۇنۇشسىز ئاسمىلاتسىيە بولۇشىغا تۆھپە قوشۇۋاتقان، سۈكۈت قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭمۇ يوقىتىش نىشانىغا ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

نۇر بەكرىنىڭ قولغا ئېلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت كىملىكى-مىللىي كىملىكى بولغان ئۇيغۇرلۇقىنىڭلا ئەمەس، ئەمەس خىتاي يۇقىراسى ھېسابىدىكى شەخسىي كىملىكى بولغان يۇقىرالىقىنىڭمۇ خىتاي ئۈچۈن تەھدىت بولۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى تەكىتلەيدىغان بىر ئۇيغۇردىنلا ئەمەس، نېمە قىلسا سۈكۈتتە ياشايدىغان ئۇيغۇرچە ئىسىملىك بىر ئىنساندىنمۇ خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

خىتاي ئۇيغۇرلارغا ئاپتونومىيە بەرگەن، توغرىسى بېرىشكە مەجبۇر بولغاندىن كېيىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە ئۇيغۇر سەرخىللارنى كۆۋرۈك، ۋاستە، كېلىشتۈرگۈچى قىلىشنى تاللىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلغان، مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ خىتاينىڭ ئۇيغۇر سەرخىللارنى ئىشلىتىشتىكى سەۋەپلەردىن بىرى. بۈگۈن تۇتقۇن قىلىشلارغا سەۋەپ بولۇۋاتقان ئىككى يۈزلىمىچىلىك ئەسلى خىتاينىڭ كۈتكەنلىرى ئىدى.

ئاتالمىش ئاپتونومىيە قانۇنى بويىچە خىتاي نۇر بەكرىگە ئوخشاش «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى» نى ئىشلىتىش جەريانىدا دائىم ئۇيغۇرلارغا ئىككى يۈزلۈك مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. بىردە قاتتىق باستۇرسا، بىردە ئازراق ئاۋامچىلىق بىرىپ رەھىمسىز ۋە رەھىمدىل يۈزلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كۆرسەتكەن. ھەر ئىككى ئەھۋالدا ئۇيغۇر سەرخىللىرىدىن ماسلىشىدىغان ۋە رەت قىلىدىغانلار چىقىپ تۇرغان. شۇڭا نۇر بەكرىگە ئوخشاشلارنى ئەمەلىيەتتە خىتاي ئىككى يۈزلىمىچى قىلىپ يېتىشتۈرگەن.

نۇر بەكرى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۇيغۇر سەرخىللارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى خىتاينىڭ ھاكىمىيەت بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ھەر قانداق بىر ۋاستىگە، كۆۋرۈككە ئېھتىياجىنىڭ چۈشمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھازىرقى يۈزلىنىشكە قاراپ ۋەتەندە ئاپتونومىيەنى ئەمەلدىن قالدۇ، ئۇيغۇر كادىرلار پۈتۈنلەي ئەمەلسىز قالدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى يېقىندىن بۇرۇنمۇ تولۇق ئەمەلگە ئاشمىغان ئاتالمىش ئاپتونومىيە ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى

ئىدارە قىلىۋاتقان خىتايلار سەرخىللىرىنىڭ، بىگتۇئەندىكى مىلىتارىست كۆچلەرنىڭ ئاپتونومىيىسىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

2018 -يىلى 22 -سېنتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى ئىلھام توختى نەدە

ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن تۇتقۇن بولغاندىن كېيىن، مۇھاجىرەتتە باياناتلار ئېلان قىلىندى، خەۋەرلەر ئىشلەندى، ئۇيغۇرلار قولىدىن كەلگەن تىرىشچانلىقلارنى قىلىپ باقتى. ئەمما ھېچ بىر خەلقئارالىق مەتبۇئاتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتمىدى. مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر خەلقئارالىق تاراتقۇدا بۇ ھەقتە بىر مۇلاھىزە ئېلان قىلىنمىدى. ئابدۇرەھىم ھېيىت تۇتۇلغاندا، تۈركىيە مەتبۇئاتىنىڭ جىمىپ كېتىشىگە ھەيران قالغان بولساق، ئابدۇقادىر جالالىدىن تۇتقۇن بولغاندا دۇنيانىڭ سۈكۈت قىلىشىغا شاھىت بولدۇق. نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن بىزگە سۆيۈملۈك بولغان بۇ كىشىلەرگە دۇنيا ساداسىز قالدۇ؟

بۇ سۈكۈتنىڭ باشتىكى سەۋەبى بۇ ناھەقچىلىككە، ئازابقا بىۋاسىتە مۇپتىلا بولغان كىشىلەرنىڭ سۈكۈتى ۋە ئۇلارنىڭ باشقىلارنىمۇ سۈكۈتكە ئۈندىشى بولۇشى مۇمكىن. 2017 - يىلى ئاپرېل ئايلىرىدا، بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى گەرى شىخ ماڭا ئوبزورچى ھەققىدە تېلېفون قىلىپتۇ (قاماقتىكى ئوبزورچى يالقۇن روزىنىڭ ئائىلىسى ئىسمىنى ئاتاشقا پەۋقۇلئاددە قارشى بولغاچقا، مۇشۇنداق ئاتاشقا مەجبۇر بولدۇم). ئۇ تېلېفوندا: «سەنچە ئوبزورچىنى ئىككىنچى ئىلھام توختى شەكلىدە يېزىپ چىقسام، شۇ ئاساستا ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ئەھۋالىنى جامائەتچىلىككە ئاشكارە قىلسام قانداق؟» دەپ سورىدى. مەن بۇرۇن مەزكۇر ئوبزورچىنىڭ ئىسمىنى بىر يازمىدا تىلغا ئالغىنىم ئۈچۈن بىر مۇنچە ھەرەج تارتقان بولغاچقا، نېمە دېيىشىمنى بىلمەي: «سۈرۈشتە قىلىپ باقاي» دېدىم. سۈرۈشتە قىلدىم، ئەمما ئائىلىسىدىن رۇخسەت ئالالمىدىم.

ئۇيغۇر مەسىلىسىنى زىيالىيلار ئارقىلىق يورۇتۇش، خەلقئارا تاراتقۇدا ئېلان قىلىش ئۈچۈن قاماقتا ئېلىنغان زىيالىيلارنى تىزىمغا ئالدۇق. دوستلارنىڭ ياردىمى

بىلەن توپىلاپ رەتلەنگەن يازغۇچى، شائىر ۋە تور باشقۇرغۇچى بولۇپ، 20 ئەتراپىدا كىشى بولىدى. بۇلارنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئائىلىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش كېرەك ئىدى. سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق ھېچ بىر كىشىدىن رۇخسەت بولمىدى. نەتىجىدە، گەرى شىخنىڭ سوئالىمۇ جاۋابسىز قالدى. ئۇ چاغدا تۇتۇلغان كىشىلەردىن شۇ ئوبزورچى بار ئىدى. ھازىر بۇلارنىڭ سانى بارغانچە كۆپىيىپ باردى. ھەتتا بۇ سان بىز ئاڭلىغاندىنمۇ كۆپ، ئەمما بۇ بىر ئاشكارە مەخپىيەتلىك، بۇ مەخپىيەتنى ساقلاشقا تۇتقۇنلارنىڭ تۇغقانلىرى ئەڭ قاتتىق تەشەببۇسكار.

مۇخبىرلاردىن ئېگىلىشىمىزچە، تۇتقۇن زىيالىيلارنىڭ تاراتقۇلاردا دىققەت تارتماسلىقى ئۇلارنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى قىلغان ئاشكارە سۆزى، ھەرىكىتى ياكى ئۇلاردا قارشىلىققا دائىر بىرەر وشەن بىشارەتنىڭ بولمىغنى ئىكەن. ئۇستاز ئابدۇقادىر جالالىدىن تۇتۇلغاندىن كېيىن، تاراتقۇلاردىن ئالغان ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، خىتاي ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۇستازنى ئاشكارە تۇتۇپ، ئەيىبلەپ، ئۇيغۇرلارغا ئىبرەت قىلىپ تەشۋىق قىلمىغان ئەھۋالدا بۇ ھەقتە خەۋەر يېزىشنىڭ قىممىتى تۆۋەن ئىكەن. تاراتقۇلارنىڭ نەزىرىدە ياكى شۇ تۇتقۇن بولغان كىشىنىڭ زۇلۇمغا قارشى سۆز - ھەرىكەتلىرى بولۇشى ياكى خىتاي ھۆكۈمىتى شۇنداق سۆزلەرنى قىلغان دەپ جاكارلىشى، بۇ تۇتقۇن قىلىش ئۇيغۇردا بىر ئىجتىمائىي ھادىسىگە سەۋەب بولغان ياكى تۇتقۇن شۇنداق بىر ۋەقەنىڭ سەۋەبچىسى بولۇشى كېرەك ئىكەن.

تاراتقۇلارغا دىققەت قىلسام، مۇخبىرلار بىلەن پاراڭلاششام، ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدە تۇرۇپ ۋەتەندە قاماققا ئېلىنغانلار ھەققىدە سۆزلەشلىرى چوڭ خەۋەر ئەمەس ئىكەن. چەتئەلدىكى نەچچە مىڭ كىشىلىك نامايىشلارمۇ ۋەتەندە تۇت ئادەمنىڭ يىغىسىدەك دىققەت تارتىپ كەتمەيدىكەن. ۋەتەندە قاماققا ئېلىنغان بىر ئۇيغۇر خەۋەر پەيدا قىلغان بىلەن ئۇنىڭ چەتئەلدە قىلىنغان داۋاسى خەۋەر ئەمەس ئىكەن. ھەتتا ۋەتەندىن ئايرىلغان ۋاقتىمىز ئۇزارغانچە، بىزنىڭ ئاخبارات قىممىتىمىزمۇ تۆۋەنلەپ بارىدىكەن.

بىز "ۋەتەندە زۇلۇم بار" دېگەن بىلەن مۇخبىرلار بىزنىڭ گېپىمىزنى ئەمەس، شۇ زۇلۇمنى كۆرۈپ قېچىپ چىققان، شاھىت بولغان ياكى باشتىن كەچۈرگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنىڭ ياكى شۇلارنىڭ بىۋاستە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ گېپىنى يېزىشقا قىزىقىدىكەن. ۋەتەنىدە قىرقىراپ يىغلاۋاتقان بىر بوۋاقنىڭ ئاۋازى ئۇيغۇرغا بولۇۋاتقان زۇلۇمنى بىزنىڭ نەچچە مىڭ كىشى يىغلىپ ۋارقىرىغىنىمىزدىن كۈچلۈك ئىسپاتلايدىكەن.

ئۇيغۇردا ئىككىنچى ئىلھام توختى بارمۇ؟ مەنچە بار، بولۇشى كېرەك. ئەمما چەتئەلدە ئەمەس، تۇتۇلۇپ بولغانلار قاتارىدا ئەمەس، تۇتۇلمىغانلارنىڭ، تۇتۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا. ئىككىنچى ئىلھام توختى قاماقتا قىينىلىۋاتقانلار قاتارىدا ئەمەس، شۇ قىيناقلارغا سۈكۈت قىلىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە. ئىلھام توختىنى دۇنيانىڭ دىققىتىگە نائىل قىلغىنى نەق مەيداندا، زالىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ھەقنى سۆزلىگەنلىكىدۇر. ئىككىنچى ئىلھام توختىلار زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان مەزلۇم خەلقنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە، زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئۇيغۇر سۈپىتىدە، ھەقنى سۆزلىگەن، ياقىلىغان ۋە قوغدىغان بىر ئىنسان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقسا، بەلكىم بىز مۇھاجىرەتتە نەچچە يىل داۋا قىلىپ ئاڭلىتالمىغان سادا جاھاننىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا ئەكس سادا قايتۇرۇشى مۇمكىن.

2017 - يىلى سېنتەبىر، ئەنقەرە

## ئىلھام توختىنىڭ «جەۋھەر» ى

ئىلھام توختى مۇئەللىم قامالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزى جەۋھەر ئىلھام ئاتا ئىزىدىن مېڭىپ، خەلقئارا سەھنىلەرگە چىقتى. ئىمكانى يەتكەن دائىرىدە دادىسىنىڭ بوغۇلغان ئاۋازىنى، ئۇيغۇرنىڭ ئۇنسىز يىغىسىنى دۇنياغا ئاڭلاتتى. ئۇ ئامېرىكىغا كېلىپ، ئوقۇشتا كەسپ تاللىغاندىمۇ سىياسەت ۋە ئەرەبچە ئۆگىنىشنى قارار قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىگە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشنىڭ كويىغا كىردى. ھازىر ئۇ ئىلھام مۇئەللىمگە بېغىشلانغان يىغىن ۋە مۇھاكىمىلەردە پىكىر بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاتا ئارزۇسىغا لايىق بىر قىز بولۇشقا باشلىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا.

سەھنىدە، جامائەت سورۇنلىرىدا ئۇتۇقلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىنىڭ كەينىدە بىزگە، بەلكى ھېچكىمگە كۆرۈنمىگەن كەچمىشى، ئائىلە تەربىيىسى، ئاتا-ئانىسىنىڭ تەسىرى بولىدۇ. بىزنى قايىل قىلغان مەردانە روھ تۇپراقسىز يېتىلمەيدۇ. مەن جەۋھەردىكى بۇ روھنىڭ قانداق يېتىلگەنلىكىگە شاھىت. بېيجىڭدا بولغان چاغلىرىمدا، مەكتەپ قورۇسىدا ئىلھام مۇئەللىمنىڭ قىزىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى كۆپ كۆرگەن. بۈگۈن مۇساپىرەتتە جەۋھەرنىڭ دادىسى ئۈچۈن قىلغان پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى سىنلارنى ھەر كۆرسەم، مەن كۆرگەن شۇ يېتىلەشلەرنىڭ پەقەت جەۋھەرنى يېتىلەپ مېڭىشلا بولمىغانلىقىنى پەرەز قىلىمەن.

ئىلھام مۇئەللىمنىڭ ئەڭ قاتتىق نازارەتكە ئېلىنغان ۋاقتى 2009 - يىلىدىكى 5 - تومۇز پاجىئەسىگە توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدا، ئىلھام توختى بىر ئايدىن ئارتۇق يوقاپ كەتكەن. خىتايدىكى زىيالىيلار ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىمزا تەشكىللىگەن بولۇپ، خىتايدا ئىمزا قويغۇچىلارنىڭ سانى 300 كىشىدىن ئاشقان ئىكەن. مەن ئىمزاچىلار قاتارىدىن تېلېۋىزورلاردا كۆپ كۆرىدىغان زىيالىيلارنىڭ ئىسمىنى ئىزدەپمۇ تاپالمىغان بىلەن يازغۇچى پەرھات تۇرسۇننىڭ ئىمزاسىنى بىر قاراپلا تاپقان ئىدىم.

ئۇ شۇ چاغدا ئىمزاغا جۈرئەت قىلغان ساناقلىق زىيالىينىڭ بىرى ئىدى. شۇ ئىمزانىڭ رولىمۇ ياكى خەلقئارا بېسىمنىڭ تەسىرىمۇ، ئىلھام مۇئەللىم قۇتۇلۇپ چىقتى. ئەمما جەۋھەر شۇ چاغدا دادىسىدىن بىر ئايدىن ئارتۇق مەھرۇم قالغان ئىدى. ئۇ دادىسى سەۋەبلىك تەقىپتە ياشىغان، نازارەتتە قالغان، ھېچبىر چۈشەنچىگە ئېرىشمىگەن.

تومۇز پاجىئەسىدىن كېيىن، ئىلھام مۇئەللىمنىڭ ھاياتى نەزەربەنت ئىچىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆيىدىن ساقچى ئۈزۈلمىگەن، ئىشىكىگە يىللاپ ساقچى ماشىنىسى توختىتىپ قويۇلغان، خىزمەتتىن توختاپ قالغان، ئىقتىسادى ئۈزۈلگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغان...ئىلھام توختىغا قىلىنغان تەھدىتكە سەبى جەۋھەرمۇ شاھىت بولغان، دادا كۆرۈۋاتقان زۇلۇم ئۇنىڭ غۇبارسىز بالىلىق ھاياتىغا قارا سايە تاشلىغان، باشقىلار ئېرىشكەن نۇرغۇن خۇشاللىقتىن مەھرۇم قويغان، قەلبىگە نۇرغۇن نېمە ئۈچۈنلەرنى كۆمۈلگەن. ئەمما جەۋھەرنىڭ بۈگۈنكى جاسارىتىگە قارىساق، يۇقىرىقى ئامىللار ئۇنىڭغا ھېچبىر سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەندەك ئەمەس.

جەۋھەرنىڭ دادىسى ھەققىدىكى بايانلىرىدىمۇ شۇ چاغدا تارتقان ئازاب ۋە كېيىنكى مۇشكۈلاتلار سەۋەبلىك ئاغرىنغانلىق ئىپادىلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ مەيلى دادىسىنىڭ مەيدانىنى قوغداشتىكى قەيسەرلىكىدە بولسۇن، مەيلى دادىسى ئۈچۈن ئادالەت تەلەپ قىلىشتىكى قەتئىيلىكىدە بولسۇن ياكى خەلقئارا سەھنىدىكى تەمكىنلىكىدە بولسۇن، ئۇنىڭدا پاراكەندە ئائىلە ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن بالىلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان تارتىنىش، ھودۇقۇش، جىددىيلىشىشتەك پسىخىك ئاجىزلىقلاردىن ئەسەرمۇ كۆرۈلمەيدۇ.

ئىلھام مۇئەللىمنىڭ قولىدا يېتىلگەن جەۋھەرنىڭ خاراكتېرى بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەمەلىيەتتە بالىلارغا تەسىر قىلىدىغىنى ئائىلىمىز ئۇچرىغان كۈلپەت، بېشىمىزغا كەلگەن مۇسىبەت، قەۋمىمىز يولۇققان زۇلمەت ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ يەنى ئاتا-ئانىلارنىڭ شۇلارغا قانداق يۈزلىنىشىمىز، قانداق تاقابىل تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى بالىلارغا قانداق چۈشەندۈرۈشىمىزدۇر. بىزنىڭ شۇنداق كەلگۈلۈكلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئاقىلانەلىكىمىز بالىلارغا ئەقىل ئۆگىتىدۇ، پىداكارلىقىمىز بالىلارغا قۇربان بېرىشنى ئۆگىتىدۇ، كۈلپەتكە يۈزلىنىشتىكى جاسارىتىمىزدىن بالىلار قەيسەرلىكنى

ئۆلگە ئالدۇ. ئەگەر بىز مۇشكۇلاتقا يولۇققاندا قورقۇپ تۇگۇلسەك، باللار بىزنىڭ ئەپتىمىزدىن ئۇ ئىشنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇقتەك ھېس قىلىپ كىرپىگە ئايلىنىدۇ، ئەكسىچە تەمكىن تۇرۇپ، ئەگىيدىغاندىن ئەگىپ، ئاتلايدىغاندىن ئاتلاپ، خىرىس قىلغانغا غەزەپ بىلەن تاشلىنالىساق، باللىمىز ئارسلانغا ئايلىنىدۇ.

ئەگەر ئىلھام مۇئەللىم كېچىلەپ سوراق قىلىنغانلىق سەۋەبلىك قورقۇپ، ئىشىك ئالدىدا كۆزەتتە تۇرغان پايلاقچىلاردىن ئەنسىرەپ، جىددىيلىشىپ، چېچىلىپ يۈرگەن بولسا باللار تېخىمۇ قورقۇپ تالاغا چىقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى. ئەگەر ئىلھام مۇئەللىم بېشىغا كەلگەن پىشكەللىكنى ئائىلىسىگە ۋەھىمىلىك بىر شەكىلدە چۈشەندۈرگەن بولسا باللارغا خۇدۇكسىرەش، ئېھتىياتچانلىق، ئىشەنچسىزلىك ئىللەتلىرى يوققان بولاتتى. ئەگەر ئىلھام مۇئەللىم ئۇيغۇرغا كەلگەن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى قىزىغا «سىڭگەن نېنىنى يېيىش، چوڭ ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق، ھەق ناھەق مەسىلىسىدە سۈكۈت قىلىش» دەپ چۈشەندۈرۈپ يۆۋاشلىق ھەققىدە ۋەز ئېيتقان بولسا، ئۆزىمۇ تەشۋىشتە ئۆيدىن چىقىشتىن ئەنسىرەپ مۆكۈپ ياشىغان بولسا، جەۋھەر بەلكىم مۇساپىرەتتە دادىسىز قالغاندىكى ۋەھىمە، مۇشكۇلاتلار ئالدىدا قەيسەرلىكنى، يېڭىشنى ئەمەس، قورقۇشنى، مۆكۈشنى ۋە سۈكۈتنى تاللىغان بولاتتى. ئەگەر ئىلھام مۇئەللىم ئۆزى دۇچ كەلگەن مۇشكۇلات ۋە كۈلپەتلەرگە تەمكىن، ئەقلىي مۇئامىلە قىلماي، مىللەت يولۇقۇۋاتقان ئازاپ-ئوقۇبەتكە قۇلاق يوپۇرغان، پەرۋا قىلمىغان بولسا جەۋھەر ھۆر دۇنيادا زۇلۇمغا قارشى مەيدانغا چىقىشنى ئەمەس، پىنھاندا پۇرسەت كۈتۈشنى، ئېھتىيات قىلىشنى لايىق كۆرۈپ، ئازاپتا قالغان ئىككى ئىنىسى ۋە ئانىسىنىڭ تىنىچ ياشىشى، بالاغا قالماسلىقى، تۇتۇلماسلىقى ئۈچۈن ئىلھام مۇئەللىمنىڭ داۋاسىنى قىلىشتىن ۋاز كەچكەن بولاتتى.

ئىلھام مۇئەللىم مۇددەتسىز كېسىلىپ كەتتى، ئەمما بۇ جەۋھەرنىڭ ئىرادىسىنى كېسەلمىدى. ئەكسىچە، بۇ كېسىم ئۇنى دادىسىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئىزباسارغا، دەۋاگەرگە ئايلاندۇردى. مۇھاجىرەتتە ھېچ سەۋەبسىز كېسىلگەن زىيالىيلارنىڭ باللىرى، ئۆلىمالارنىڭ پەرزەنتلىرى بار، ھەتتا تىنىچ مائاش ئېلىپ يۈرۈپمۇ جازالىنىپ كەتكەن كاتتىلارنىڭ ئەتىۋارلىقلىرى ئارىمىزدا، ئەمما ئاتا-ئانىسى كۆرگەن زۇلۇم، مىللەت يۇتۇۋاتقان زەردابلار ئۇلارنى نە نامايىشقا، نە سەھنىگە ئىتتىرىپ چىقالمىدى.

ئۇلار ئاتا-ئانىسى ۋەتەنىدە تاللىغان سۈكۈتكە، ئۇلارغا سىڭدۈرۈلگەن "سىڭگەننى يېيىش" روھىغا مۇھاجىرەتتە تۈرۈپ ساداقەت بىلەن ۋارىسلىق قىلىۋاتىدۇ. ھەتتا بەزى ئۇلۇغلارنىڭ ئايالى ۋە بالىلىرى ھۆر دۇنيادا تۇرۇپمۇ ناھەق قامالغان ھەمراھى، دادىسى، ئۇرۇق-باغلىرى ئۈچۈن بىر ئېغىز ھەق سۆزگە ئاغزىنى ئۇمەللەپ تاشلىمىدى، چۈنكى ئۇلار ئىلھام توختىدەك ئاتىنىڭ بالىلىرى ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ تۇتۇلغان ئاتىلىرى زۇلۇمنىڭ ئاستىدا بېپەرۋا ياشىغانلار ئىدى.

مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ، زۇلۇمنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇدۇم قالغان ۋە قېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقارغاندەك بولۇپ قالىمەن. بالىلارغا نېمىلەرنىڭ يادىكار قالغانلىقىغا نەزەر سالسام، زالىملارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مەزلۇملارنىڭ بېشىدا ياڭاق چېقىۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك تۇيغۇدا بولىمەن. چۈنكى كۆرۈۋاتقىنىمىزدەك، بەزى ئاتا - ئانىلاردىن بالىلارغا سىڭدۈرۈلگىنى، مىراس قالدۇرغىنى، ھەققەتنى ھىمايە قىلىش، ئۆز ھەققىنى قوغداش، غۇرۇرغا سادىق بولۇش، ئادالەت ئۈچۈن مەيدانغا چىقىش، ئاجىزغا ھامىي بولۇپ، زوراۋانغا قارشى تۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى چاقمىغان چايانىنى كۆرمەسكە سېلىپ، زېمىنىمىزغا يامرىغان يىلاندىن ئاۋايلاپ ئاتلاپ، «قالايمىقان» ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇپۇراتماي، خەلقىنىڭ بېشىدا كۆيۈۋاتقان ئوتقا قولىنى قاقلاپ ئىسسىنىپ، زۇلۇمغا قارشى چىققانلاردىن پەم بىلەن قول ئۈزۈپ، چىرايلىق جامائەتچىلىك قىلىپ، غۇرۇرى خورلانغاندا، جەينامازدا ئاھ ئۇرۇپ، بايلىقىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن سورۇن قۇرۇپ، ھۆكۈمەتتىن زۇلۇم كۆرسە زەردابىنى بىر - بىرىگە چېچىپ، دەردىنى ئىچىپ ئۆتۈش بولغان ئىكەن.

ھۆر دۇنيادا خۇدايىم بەرگەن بىر ئىلھام توختىنىڭ قىزى ۋە بىر - ئىككى ياشتىن باشقا كۆپىنچە داڭلىقلار جەمەتىنىڭ سۈكۈتنى تاللىشى بىزگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئائىلىلەردە ئەمەلىيەتتە نېمىلەرنىڭ كۆپرەك ئۇدۇم قالدۇرۇلغانلىقى ۋەقانداق ۋارىسلارنىڭ يېتىشتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرسە كېرەك. ئەگەر شۇ تۇتۇلغان ئۇلۇغلىرىمىز مىللەتكە ئۈگەتمەكچى بولغانىنى پەرزەنتلىرىگە ئۈگىتەلىگەن بولسا ئىدى، مىللەتنىڭ ئەمەس، ئاتا-ئانىسىنىڭ داۋاسىنى قىلىدىغان داۋاگەرلىرىنى ئالدىمىزدا كۆرگەن بولاتتۇق. ئەپسۇس، كۆرگىنىمىز پەقەت ئىلھام توختىنىڭ روھىنى جەۋلان قىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر قىزجەۋھەر ۋە ساناقلىق بىر قانچە جەۋھەرلەردۇر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئەرنىڭ ئىپپىتى

نامايىشلارغا قارايمەن، ئاياللار ئەرلەردىن كۆپ. گۇۋاھلىق فىلىملىرىنى كۆردۈم، ياغلىقچان باشلار دوپپىلىق باشلاردىن نۇرغۇن. ۋەتەندە قالغان ھەمراھى ۋە يۈرەك پارىلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىۋاتقانلار دائىم "ئېرىم، بالام" دەيدۇ. مۇخبىرلار كەلسە، كۆرىشەي دېگەن ئاياللارنىڭ تېلېفونلىرى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇلارنى ئويلىساملا پەخىرلىنىمەن. مۇشۇنداق ئاياللارنىڭ بارلىقى مېنى ئۈمىدلەندۈرىدۇ، پەخىرلەندۈرىدۇ. ئايال دېگەن سۆيگۈ، ئايال دېگەن ئانا، ئانا دېگەن ۋەتەن دېگەن شۇ. مۇشۇنداق ئاياللارنىڭ تاپىنىدا جەننەت تۇغۇلىدۇ، ۋەتەن تۇغۇلىدۇ.

ئۇلارنىڭ مۇخبىرلارغا تۆكۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەشلىرى، مەندىن: مۇشۇ ئېيتىلغان دەرتلەرگە قاچان داۋا تېپىلار، قىلغان داۋايىمىزنىڭ قاچان پايدىسى بولار؟ دەپ سوراشلىرىنى ئويلىسام، كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. چۈنكى مەن بىلمەيمەن، ئەمما بىلمەيمەن دېگەن سۆز ئاغزىمدىن چىقىشى بىلەن باشقا ياققا قارىۋالىمەن.

پاكىستانلىق ئەرلەرنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ داۋاسىنى قىلىپ، بېيجىڭغا بارغانلىقىنى بىلەتتىم. مەن پاكىستاندا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۆمەر ئۇيغۇرنىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇ خەۋەرگە ئېرىشكەن ۋە مەتبۇئاتلارغا يەتكۈزگەن ئىدىم. بۇ خەۋەر چىققاندىن كېيىن، بىر ئايال ماڭا: «سىز نېمىشقا ئۇيغۇر ئەرلەرنى پاكىستانلىق ئەرلەردىن ئۆگىنىڭلار دېمەيسىز؟ بېيجىڭغا بارالمىسىمۇ خىتاي ئەلچىخانىسىغا بولسىمۇ بارسۇن، سىز قايسى بىر ئەرنىڭ ئايالىنىڭ رەسىمىنى كۆتۈرۈپ نامايىشقا چىققانلىقىنى كۆردىڭىز. بوپتۇ ئۇنىمۇ قىلمىسۇن، ئايالى ئۇ ياقتىن كېتىپ بولغىچە بۇ ياقتىن ئۆيلىنىۋالمىسۇن... شۇ ئايالنى ئىزدەپ بېيجىڭغا بارغاننىغۇ ئەر دەيلى، ئايالىنىڭ، بالىلىرىنىڭ داۋاسىنى قىلماي، يېڭىدىن قىز ئېلىپ بېشىنى چۆكۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

ياشاۋاتقاننىڭ نەرى ئەر، نەرى ئادەم؟...» دەپ بوغۇلۇپ كەتتى ۋە ماڭا بۇ ھەقتە بىر يازما يېزىشنى تاپىلىدى.

تۇتۇلۇپ كەتكەن ھالال جۈپتىلىرىنىڭ داۋاسىنى قىلماپۋاتقان ئەرلەر ھەققىدە يېزىشنى خالىمىدىم. شۇ چاغدىلا ئۇ چوكانغا: «پايدىسى يوق، ئۇنداق ئەرلەر ماقالە ئوقۇمايدىغان، بولۇپمۇ مېنىڭ ماقالەمنى ئوقۇمايدىغان ئەرلەر» دېدىمىيۇ... شۇ سۇلغۇن چىراي، مۇڭلۇق بېقىشلار كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. بىر ئۇيغۇر ئايال ئۈچۈن، تۈركىيەدەك بىر دۆلەتتە تونۇمايدىغان بىر ئادەمگە پېتىنىپ بۇ گەپلەرنى دېمەك ئاسان ئەمەس ئىدى. ۋەتەنسىز، ئەرسىز ئايال ئامالسىز دەرت ئېيتىدۇ. مەنمۇ ھېچ بىر دەرتكە دەرمان بولالمايدىغان، چارىسىزلىككە گىرىپتار تۇمەنلىگەن ئۇيغۇرنىڭ بىرى.

شۇئان ئېسىمگە قايتا ئۆيلەنگەن بىر قانچە دوستۇم كەلدى. ختاينىڭ ئىچكىرىسىدە سودا قىلىدىغان، تۆت بالىلىق بىرەيلەننىڭ ئالىي مەكتەپنى يېڭى تۈگىتىپ، تۈركىيەگە كەلگەن بىر قىز بىلەن تويلاشقىنى، ئايالى ۋە بالىلىرىغا ئىگە بولاي دېگەن نىيەتنى قىلىپمۇ باقماي ياشاۋاتقىنى ئەقلىمدىن كەچتى. ئۇ ۋەتەندىمۇ پۇل تاپاتتى، پۇللۇق بولغان ئىدى. ۋەتەنسىزلىكتىمۇ پۇللۇق بولۇش كويىدا تىنىم تاپماي ئىشلەپ يۈرەتتى.

مېنىڭ شۇنداق دوستلىرىم ئېسىمگە كەلسىلا، ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىپ قالاتتىم، ھەر قېتىم ئايال - بالىلىرىنى ختايغا يەم قىلىپ بېرىپلا قايتا ئۆيلىنىپ، ئۇنىسىز ياشاۋاتقانلارغا قارىسامال، ساراڭلىقىمنى ئېتىراپ قىلاتتىم. ئۇلارغا نەچچە يىللاپ، ھەتتا نەچچە ئون يىللاپ بىللە ياشىغان قەدىناس ئايالى، مەسۇم بالىلارنىڭ كېرىكى يوق تۇرسا، ۋەتەننىڭ نېمە كېرىكى؟ مەن خوتۇن ۋە پۇللا بولسا ياشاۋېرىدىغان ئەرلەر، كىيىم ۋە ئۆيلا بولسا ياسىنىپ، تاراقلاپ تۇرمۇشنى داۋام قىلىۋېرىدىغان ئاياللار، مۇشۇنداق ئادەملەرنى دەپ، ئۇلار ياشايدىغان ۋەتەننى چۈشەپ، ئارزۇلاپ، ئۆرتىنىپ يۈرىۋاتامدىمەن؟ بۇ ساراڭلىق، سەۋدالىق بولماي نېمە؟ مەن ئايالىنى قويۇپ چىققان، يولغا سېلىپ قويغان، بالاغا تىقىپ قېچىپ چىققان شۇ دوستلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئېپىتى ھەققىدە ئويلىنىپمۇ ئولتۇرماي، ئېپەتلىك قىزلارنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ۋە نىكاھىغا ئالغىنىنى بىلمەن. ئۇلارنىڭ خىلۋەتتە: «سېنى بەختلىك قىلىمەن، ئەبەدى سۆيىمەن، قوغدايمەن» دېگەنلىرىنىمۇ پەرەز قىلالايمەن. ئەمما ئۇلارنىڭ شۇ گول قىز - چوكانلارنى قانداق قوغداش ھەققىدە بىرەر ھەپتىلىك

پىلان تۈزگەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن.

ئىستانبۇلدەك قىزلار ئاياللار ئورانغان، ئەرلەر دىندار كۆرۈنىدىغان، نامايىشتا، تويلاردا ئەر - ئاياللار بىر يەردە تۇرالمايدىغان، داقا - دۇمباقلىق تويلارمۇ بولمايدىغان بۇ شەھەردە بىر قانچە ئەرنىڭ ئەمەس، توي قىلىپ بولغان بىر نەچچە يۈز ئەر-ئايالنىڭ نىڭ بىر بىرى بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىغا ھەيران قالىمەن. ۋەتەن بىلەن ئالاقە تولۇق تاقالغانغا بىر يىلمۇ بولماي تۇرۇپ يىپيېڭى قىزلار بىلەن تونۇشۇپ بولغان ئەرلەرنىڭ ئۆيلىنىش ماھارىتى ۋە سۈرئىتى كىشىنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ. چۆچۈرىدەك باللىرىنىڭ ھىجرانىدا كۆيمىگەن، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھېچبولمىسا بىر يىل تىرىشىپ باقاي، ئىككى يىل چىداپ ھەرىكەت قىلاي دېمىگەن ئادەملەر ۋەتەننىڭ غېمىنى قىلارمۇ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ پىلانىنى تۈزەرمۇ؟

ئۇيغۇردا ئىپپەت ئاياللارنىڭ زىننىتى، ئاياللىق شەرەپنىڭ گۇۋاھنامىسى، ئاياللىق ئىززەتنىڭ ئەڭگۈشتىرى. ئۇيغۇر ئەر ئۈچۈن ئايالچۇ؟ ئەرنىڭ نومۇسى، غۇرۇرى، ئىپپىتى ۋە قەدىناس، مۇقەددەس ۋەتىنىدۇر. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز تاجاۋۇزچىغا قارشى جان بەرگەنكى ئاياللىرىنى بەرمىگەن، بىز خىتايغا، دارىنغا تېگىشنى رەت قىلغان نۇزۇگۇمنى قەھرىمان دەپ تەرىپلىگەن مىللەت. بىز قۇمۇلدا ئۇيغۇرنىڭ قىزىنى ئالىمەن دېگەن خىتاي ئەمەلدارىنىڭ جېنىنى ئالغان مىللەت، بىز قىز-ئاياللارنى غۇرۇرىمىز بىلىپ كۆرەشكەن، ئىنقىلاپ قىلغان ئۇيغۇر شۇ. چۈنكى بىز ئۈچۈن قىزلىرىمىز مىللەتنىڭ نومۇسى ئىدى. بىزگە ئايال دېمەك ئانا دېمەكتۇر، ئانا دېمەك ۋەتەن دېمەكتۇر.

بىز ئەرلەر ۋەتەندە تۈرمىلەرنى تولدۇردۇق، لاگىرلار قامالدۇق، چەتئەللەرگە ھىجرەت قىلدۇق، قىز ئاياللىرىمىز، گۈزەل نازىنىنلىرىمىز، ئىپپىتىمىز خىتايغا ئولجا قالدى، ئىززىتىمىز ئاياللىرىمىزدەكلا ئاياق ئاستى بولدى. ئۇلارغا جان بېرەلمىدۇق، ئۇلار قامالغان لاگىرلارغا بارالمىدۇق، ئۇلار تەلمۈرۈپ تۇرغان كامىرلارنى چاقالمىدۇق، مۇھاجىرەتتە ھېچ ئىش قىلالمىساق، سۈرگۈندە ھېچبىر ھەرىكەتكە غەيرەت قىلالمىساق ھازا تۇتامدۇق، ماتەمدارمۇ بولامدۇق؟ شۇ نارەسىدە باللىرىمىز: «دادا، بىزسەندىن ئايرىلىپ قاماقتا ياتقاندا، سەن نېمە قىلىشنى پىلانلىغان، نەچچە

يىلدا بىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا كۆزۈڭ يەتكەن، بىزگە نېمىلەرنى تەييارلىغان؟» دەپ سورىسا: «باللىرىم مەن ئاناڭلارغا كۆندەش، سىلەرگە بىر ئۆگەي ئانا تەييارلىغان، سىلەر قامالغاندا مەن يېڭى خوتۇننىڭ پىلانىدا، يېڭىچە ھوزۇرنىڭ تاماسىدا يېڭى تويىنىڭ تەييارلىقىنى قىلغان ئىدىم» دەمدۇق؟

ئۇيغۇر ئىپپەتلىك مىللەت، ئىپپەت ئۇيغۇر ئۈچۈن ۋەتەندۇر. ئىپپەتنى ساقلايدىغان نەرسە تەندىكى گۆش ئەمەس، يۈرەكتىكى روھ. ئىپپەتنى خىتايغا تارتقۇزۇپ قويغان مىللەت بولغان ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بەزى ئەرلەرنىڭ ئىپپەت ئىزدىمەي، يەنە ئىپپەتلىك قىزلارنى ئىزدەپ يۈرۈشى، غورۇرى پايخان بولغانلىقتىن ماتەملىك تون ئەمەس، تويلۇق لىباسلارغا پۈركىنىشنى خىيال قىلىپ يۈرۈشى كىشىگە ئۆزىنى ۋەتەنسىزلەرنىڭ يېنىدا ئەمەس، ۋەتەن تىلەۋاتقان ئىپپەتسىز تىلەمچىلەرنىڭ قېشىدا تۇرۇپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

## ئەڭ خەتەرلىك ئىستىلا

ئىستىلا ھەربىي ئىستىلا، ئىقتىسادىي ئىستىلا ۋە مەدەنىيەت ئىستىلاسى دېگەن بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھازىر ھەربىي ئىستىلا قىلىشنىڭ دەۋرى ئۆتتى. بۇرۇن ئەنگلىيە ھەربىي ئىستىلا قىلغان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا ھازىر خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئىستىلاسى ھۆكۈمران، خىتاينىڭ پۇلى ئىشلەيدۇ. خىتاي تېلېگراف شىركەتلىرى مۇلازىمەت قىلىدۇ. مانا بۇ، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئىستىلاسى. مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان تالىبانلار، دائىش، ئەلقائىدە قاتارلىق گۇرۇھلار ئۆزئارا ئېلىم - بېرىمدە دوللار ئىشلىتىدۇ. مانا بۇ، ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئىستىلاسىنىڭ ئۆزىنى ئامېرىكىغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغانلار دەپ قارايدىغانلار ئۈستىدىكى ئىپادىسى.

مەدەنىيەت ئىستىلاسى ئىستىلالارنىڭ ئىچىدە ئەڭ خەتەرلىكى، ئەڭ ئۇزۇن داۋام قىلىدىغىنى ۋە ئەڭ تولۇق بويسۇندۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولغىنىدۇر. مەدەنىيەت ئىستىلاسىنىڭ نېگىزىدە تىل ئىستىلاسى، تەپەككۇر ئىستىلاسى ياتىدۇ، مەسىلەن، فرانسىيە شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئافرىقىدىن چېكىنگەن بولسىمۇ، فرانسۇز تىلى يەنىلا بۇ ئەللەرنىڭ دۆلەت ۋە مائارىپ تىلى بولۇشنى داۋام قىلىۋاتىدۇ. دېمەك، شىمالىي ئافرىقىدا فرانسىيەنىڭ ھەربىي ئىستىلاسى ئاياغلاشقان بولسىمۇ، مەدەنىيەت ئىستىلاسى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئىستىلا يېقىنقى بىر مەزگىلدە ئاياغلىشىدىغاندەك ئەمەس.

مەدەنىيەت ئىستىلاسىنىڭ يىلتىزى تەپەككۇر ئىستىلاسى بولۇپ مائارىپ، تەشۋىقات ۋە تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇيغۇردەك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇستەملىكە قىلىنغان بىر مىللەتنىڭ تەپەككۇرىدا ئىستىلانىڭ ئاسارەتلىرى ھەر زامان ئاشكارە بولۇپ تۇرىدۇ. تەپەككۇر ئىستىلاسى تىل ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدۇ. قايسى تىل ھۆكۈمران رايوندا ياشىغان بولساق، شۇ تىلدىكى تەپەككۇرنىڭ ئىستىلاسىغا دۇچار بولىمىز. خىتايدا «مىللەتلەرئىتتىپاقلىقى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، كوممۇنىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» دېگەندەك شۇئارلارنى يادلاپ چوڭ بولغان ئۇيغۇرلار مۇھاجىرەتتە شۇئارۋازلىق قىلىدۇ، سەۋەبى گەرچە خىتايدا ياشىمىسىمۇ، ئاللىقاچان خىتاينىڭ تەپەككۇر ئىستىلاسىغا كۆنۈپ بولغىنى ئۈچۈن، بىرلىك - ئىتتىپاقلىق شۇئارىنى توۋلاشقا ئامراق، يىغىلىپ يىغىن ئېچىشقا خۇشتار. مەسىلەن، ئىستانبۇلدا 21 دەرنەك يىغىن ئېچىپ، يەپ - ئىچىشكەندە ئىتتىپاقلاشقان بىلەن بىر بىناغا يىغىلىپ خىزمەت قىلىشقا كېلىشەلمەيدۇ. ئۇلار ئىجارە ئۈچۈن، ئىش ھەققى ئۈچۈن نۇرغۇن چىقىملارنى قىلىشقا رازى بولىدۇ - يۇ، بىر بىناغا يىغىلىپ ئىجارە، خادىم ۋە ئۈسكۈنە چىقىملىرىنى تېجەشنى ئەپلەشتۈرەلمەيدۇ.

خىتاينىڭ كىشىلەرنى كوممۇنىزىم ئەتراپىغا يىغماقچى بولغان ئاۋارىچىلىقى مائارىپ ۋە تۈزۈمنىڭ تەسىرى بىلەن تەپەككۇرىمىزنى ئىستىلا قىلغان بولغاچقا، بىزمۇ ئىنسانلارنىڭ بىر ئىدىئولوگىيەلىك شۇئار ئەتراپىغا يىغىشقا خۇشتار.ئورتاق شۇئارغا ئەمەس، كونكرېت مەنپەئەت ئەتراپىغا يىغىلغاندىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ھەقىقي ئىتتىپاقلىق بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايمىز. بۇ خۇددى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ ھوقۇقتىكى، مەنپەئەتتىكى باراۋەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي، شۇئاردىكى ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەپ،«مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى» توغرۇلۇق توختىماي يىغىن ئېچىشىغا ئوخشايدۇ.

خىتاينىڭ تەپەككۇر ئىستىلاسى يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە دېموكراتىك ئەللەردە ياشاپمۇ دېموكراتىك سايلام قىلالماسلىق، ئاشكارىلىق تەرغىپ قىلىنىدىغان ئەلدە تۇرۇپمۇ خىزمەت ۋە مالىيەدىن ئاشكارە دوكلات بەرمەسلىك، كۆپ پارتىيەلىك ئەلدە تەشكىلات قۇرۇپ تۇرۇپ ئوخشىمىغان پىكىردىكىلەرنى چەتكە قېقىش... قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. مانا بۇ، خىتايچە تەپەككۇرنىڭ بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ، بولۇپمۇ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر رەھبەرلەرنىڭ قەلبىنى ئىستىلا قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدا ھازىر يۇقىرىقى ئۈچ ئىستىلانىڭ ھەممىسى مەۋجۇت. ھەربىي ئىستىلا ھامان بەربات بولىدۇ، ئىقتىسادىي ئىستىلامۇ مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئاجىزلىشىدۇ، ئەمما مەدەنىيەت ئىستىلاسى ئەجەللىك ئىستىلادۇر. مەدەنىيەت ئىستىلاسى تىلدا، تەپەككۇردا، مىجەزدە بىۋاسىتە كۆرۈلىدۇ ۋە ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇلاردىن بىزگە سىڭگەن سۆز، ئىدىيە ۋە ئادەتلەرنى قانداق چۈشىنىش، قانداق تازىلاش ۋە قانداق رەت قىلىش ھەققىدە ئويلىنامدۇق ياكى تاقابىللىق ھەققىدە ئويلانماي، گۈلخان ئەتراپىدىكى پەرۋانىگە، قاينام ئەتراپىدىكى غازاڭغا، تۈگمەنگە قويۇلۇۋاتقان ئۆگۈتكە ئوخشاش توختىماي قۇربان ياكى يەم بولامدۇق؟"ياق" دېسەك، تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قانداق چارىلەر بار؟ ئويلىنىش كېرەك.

## ئەلھەمدۇلىللاھ تۈرك مەن

مەن بىر تۈرككە ھەيران قالغان يەر بېيجىڭ ئىدى. ئۇ چاغدا مەن تۈركىي تىللار فاكۇلتېتىدا ئوقۇغۇچى ئىدىم. تارىخنى ياخشى كۆرىدىغان ئۇيغۇر بولغانلىقىم ۋە كەسپىم مېنى تۈركلەرگە ئالاھىدە مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان قىلىپ زەرەتلەپ تۇراتتى. شۇ سەۋەبلىك بولسا كېرەك، ھاياتىمدا ئۇچراتقان تۇنجى تۈرك ۋە ئۇنىڭ تۇنجى سۆزى خاتىرەمدىن پەقەتلا كۆتۈرۈلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ سۆز ئۇ چاغدا مەن كۆنگەن ۋە تۈركلەردىن ئاڭلاشنى كۈتكەن سۆزلەردىن پەرقلىق ئىدى.

90 ـ يىللاردا بېيجىڭدا بىر قىزغىنلىق مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇيغۇر بالىلار ھەر جۈمە كۈنى مەسجىدلەرنى تولدۇراتتى. مەكتەپلەرگە تەبلىغلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، خۇتبىلەر ئوقۇلاتتى. مەخپىي بېسىلغان دىنىي كىتابلار تارقىتىلىپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارغا قۇرئان يېتىشمەي، سەئۇدىي ئەرەبىستان ئەلچىخانىسىغا قۇرئان سوراپ بارغىنىمىز ئېسىمدە. ئۇلارنىڭ قۇرئان تارقاتقان چاغدا ئېسىمگە ئۇيۇپ قالغان، خۇددى بىزگە سەدىقە تارقاتقاندەك ھاكاۋۇر تۇرقى، بىزنىڭ قۇرئاننى سۆيۈپ پېشانىمىزگە تەگكۈزۈشلىرىمىزگە پۇتۇنلەي زىت بىر مەنزىرە ئىدى.

مەن ئەرەب شاھلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ھالاۋەت ۋە ئىسراپلىرى ھەققىدە كۆپ ئوقۇغان بولغاچقا، بۇ كىبىردىن بەك ھەيران قالمىغان ئىدىم. ئەمما بىزنىڭ قۇرئانغا ئېرىشىمىز دەپ ھاياجان بىلەن قول باغلاپ كىرىسلودا ئولتۇرغان ھالىتىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىمىزغا قۇرئاننى تاشلاپ: "ياللا، ياللا!" (ماڭە، ماڭە) دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى كەسكىن بىر سېلىشتۇرمىنى ھاسىل قىلىپ، خاتىرەمدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ سۆزگە شۇنچىلىك ئۆچ بولغان ئىدىم. ئەگەر شۇ چاغدا بېيجىڭدا قۇرئان سېتىلغان بولسا، سەبداش دوستلار مېنى ئىنگىلىزچە بىلىدۇ دەپ ئۈمىد

كۆتۈپ ئەۋەتمىگەن بولسا، ئۇنداق يەرگە ھەرگىز بارمىغان بولاتتىم.

ئوقۇشۇمنىڭ ئاخىرقى يىلى قۇربان ھېيت نامىزىنى بېيجىڭدىكى تۇڭگانلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەسجىدى بولغان نيۇجيېدە ئوقۇشنى قارار قىلدىم. نامازغا ئافرىقا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان مۇسۇلمانلار ئىشتىراك قىلدى. ئۇلارنىڭ مىللىي كىيىم -كېچەكلىرىدىن قەيەرلىك مۇسۇلمان ئىكەنلىكى روشەن ئىدى. نامازدىن كېيىن، ھويلىدا مۇسۇلمانلارنى چۈشىنەي، ئىنگلىزچەمنى مەشىق قىلاي دەپ ئۇنىڭ - بۇنىڭدىن گەپ سوراپ يۈرۈپ، بىر كىشىگە كۆزۈم چۈشتى.

ئۇ كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىغان بولۇپ، ئەتراپتىكى باشقا مۇسۇلمانلاردىن تامامەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. چىرايىدىن مىللىتىنى جەزم قىلالماي، ئىنگلىزچە سورىدىم ۋە جاۋابىغا تاڭ قالدىم. قۇلاقلىرىمغا ئىشىنەلمەي، ئۇنىڭغا: «ئەلھەمدۇلىللاھ تۈركۈم!» دېگەننى ئىككى قېتىم دېگۈزگىنىم ھېلمۇ ئېسىمدە. مەن ئادەتتە: «ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمانمەن!» دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان بىلەن، «ئەلھەمدۇلىللاھ تۈرك مەن» دېگەن بۇ ئىنكاسنى ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن.

مەن ھاياتىمدا تۇنجى ئۇچراشقان ۋە ھەيران قالغان بۇ تۈرك كىشى بىلەن شۇندىن كېيىن نېمىلەرنى دېيىشكىنىم ئېسىمدە يوق. ئۇ چاغلاردا بىز تۈركلەرنى ئاجايىپ مۇسۇلمانلار دەپ چاغلايتتۇق، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن "ماشائاللاھ، ئىنشائاللاھ" تۆكۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق. ئۇ مەسجىدنىڭ ئالدىدا شۇنچە كۆپ مۇسۇلمان ئارىسىدا تۇرۇپ، قانداقسىگە ھېچ ھېيقماستىن ھەممە ئادەم «ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمانمەن» دەيدىغان سۆزنى «تۈركمەن» دەپ ئۆزگەرتەلىدى؟

شۇندىن كېيىن تۈركىيەدە، مىسىردا ۋە سەئۇدىي ئەرەبىستاندا تۈركلەردىن بۇ جاۋابنى كۆپ ئاڭلىدىم، كۆنۈپمۇ كەتتىم. ئەمما بۇ جاۋاب بىلەن باغلانغان چۈشەنچە ۋە مەنىلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشماسلىقى، ئۇيغۇرلۇق بىلەن مۇسۇلمانلىقنىڭ بارغانچە ئايرىلىپ: «بىز ئۇيغۇرمۇ، مۇسۇلمانمۇ؟» دېگەن مەنتىقسىز مۇنازىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ سۆيۈنۈپ تۇرۇپ: «مەن ئەلھەمدۇلىللاھ ئۇيغۇرمەن»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېيەلمەسلىكى، مېنى ھازىرغىچە ئويلاندۇرۇپ كەلدى.

شۇبھىسىزكى، «ئەلھەمدۇلىللاھ» بىز ئۈچۈن مۇقەددەس كەلىمە، مەن يادلىغان،چۈشىنىپ باقمىغان. بىزگە بۇ سۆزئۈنى چۈشەندۈرۈپمۇ قويالمايدىغان بوۋا-موملاردىن سىڭگەن، مىراس قالغان. «ئەلھەمدۇلىللاھ» نى كىچىكىمىزدە موللامدىن ساۋاق ئالغاندا، چوڭ بولغاندا ئىمام ۋە خاتىپلاردىن تەبلىغ ئاڭلىغاندا، ئىلاھىي تۇيغۇلار ئىچىدە دەيمىز، بۇ سۆزنى ئاللاھنىڭ سۆزى سۈپىتىدە بىلىپ قۇلاق سالىمىز. ئەمما مەنىسى ھەققىدە شۇ تۈركتىن تۇنجى ئاڭلىغىچە شەخسەن مەن ئويلىنىپ باقمىغان ئىكەنمەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تۇنجى بولۇپ شۇ تۈركتىن ئاڭلىغان بولدۇم. بۇ "ئاللاھقا ھەمدى ئېيتىمەن" دېگەن مەنىدە ئىكەن.

شۇندىن كېيىنكى يىللاردا تۈركىيەگە كېلىپ بۇ سۆزنىڭ بەكمۇ كەڭرى دېيىلىدىغانلىقىنى بىلدىم. تۈركلەرنىڭ ئىسلامنى تۈركچە ئۆگىنىپ تۈركچە چۈشىنىدىغانلىقىغا شاھىت بولدۇم. ۋەتەنگە قايتىپ، مەنمۇ ئىلھام ئېلىپ:«ئەلھەمدۇلىللاھ ئۇيغۇرمەن» دەپ باقتىم، ئەمما ھېچيەردە قوبۇل قىلىنمىدى. مەن شۇنچە يىل مۇئەللىم بولۇپ ھېچبىر ئۇيغۇرنى «ئەلھەمدۇلىللاھ ئۇيغۇرمەن» دېيىشكە قايىل قىلالمىدىم. بەزىلىرى ئالدىمدا يۈز كېلەلمەي، گەپ تېپىپ بېرەلمەي قايىل بولغاندەك بولاتتى -يۇ، ئەمما قوبۇل قىلمايتتى.

مەنچە «ئەلھەمدۇلىللاھ تۈركمەن» دېگەن سۆزنىڭ: «ئەلھەمدۇلىللاھ ئۇيغۇرمەن» دېگەن شەكىلدە ئۇيغۇرنىڭ تىلىغا سىڭمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، بۇ «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلانغان مەنىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەنمەسلىك مەسىلىسى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئاللاھنى مەدھىيىلەشتە ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ھەر قانداق ئىلتىپاتلىرىنى كۆزدە تۇتقان بولساق، ھېچ ئىككىلەنمەي ئاللاھنىڭ بىزنى ئۇيغۇر قىلىپ ياراتقان، ئۇيغۇرغا خاس بىر ئائىلىگە ئاپىرىدە قىلغان ھىممەت ۋە ھېكمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىشنى توغرا تاپقان بولاتتۇق. ئېنىقكى، بىز بىر خىتاينىڭ ئۆيىگە، خىتاي مەدەنىيىتى ئىچىگە تۇغۇلغان ياكى بۇلاپ كېتىلگەن بولساق، ئۇيغۇر بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

«ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمانمەن» دەپ «ئەلھەمدۇلىللاھ ئۇيغۇرمەن»

دېيەلمەسلىك، ئۇيغۇرلۇقنى ئاللاھقا مەدھىيە ئوقۇشقا لايىق بىر ئىلتىپات دەپ چۈشەنمەسلىك، دىنىنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇلىشى، ئەرەب تىلىنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلۇقنى ئاللاھقا باغلىيالماسلىق كىشىلەردىكى دىنغا دائىر ئىشلاردا ئۆزى كاللا قاتۇرماي، ئويلانماي، قارار چىقارماي، موللىلارغا ئەگىشىشنى ئادەت قىلغان، دىنىنى مۇرەككەپ ئويلاپ، تېزگىنىنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇشقا كۆنگەن بىر ھالەت سەۋەب بولۇۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھالەت تۈركلەردە ئۆزگەرگەن بولغاچقا، ئۇلار: «مەن ئەلھەمدۇلىللاھ تۈركمەن» دېگەن سۆزنى دېيىشتىن قىلچە ئىككىلەنمەيدۇ.

ئۇيغۇرنىڭ تۈركلەردەك غورۇرلىنىپ تۇرۇپ: «ئەلھەمدۇلىللاھ ئۇيغۇرمەن» دېمىكى ماڭا ھېلىمۇ ئاسان ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ. تۈركىيەدە ئۇلىما دوستلىرىمنىڭ: "دىنىنى تۈركچە ئۆگەنسە بولامدۇ - بولمامدۇ؟" دەپ مۇلاھىزە قىلىشلىرىغا قاراپ، ئۇيغۇر ئىخلاسمەنلەرنىڭ دىنىنى ئۇيغۇرچە ئۆگىنىپ، ئاللاھقا ئانا تىلىدا مەدھىيە ئوقۇشىنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: شادىيە ھاشىم

بۇ كىتاپتا تۈركىيە جەمئىيىتىنى، ئۇنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە پىكىر مەنبەسىنى چۈشىنەلىدىم. بۇ ئەلدە سىياسەت، ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشچان، لېكىن سىياسىيون ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ قارارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئورتاق تارىخ، خۇي، ئوي ۋە خىياللار ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن، ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە تۈركلەر ھەر خىل پىرلارغا قول بېرىشىپ، جامائەتلەرگە بۆلۈنۈپ ياشىغان بولسا، ھازىر ئىدېئولوگىيەلەر بويىچە پارتىيەلەرگە ئايرىلىپ ياشايدۇ. خۇددى تارىختا پىرلار ئالماشمىغاندەك بۈگۈنمۇ پارتىيەلەرنىڭ باشلىقلىرىمۇ يىللاپ ئالماشمايدۇ. بۇ يەردە كىشىلەر پارتىيە تۇتماي، بىرەر پىرنىڭ پېشىگە ئېسىلماي قالمايدۇ، تەرەپبازلىق ھەتتا ئۆزئارا دوستلۇقنىمۇ يىمىرىپ تاشلايدۇ. تۈركلەر خىتاي كوممۇنىستلارنىڭ ساختىپەز، زالىملىقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ پەريادىدىن ئاسانلا چۈشىنىدۇ، ئەمما قوزغىلىشى تەس، قوزغايدىغىنى كاستۇملۇق ۋە تونلۇق پىرلار. تۈركلەر تەبىقچىلىك، پاراخورلۇق، تەرەپبازلىق ۋە جاھالەتتىن قۇتۇلماي، پىرلاردا خىتايغا بولغان تاما، خامخىيال ۋە شەيدالىق ئۆزگەرمەي تۇرۇپ زۇلۇمغا قارشى چىقمايدۇ. ئاۋام ئادالەتسىزلىككە چىدىماي ئەمەس، پىرلار مەيدانلارغا چاقىرغاچقا چىقىدۇ.

كىتاپتا باللار ۋە ئاتا-ئانىلىقنى يازدىم، ھاياتنى ۋە تارىخىمىزنى قازدىم، ئۆزگىلەردىكى بايقاشلار ۋە ئۆزىمىزدىكى ھېكمەتلەرنى قەلەمگە ئالدىم. كىتابتىن مەيداندىكى ياش، ئائىلىدىكى ئانا، ئىشتىن قايتقان دادا ۋە ۋەتەننى سېغىنىپ مۇڭلانغان بوۋاي، مومايلارمۇ زوق ئالسۇن دەپ مەزمۇنلارنى قىسقا، قىزىقارلىق ۋە قىسسەلىك يېزىشقا تىرىشتىم..

ئۇيغۇرىيار فوندى